1

1989



# بۇلاق


www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

**10-يىل نەشرى**

ئومۇمىي 26-سان

1989

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
مۇھەررىرلەر: نىجات مۇخلىس، پەرىدە ئىمىن، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت،
يالقۇن ئىسمائىل

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئىي، ئىمىن تۇرسۇن.

---

# بۇلاق

## بۇ سانىدا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىدىن.................................... 5
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ يۇسۇپ
شېئىرىي مەكتۇبلار....................ئابدۇجېلىل داموللاھاجى 36
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلھېكىم مەخدۇم ھاجى
ئەھمەدى شېئىرلىرىدىن....................مەھەممەتروزى ئاخۇنۇم 57
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەرشىدىن راشىدىن، مەھەممەتتوختى ئابدۇۋاقى

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھۆۋەيدا شېئىرلىرىدىن....................خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى 83
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

«تۈركى تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى.................... 105
روبېرت دانكوف، جامىس كېللى 83
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئامىنە ئابدىراخمان

### مەشھۇر كلاسسىكلار

خۇشھال فەرىبىي ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار....................ئا. جەلىلوپ 122
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەبىجان تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن


ئىرىشخان (داستان)........................................ 125
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ ئىمىن
ئەقىللىق مەلىكە (چۆچەك)........................................ 142
رەتلىگۈچى: تۇرسۇن موللاەت
تەدبىرلىك سوتچى (چۆچەك)........................................ 146
ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى........................................ 150
رەتلىگۈچى: تېيىپجان ھاجى، ماخمۇت مۇھەممەت
ئاتا - بوۋىلار نەسىھەتلىرىدىن ........................................ 159
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاكىم مۇسا
چاغاتايچە لۇغەت «ت» ........................................ 170
تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن



رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات ۋە نەققاش: نىياز كېرىم (شەرقى).
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇپېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: سادىر پالۋان (تەمسىلگۈچى: شىرىپ خۇشتار).
2 - بېتىدە: شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئىلى سايرامى (تەمسىلگۈچى: شىرىپ خۇشتار).
3 - بېتىدە: (يۇقىرىدا) ئابدۇقادىر داموللام، (تۆۋەندە) ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسىدىكى ئايرىم بەتلەرنىڭ فوتو نۇسخىسى.
4 - بېتىدە: مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى (شىرىپ خۇشتار فوتوسى).




# ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ يۈسۈپ

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇۋارىس — ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتچى دېموكرات بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئالىم، شائىر ۋە جامائەت ئەربابىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام 1862 - يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا دۇنياغا كېلىپ، قەشقەر، بۇخارا مەدرىسلىرىگە بېرىپ ئوقۇغان. كېيىن، يېڭىچە مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىش، مەدرىسلەردە مۇدەررىسلىك قىلىش جامائەت خىزمەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئىلىم - پەن بىلەن ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش، ئويغىتىش يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىپ، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىچە ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا «سەرپ نەھۋى» (مورفولوگىيە - سىنتاكسىس)، «ئىلمى تەجۋىد» (قىرائەت)، «ئىلمى ھېساب»، «ئاقائىد زۆرۈرىيىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «تەئلىمۇس - سىبيان» گۆدەكلەرگە تەلىم)، «نەسائىھۇل ئەتفال» (ياش ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «نەسىھەتى ئاممە» (ئاممىغا نەسىھەت) «مىفتاھۇل - ئەدەب»... قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «جەۋاھىرۇل ھەقائىق» (ھەقىقەت جەۋھىرى) ناملىق ئەسىرى ھازىر مىسىردىكى ئەزھەر ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئابدۇقادىر داموللام يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەق - ئادالەتنى كۆيلەيدىغان، ئەينى زاماندىكى پارىخورلۇق، تۆرىچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، قاششاقلىق، مەككارلىق، تەررارلىق قاتارلىق يارىماس ئادەتلەرگە نەپرەتلىنىپ، شىكايەت بىلدۈرگەن شېئىر - مۇخەممەسلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەر بەدىئىي تىل، ھەجۋىي كۈچىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن نەپسانىيەتچىلەرنىڭ تازا يېغىرىغا تەگكەن.

ئابدۇقادىر داموللام پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىگە قەدەر مەشھۇر بولۇش بىلەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا ھۆرمەت ۋە قىزىقىش قوزغىغان بولۇپ، داموللامنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرى قازان «مىللەت» مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن قاتارلىقلارنىڭ فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان مىللەتلەرنى ئۆچمەنلەشتۈرۈش، مىللىي كەمسىتىش، خۇ-

راپات بىلەن خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىلمىي باراۋەرلىك، ئىناقلىق، بىرلىك، ئىلىم - مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋەتەنپەرۋەر ئالىم خەلقى تەشكىللەپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتىلغان ئوچۇق - ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە، خەلقنىڭ ئېگىنى زەھەرلىشىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇنىڭدىن تەشۋىشكە چۈشكەن، ئىچكى ۋە تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىرلىشىپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، ئابدۇقادىر داموللامنى 1924 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر كونا ئوردىدىكى ئۆيىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئۆلتۈرىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئالىمنىڭ پاك خاتىرىسى خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە. مەن بۇ يەردە مەرھۇمنى ياد ئېتىپ، ئەسلىگەن ھالدا، ئۇنىڭ تۈركىي شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى نەشىرگە تەييارلاپ چىقتىم.

قول يازما 44 - بەتتىن باشلانغان بولۇپ، ئېھتىمال باش قىسمى كۆچۈرۈلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بۇ تەييارلاپ چىققىنىم — ئەنە شۇ 44 - بەتتىن 140 - بەتكىچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «مۇخەممەس» ۋە «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئورۇن ئالغان. قول يازمىنىڭ 143 - بەتتىن 203 - بەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بىدىلى، سەئدى، جامى، سەيپى قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىك رۇبائىلىرى ۋە داموللامنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى بار.

## مۇخەممەس

بۇ زەماندىن نەچچە ئەفسانە ھىكايەت ئەيلەيىن،
كۆڭلۈمە ناقىسغە يەتكەندىن رىۋايەت ئەيلەيىن،
چەرخى مەككار ھىيلەسىدىنكىم كىنايەت ئەيلەيىن،
ئەھلى ئالەمدىن نەچە تەئرىف شىكايەت ئەيلەيىن،
دەر تەسەللىم بولسە مۇنسىف زىمرەد ئەھلى زەمان.

قازى ئەئلەمگە نەخۇش تەقۋا كەمالەت قىلسەلەر،
ئىككى ئالەم تائەتىدىن خۇب ئەدالەت قىلسەلەر،
مۇفتىكىم قىلماي زەئىف تەرجىھ رىۋايەت قىلسەلەر،
بۇ قەبىلە نى ئەجەب جەننەتدە راھەت قىلسەلەر،
خۇش بولۇپ ئالقاپ دۇئا قىلمىش رەئىيەت ھەرزەمان.

ۋەلئەيازەن بىللاھ ئول ئالەمگە بولسە فارەگىر،
ھېچ سۇراغىن بىغەرەز سورماس دېگىلكىم خارەگىر،

ئەھلى دۈشنام پۈرغەزەپ بولسە دېگىلكىم يارەگىر،
ھېچ بىرى ئېرمەس بۈدۈر ۋەللاھۇ ئەئلەم نارەگىر،
ھۆكمىدە تەئسىرى قالماي يانغۇسى ئەھلى زەمان.

ۋەھ، نە خۇش، ۋالى رەئىيەدىن خەبەردار ئولسەلەر،
جانۇ دىلدىنكىم ئەدالەت بىرلە غەمخار ئولسەلەر،
بىۋەلەرگە رەھمۇ شەفقەت بىرلە دىلدار ئولسەلەر،
نامدارلار زۇلم، يوقلۇقدىنكى زەردار ئولسەلەر،
دەۋلەتى ئۈمردگە دائىمدۇر رەئىيە ھەر زەمان.

بولسە ھالىمدىن رەئىيە بىخەبەر، بىئىزتىراب،
تاشلاسە دوزغە دىۋانغە يۇرتىنى ئول قىلسە خەراب،
دەئۈدگەر كەلسە ئۈنىڭ ئىلكىلە قويىنغە قاراپ،
قىلسە راست يالغاننى، راستىنى قىلسە يالغان فۇل ماراپ،
بۇ سەبەبدىن ھەم رەئىيە ھەم خەراب ئولمىش زەمان.

بىر نەچە ئامى بولۇپ ئەئلەم، بەسى تاپتى مەرام،
باشلابان قىشلاقلانى ئۈز رايىچە ئەيلەپ خىرام،
نې دىسە ھە دەپ ئەۋام بىچارە قىلمىش ئېھتىرام،
لىك مۈنداغ نەچچەسى بىر بولسە قوي بولمىش ھەرام،
مۈنىچۈن چىقتى ھەمە ئەندازەدىنكىم ھەم زەمان.

ۋالى ئولكىم، ھەر قاچان ئاجىز كېلىپ داد ئەيلەدى،
ئەدلۇ شەفقەت ئەيلەپ ئانىڭ كۆڭلىنى شاد ئەيلەدى،
گويىياكىم كەئبە ۋەيران ئولدى، ئاباد ئەيلەدى،
پايىدارۇ دەۋلەتىنى بىشەك ئول ياد ئەيلەدى،
نې سەئادەتدۇر رەئىيەگە بۇرەك ۋالى زەمان.

خالىسەن لىللاھ ئەدالەت قىلسەلەر بىر سائەتى،
ئانچە باركىم قولغە كەلدى، ئىككى ئالەم تائەتى،
بولسە دائىم ئەدلۇ شەفقەت بىرلە ۋالى ئادەتى،
بىشەك ئول فىردەۋسى ئەئلا ئىچرە تاپتى راھەتى،
خۇش سەئادەتدۇر بۇ يەڭلىغ بولسەلەر ۋالى زەمان.

قىلسە يۇرت كارىنى ئاخۇند، بەگلەگە ۋالى خىتاب،
شەرئىدىن چىقماي قىلىڭلار ئىش، نە بۇيرۇپدۇر كىتاب،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالسە شەيخۇل ـ ئىسلام، رەئىس مەجمۇئ ئىشلاردىن ھىساب،
ئاپسە قەلبىن ھەر ئىشىدىن قىلسە قاتتىق ئىھتىساب،
نەفئى ئام ئولماق ئىلە ياخشى بۇلۇر ئىردى زەمان.

دەرسگوي ئالەمگە ساچسە بىردىيا دۇررى گۆھەر،
ئامسە ھەرلەفزىدە قەندىلاتىدىن شىرىن سەمەر،
ئايدىلار بۇ بارەدە ئانھەزرەتىم خەيرۇل ـ بەشەر،
بارچەلەر ھەمچۇ جەمىئ ئالەم ئىرۇر شەمسۇ قەمەر،
ئالىمۇ فازىل شۇئائىدىن يارۇق بولمىش زەمان.

ئالىمىكىم ئايتسە دەرسىن خالىسەن لىللاھ دەۋام،
ئىلم ھاسىل بولغۇسى شاگىردلارى قالماي ئەۋام،
ۋەرنە دىلدار بولسەلەر نەچچەند غەرەزلەر بىرلە كام،
خەتمە قىلماي قانچە گەر سەئيى ئەتسە قالمىش ناتەمام،
كۆھنە فىئل موللام دەبان يارئەيلەمىش ئەھلى زەمان.

سەيپىدى سادىقغە ئازدۇر قىلسەكىم جانىن فىدا،
خىزمەتىنى قىلسە دائىم تا ھەيات بولماي جۇدا،
گەر قۇلۇم دەپ ساتسە رازىمەن، دىسە ھەققى خۇدا،
گەرچە سالىھ، ۋەرنە سالىھدۇر بەھەققى مۇستەفا،
ھەشردە بولغاي شەفىئ پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.

ۋەرنە مەكر ئەيلەپ سىياھ ئۆزنى سىيادەت ئەيلەسە،
فەند ئەيلەپ تەزۋىردىن ھەربارە ئادەت ئەيلەسە،
كىچە ـ كۈندۇز تىنمايىن ھەرچەند ئىبادەت ئەيلەسە،
نەچچە يۈز ئەمرازنى ھەر كۈن ئەيادەت ئەيلەسە،
ۋاي، ئول بىچارەنىڭ ھالىغە مىڭ ۋاي ھەر زەمان.

نەفسى شەيتان باشلابان ھەركىمنى قىلسە رەڭ بەرەڭ،
بەئزى كىرمەي باشلاغانغە ئوترادا قالمىش دەرەڭ،
غالىب ئولسە ئەقلى شەھكىم، نەفسى سەگ بولمىش گەرەڭ،
كىم خىلافى نەفس ئىتەرلەر باردۇر تىمەن تەرەڭ،
ئەي خۇدايا، نەفسى شەيتاندىن ئەمان بەر ھەر زەمان.

غازىلاركىم فىسەبىلىللاھ قىلۇر جەڭۇ غەزات،
ئىككى ئالەم دەۋلەتىغە يەتتىلەر ئاپتى نىجات،

مەست ئۇلۇپ ھەق ياددا جانىن بىرىپ بولسە مەمات،
ۋەھ، نە خۇش ئەئلا شەھىددۇركىم ئىرۇر گويا ھەيات،
ئەقرەبا ھەم پەدەرۇ مادەرنى قولدار ھەر زەمان.

ۋەرنە قىلسە جەڭ غەرەز بىرلە بولۇرمەن دەھ باشى،
دەھباشى مەنزۇر بولۇپ ئايتۇر بولۇپ پەنجا باشى،
ئات چاپىپ پەنجاسى دەرلەركىم بولۇرمەن يۈز باشى،
يۈز باشى دەر: «يا ئۆلەي، ياكىم بولاي پانسەد باشى»
بۇ كەبى جەڭدىن سەۋابى تاپماغايلار ھىچ زەمان.

ياكى جەڭ قىلسە ئۆزىنىكىم بەھادۇر چاغلابان،
شاھى ئەتلەسلەر كىيىپ زەررىن كەمەرلەر باغلابان،
ھەر كۆنى ياغلىق فەلاۋ بىرلە قوساقنى ياغلابان،
بۇ غەرەزدىن قىلسە جەڭ گەرچە يۈرەكنى داغلابان،
بولمايىن مەقبۇل نۇسرەت تاپمايىن قوغلار زەمان.

ۋەھ، نە خۇشدۇر پىرى كامىل ئىزدەبان تاپسە كىشى،
خىزمەتىدە جانۇ دىلدىن تۇرسەلەر يازۇ قىشى،
ماسىۋەللاھ بولمىسا ھىچكىم بىلە ئانىڭ ئىشى،
بارماسە ھىچ يەرگە، بولسە نەفسى ئىسبات قىلمىشى،
بار ئۇمىد تاپقاي مۇرادىنىكى بىر ۋەقتى زەمان.

بەئزى بىر خەلقە دىگەن بىچارەلەر ھالىغە ۋاي،
ئىستىقامەت ئەيلەيەلمەس ھىچ ئۆيىدە سالۇ ئاي،
بارسەلەر ئوۋلاپ مۇرىد يەكسانە، قويماي ھىچ جاي،
جەھدى بىرلە قىچقىرىپ قويماي فەقىرۇ خاھى باي،
راستۇ خاھ يالغان ئۆتتۇپ تۇرمىش مۇنىڭ بىرلە زەمان.

جەزبى تەككەندەك قىلىپ، سىلكىپ باشىنى تىترەتىپ،
ئىلكىدە تەسبىھ، تەۋەججۇھ بىرلە ئاغزىن مىدرەتىپ،
فەيز يەتكەندەك فۇسۇن بىرلە ئۆزىنى يىغلاتىپ،
ئاھۇ ۋاۋەيلا قىلىبان ھەم مۇرىددىن يىغلاتىپ،
قايسى يالغان، قايسى راست، تۇرمىش ئۆتتۇپ ئۇشبۇ زەمان.

بولسە نەخۇب پارساۋۇ مۇتتەقى شەيخى مەزار،
سۇمەئەدە ئولتۇرۇپ ھىچ ئاندا چىقماسلار بازار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارغۇسى ئەھلى زەمان ئەيىاملاردا چەند ھەزار،
يولغا سالسا قۇۋۋەتى بولسا، كىمە يولدىن ئازار،
بۇيلە شەيخ ئەنقا ئىرۇرلاركىم خۇسۇسەن بۇ زەمان.

شەيخلەركىم ئىستىقامەت قىلمايىن دىھقانچىلىق،
ئىگە يوق قىلمىش دەۋام سائىل كەبى تۇققانچىلىق
بىمۇشەققەت ئاش دەيان كۆرمىش مۇنى ئاسانچىلىق،
لىك يوقدۇر بۇ ئىشى ئادەم ئارا ئىنسانچىلىق،
ئۆتكەرىپ تۇرمىش بۇ يەڭلىغلەرنى ھەم ئەھلى زەمان.

ۋەھ، نە خۇش لەفزى سۇچۇك شاتۇتى يەڭلىغ قارىلار،
خالىسەن لىللاھ ئوقۇر بولسا يېتىپ ئاسارىلار،
سەخت دىللار نەرم ئولۇپ قىلسە فىغانۇ زارلار،
كەلسەلەر پەرۋان ئولۇپ مۇرغانى خۇش گۇفتارىلار،
ھەممەگە بىھتەرۇ مىھتەر بولغۇسىدۇر ھەر زەمان.

بۇيلە تالى ئۈستىدە باردۇر نەچە ۋەئدۇ زەئىد،
بولسە تالى دائىما ئەئلاسى ئەفئالۇ ۋەئىد،
بۇ كەبى قارى ئىرۇرلار بىگۇمان ئەھلى سەئىد،
ئەھلى دىنغە فەخر ئىرۇرلار ئۇشبۇ قۇرئانى مەجىد،
جانۇ دىل بىرلە ھەمە مۇخلىس ئىرۇرلار ھەر زەمان.

ۋاي ئول قارىغە، قۇرئان نە غەرەزدىن ياد ئېتەر،
ئۇشبۇ دۇنيادا بەش - ئون كۈن ۋەقتىنى ئاباد ئېتەر،
بولسە ھەر يەردە تەمەئ بىرلە سەمەن ئىجاد ئېتەر،
تون كىيىپ، ئۈستۈن باقىپ نەفسىنى دائىم شاد ئېتەر،
بۇ كەبىلەرغە خۇدا تەۋفىق بەرگەي ھەر زەمان.

ۋەھ، نە خۇشدۇر، ئىلىم ئەھلىگە قەنائەت ئەيلەمەك،
كارى بولماي ئەغنىيالار بىرلە تائەت ئەيلەمەك،
بىتەمەئلىك بىرلە ئىستىغنانى ئادەت ئەيلەمەك،
«قەد تەۋەككەلتۇ ئىلەللاھ» دەپ رىيازەت ئەيلەمەك،
ھىچ ۋەقت خار ئولمايىن ئىززەت تاپۇرلار ھەرزەمان.

ۋاي ئول موللامىغەكىم دائىم قارارلار پەللەگە،
ئەرتە بىرلە نەززى ئىستەپ، خوب تۇشەرلەر زەللەگە،

تاپىبان خارلىق بىلەن پۇلسىنى سالۇرلار تەللەگە،
قۇل چىقۇرلار ياشقە دەپ دائىم تۇرارلار دەللەگە،
تىگىلاماس پەندىن قارى بىرلەن ئۆتەرلەر ھەرزەمان.

بەئزى قاشقاق ئەغنىيا دىھقانغە ھىچ بەرمەي ئەمان،
دەر بەدەر يۇرمىش تەمەئ بىرلە ياتالماي ھىچ زەمان،
بۇيلە بىغەيرەت قىلۇرلار بارچەنىڭ ئاتىن يامان.
ۋەرنە رەززاق يوكۇرۇرلەر قىلماغان يەردىن گۇمان،
قىلسەلەر ئەللاھەكىم مەھكەم تەۋەككۇل ھەرزەمان.

مەرد ئول كەددى يەمىن ئەيلەپ شەبان روز ياتماسە،
مىھنەت ئىلە قول پۇتى گەرچە ئۆزۇلسە قاتماسە،
تارتمايىن مىننەت كىشىدىن ئابرويىن ساتماسە،
ئافەرىن مۇنداغ كىشىگە كۇلفەت ئەلدىن تارتماسە،
ئەھلى ھىممەت بولسە مۇنداغ خار بولماس ھىچ زەمان.

زىخىرەد بولغىل بىۇمالا يەئنى سۆزگە ئىستىمەئ،
ۋەھ، نەخۇشدۇر غەيرەت ئەھلى دائىم ئولسە زىقنەئ،
بار مەسەل «مەتلۇبىنى مەخلۇقدىن قىلسا تەمەئ
گويىيا قىلدى ئۆكۈزدىن سۈتكى، مۇزدىن ئوت تەمەئ»
بىز كەبى تامىئكە، يا رەب، بەرقەنائەت ھەر زەمان.

ئەھلى قانىئدۇر كىشىكىم ئەل ئارا ئەئلا بولۇر،
ۋەرنە تامىئ ئەھلىدۇر ھەرچەند ئىبىسل ئەدنا بولۇر،
ئىززەتى نابۇد بولۇپ ئەسفەلگە ھەم ئەجزا بولۇر،
قىلسەلەر بەرئەكسى «قانىئ» ھەرفىنى «ئەنقا» بولۇر،
ئاتىنى ئەنقا دەبان ھىچ ئۆرمەگەن ئەھلى زەمان.

ھەممىدىن ئەئلا مۇيەسسەر ئەيلەپ ھەرقىلسە كەرەم،
ھەم ئەتا قىلسە ھەلالدىن نەچچە يۈز تىللا دىرەم،
بىغەرەز تاشلاپ چىقۇرلار بولسە زەن باغى ئىرەم،
بولمىسا كۆڭلىدە ھىچ ئىش ئۆزگە بەيتۇللاھ ھەرەم،
نە سەئادەتدۇر، سەئادەتكىم خۇشۇسەن بۇ زەمان.

بۇ خۇلۇسىيەتدە چىققان ھاجىلاردۇر ناگەھان،
كۇن كۆرەلمەي بەئزى غۇربەت بەئزىسى تاپماي ئەمان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاغرىنىپ يا كايىبان يەتكۈرسە كۆلفەت بىر يامان،
ياكى ئىززەت ياكى قىلماقدۇر سەياھاتى جەھان،
قايسى ۋەجھى بىرلە بولسە بولدىلار ئاخىر زەمان.

رەھمەت ئۇلغاي ئول تەبىبغەكىم ئەگەر بولسە كەسەل،
دەفئەتەن بارىپ سۈچۈك تىل بىرلەكىم بەرسە ئەسەل،
قىلمىسە نەفرەت، ئىبقىپ تۇرسە يىرىڭ، خۇن بىرلە سەل،
ھىچ بىرىنىڭ كارى خەيرىدىن مۇڭا بولماس مەسەل،
ئالقابان ئەيلەر دۇئا ھەمرازلارىم ھەرزەمان.

ۋاي ئاڭاكىم، بارچەئى مىس ئۆزىنى ئالتۇن تۇتار،
ئىلكىگە ئالىپ ئەساسىن بەلكى ئەفلاتۇن تۇتار،
زۇھدى تەقۋا ئىچرە گويا خەلفەئى مەئمۇن تۇتار،
ئاھ، دەپ ھەمرازلار ئازارىدىنىكىم قان يۇتار،
ساقلاغىل، يارەب، ئاڭا مۇھتاج قىلمە ھىچ زەمان.

ئىزدەبان ئەھلى ھۆكۈمەتنى فۇسۇندىن دام ئېتەر،
چىرلاسە بارماي فەقىرلەرغە بەسى دۇشنام ئېتەر،
ھەممەنى مەئيۇسۇ نەۋمىدلىق بىلە ناكام ئېتەر،
گويىيا ئۆمرى بىناسىغە سىياھدىن تام ئېتەر،
نەچچە مىڭ ھازىق ھەكىملەرنى ئۆتكۈرگەن زەمان.

ھەممەدىن بىھراق بۆكىم مۇنسىق ئىسە ئەھلى قەلەم،
ۋەجھىلەردىن ھىچكىمگە يەتمەسە زەررە ئەلەم،
قارانى ئاق ئەيلەمەك، ئاقنى قارا كارى قەلەم،
بۇ سەبەبدىن دائىما ئەكسەرلەگە يەتمىش ئەلەم،
قىلماسە بۇ ئىشنى ھەرگىز تا ھەيات ئىچرە زەمان.

يەتكۈزۈپ نەفئىن قەلەمدىنىكىم بىرىنى كۆلدۈرەر،
يانە بىرنى يىغلاتىبان زارۇ ھەيران كۆيدۈرەر،
ھەممەدىن بەتتەر قەلەمگىر بولسە گەر ئەھلى شەرەر،
ئەلھەزەر، سۇممەل ـ ھەزەر، سۇممەل ـ ھەزەر، سۇممەل ـ ھەزەر،
ھەرچە بەدكىردار يامانىدۇر ئۆتكەرۈرلەر بۇ زەمان.

ۋەرنە مىرزا مۇھتەرەمدۇر شاھلار دىۋانىدا،
ھەممەگە ئەسراردۇر ئەيۋان ئىلە كەيۋانىدا،
ھاكىمۇ سەركار خۇش ئامەد ئەيلەر ھەر ئاۋانىدا،
نە ئۈچۈنكىم، ھەممەنىڭ ئەسرارى ياردۇر يانىدا،
بۇ قەلەم بىرلە تۇتۇلمىشكىم ھۆكۈماتى زەمان.

ۋائىزبىكىم ھەرزەمان گۇفتارىدىنكىم تامسە قەند،
ئايتسەلەر ئايەت، ھەدىسۇ بىرلە دائىم ۋەئزۇ فەند،
ئالىمۇ فازىل، ئەكابىرلارغە ھەم بولسە پىسەند،
ئۆزى گەر ئەھلى بۇخارا بولسەلەر خاھى خۇجەند،
گەرچە خۇش گۇفتارلىقدا بولسە يەكتايى زەمان.

ۋەھ، نە خۇشدۇر بولسە كامىل مۇتتەقى فەرھىزگەر،
ئايتسە ۋەئزدىن خالىسەن لىللاھكىم قىلمىش ئەسەر،
ۋەرنەكىم گۇفتارىدىن ئەفئالىدا يوقدۇر ئەسەر،
ئۈشبۇ يەڭلىغ ۋائىزىدىن ھەم ھەزەر، سۈممەل - ھەزەر،
دېسەلەر كازىب ئەمەس ئالدامچى، مەككارى زەمان.

ئەغنىيا سەۋداگەرى ھەق ئەمرىدىن ئاگاھىدۇر،
ئايرىبان ئۈشرە، زەكاتىن دائىم ئول ئاگاھدۇر،
ئىزدەبان دەرۋىش غەرىبلەر ھالىدىن ئاگاھدۇر،
ئاچقە ئاش، ئورىيانغە تون بەرمەك ئىلە ئاگاھدۇر،
ئۆمرى دەۋلەت ئارتىپ ئافەت يىمەگەي ئىچرە زەمان.

بولسە نەۋمىد ئەتمەيىن مۇھتاج ئۈچۈن ھاجەت رەۋا،
دەردمەند، مەدىيۇنلار دەردىغە ئول قىلسە دەۋا،
بەرسە دەۋلەتدىن يىقىلغان بىنەۋالارغە نەۋا،
ھەق سۆزىن ئايتسە كىشىكىم كەلمەسە ھەرگىز ھەۋا،
مۇنداغ ئەرنى دېسە بولغاي ھاتەمى تايى زەمان.

ۋاي، مىڭ ۋاي، ئول غەنىلەرغە ئەمانەتداردۇر،
بەرمەيىن ئۈشرە، زەكاتىنكىم خىيانەتداردۇر،
كۆز سۈرتۈپ سىيمۇ زەرلەرگە رىئايەتداردۇر،
مەست ئولۇپ دۇنياغە نەھى ئىچرە جىنايەتداردۇر،
قانچەكىم قارۇنكى زەرمەستىنى ئۆتكەرگەن زەمان.

www.uyghurkitap.com



بۇ كەبى دۇنيا ئەمەس راھەت، خۇدانىڭ ئاپەتى،
ئىشلەتىپ دۇنيا ئانى راھەت كۆرەلمەس سائەتى،
راھەت ئورنىغە يېتىپ تۇرمۇش مەلامەت كۇلفەتى،
ئاخىرەت تۇرغاي، بۇ ئالەمدە چىققۇر بەدنام ئاتى،
ھېچكىمنى بۇ كەبى ئويناتماغايلار بۇ زەمان.

ۋەھ، نە خۇب مۇنىسى ئىسە تۈگچىلە يەئنى تەرجىمان،
بولسەلەر ھەر ۋەجھىدىن مۇئمىنلەغە نەفئى رەسان،
قايسى ئىش نەفئى رەئىيە قىلسە جەھرەن خاھ نىھان،
ئىككى ئالەم دەۋلەتى گوياكى كەلمىش بىگۇمان.
ئىززو ئىقبالى زىيادە بولغۇسىدۇر ھەر زەمان.

ۋاي ئاڭا، پۇلغە قاراپ ئاجىزلاغە سالسە زەرەر،
ئەرزىنىڭ ئاستىن دىمەي يۈتكەپ ئانى قىلسە زەرەر.
بىۋەگە چىرتىپ چىرايىن بايلاغە قىلسە نەزەر،
بۇ كەبى تۈگچى بېگىمدىن ھەم ھەزەر، سۇممەل ـ ھەزەر،
دەفنى ئېتىپ كۆرمەي فەلەك تاشلار ئانىكىم ھەرزەمان.

خەتتى زىيبا ئىلم ئەھلىگە ئەجەب نۇر ئۈزرە نۇر،
كاتىبىكىم خۇش نەۋىس ھەم راست نەۋىس نۇر ئۈزرەنۇر،
خەتتى ئەئلا نىسى ئىلم مۇفتاھ رەزىق نۇر ئۈزرە نۇر،
جىلۋەلەر ئەيلەپ تەبەسسۇم تۇرغانى نۇر ئۈزرە نۇر،
ھەق ئەزىز ئەتكەي بۇ يەڭلىغ كاتىبىنى ھەر زەمان.

كاتىبىكىم مېھنەت ئەيلەپ بىر كىتابىنى يازار،
بەئزى جا بولسە غەلەت راست ئەيلەمەكدۇر نىكۇ كار،
قەسد ئىلە ھەرگىز خەتا قىلما ۋەلى تەبئى ئازار،
ۋەرنەكىم راستى ئەقىل بولسە غەلەتلەر بىشۇمار،
قىلغايۇ خانەندەلەر دۇشنام ھەقارەت ھەر زەمان.

شائىرىكىم ۋەسفى ئەينى كىمسەنىڭ قىلسە بەيان
ئەينى دوستلۇقدۇر ۋەلى مەۋسۇفىغە يوقتۇر زىيان،
زىنھەرەد ئايتۇر كۆرۈپ بىلسەم بۇ نۇقسانىم قايان،
كۆرگەيۇ تاشلار تۆكەر ئەيبى ئاڭا ئەينى ئەيان،
ئەيبۇ نۇقسانىنى تۈگەتمەك بىرلە يار ئولغاي زەمان.

ۋەرنە نەيىمن ئەتمەيىن لاف ئىلە تەئرىفىن دېسە،
ياشۇرۇپ نۇقسانىنىكىم، ئاشۇرۇپ مەدھىن دېسە،
ماقتىبان قىرغىز كەبى ھەددىن فۇزۇن ۋەسفىن دېسە
يالغان ئېرمەسكىم ئانى يالغانچى خۇشە چىن دېسە،
سىدقۇ كىزبىن بىلگۇسىدۇر زىخىرەد ئەھلى زەمان.

كىمسەنىڭ ۋەسفىن كۆمۈپ ھەجۋىلە قىلسە مەسخەرە،
ئۆزى دەر يا بىر ھەرىق دەر ئەھمەق ئولۇپ ھۇشىەرە،
ھەجۋەددىن گەرچە ئازار قىلسە بولۇر كۆكسى يارە،
تۇق ئانىڭ ھەجۋىگە لايەئقۇل ئېرۇر كۆڭلى قارە،
بۇ كەبى بىھۇدە گويلارنى كۆتەرمەسلەر زەمان.

بارچە كەسبىنى كىرىپ شاگىردى ئۇستاددىن ئولۇر،
كۆزى بىرلە ياكى فېئلى بىرلە يا تىلدىن ئولۇر،
ئىستىقامەت ئەيلەسە ئايلاردا يا يىلدىن ئولۇر،
ئىشلىمەس ھېچقايىسى بۇ شېئىرىغە تىل دىلدىن ئولۇر،
تەربىيەت قىلسە نۇجۇمىكىم ۋەيا ۋالى زەمان.

ئول نە خۇش دېھقانكىم تەرك ئەتمەسە سەۋمۇ سەلات،
سىدقى دىلدىن بەرسەلەر تائەت بىلىپ ئۇشرە-زەكات،
نەفئ ئالسە دائىما خۇش ئەقرەباسى خاھى يات،
نە سەئادەت بۇيلەكىم ئۇمر ئېچر چىقسە ياخشى ئات،
يايسە دەستۇرخانىنى ئاشىن يېسە ئەھلى زەمان.

ۋاي ئول دېھقانغەكىم قىلماس دەۋام رۇزە، نەماز،
بەرمەسە ئۇشرە-زەكاتىن يىل ئۆتۈپ نەزرۇ نىياز،
كەلسە ناگەھ سايىلى ئۆيىرۈپ يۈزىن بەرمەس پىيازە
ئۆتكەرۇر ئۇمرىن بۇ يەڭلىغ ماھ، سالۇ قىشۇ ياز،
باسسە ھەرچەند ئىلگەرى كەينىگە تاشلارلار زەمان.

سائىلىكىم كۆرۇ شال كۆرمەك تۇتۇر ئىمكانى يوق،
يا توكور، ئاقساق ئېرۇرلاركىم ماڭار ئىمكانى يوق،
يا باقۇرغە ئادەمى، تۇئمە قىلۇرغە نانى يوق،
لەرسە بەرمەي ھەر نېچۈك ئىنسان مۇڭا ئىمكانى يوق،
بىرگە يۈز بولمىش سەۋاب بەرسە نېمە ئەھلى زەمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاي ئۇل بىشەرم سائىللارغەكىم، بار سىيمۇ زەر،
ئات مىنىپ ئىشان سىفەت سەھرادا يۈرمىش دەر بەدەر،
خاھى خىرمان، خاھى ئۆيدە ئاغزىغە كەلگەننى دەر،
ياشلارى ساچىن يايىپ چالمىش دۇتارى يا سەتەر،
بولغانى ئەكسەر ئەلاماتى ئىرۇر ئاخىر زەمان.

كاسىبىكىم كەسىبىدە بىسيار قىلسە ئىھتىيات،
ھىيلەلەر قىلماي ھەلاللىقدا چىقارسە ياخشى ئات،
كەلمەگەي ئۆمر ئىچرە كەسبى ۋەجھىدىن زەررە ئۆيات
ئالقاغاي سەرف ئەيلەگەنلەر تاكى ئۇل بولغاي ھەيات،
بۇ كەبى كاسىب نەۋا تاپقاي مۇرادىن ھەر زەمان.

ۋاي ئۇل كاسىبلاغە، قىلغان ئىشى تەزۋىردۇر،
ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇل ئىشى تەبدىل ئىلە تەغيىردۇر،
قولدىن ئۆتكەرمەك ئانىڭ كۆڭلىدە بىر تەدبىردۇر،
بۇ ئىشى كەسبى ھەلال قىلغانلاغە تەھقىردۇر،
ئۈستى باشى پۈتمەيىن ھەرگىز نەۋا بەرمەس زەمان.

كىچە ـ كۈندۈز قىلسە كەسبىن فۇل سالالماس كەينىغە
ئىلگەرى قويسە قەدەم ئەلبەتتە كەتمىش كەينىغە،
داغى تەڭلىكدىن گىرىفتار ئۇلغۇسىدۇر دىنىغە،
قىل ھەلال كەسبىن دېسە، ھەرگىز تۈشۈرمەس زېھنىغە
مۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمر ئىچىدە ھىچ نەۋا بەرمەس زەمان.

فاسىقىكىم فىسق ئارا غەرق ئولسە گەر شامۇ سەبۇھ
بەئزىدە ئەفسۇس، نەدامەت بىرلە تارتسە ئاھۇ ئۆھ
تەۋبە قىلسە جانۇ دىلدىن زار ئىلە ھەمچۇن نەسۇھ
ھەق قەبۇل ئەيلەپ ئەتا قىلمىش ئاڭا نەچچە فۇتۇھ
دىللارى پۇر نۇر ئولۇر بولمىش مۇناجاتى زەمان.

ۋاي ئاڭاكىم قىلسە قەۋلى فېئلى بىرلە جۇرمەئى
قورقمايىن خەللاقدىن مەخلۇقلاردىن شەرمەئى،
ئايتسە دائىم زىكر، فىكر ئورنىدا ئۇل ئەفسانەئى
قىلماسە ئۆمرىدە بىر ئەفسۇس، نەدامەت تەۋبەئى
ھالى مۇشكىلدۇر ئانىڭ خاھ ئۇل زەمان خاھ بول زەمان.

خاتۇنىكىم ئېرىنىڭ پەرمانىدا مەستۇرەدۇر،
ھەم نەماز - تائەت، سەھەرخىزلىك بىلە مەنزۇردۇر،
ئىن ئان پەستۇ بەلەند ئەفئالى بەدلەر دۇرىدۇر،
گويىيا بىلگىل، ئەمەس ئىنسان، بىھىشتى ھۇرىدۇر،
ئەرگە ئىقبال بۇ كەبى خاتۇن خۇسۇسەن بۇ زەمان.

ئول خاتۇنكىم بىھەيا ھەم بىنەماز دىلسەخت ئېرۇر،
بەدفەئالۇ تىز زەبان، ھازىر جەۋاب، كەمرەخت ئېرۇر،
دائىم ئانىڭ ئاخىرەتىدىن ۋەھمى يوق بەدبەخت ئېرۇر،
ئېرىنىڭ كۆڭلى دەۋام ئالۇدە خۇند بىبەخت ئېرۇر،
بۇ كەبى خاتۇن ئېرۇر ئېرىگە ئافاتى زەمان.

بولسە بەدخۇ دائىما بىشەرمۇ نامەھرەم نەزەر،
قىلسە ئول ھەركۇن چىقىبان ئېچرە بازاردىن گۇزەر،
قىلماسە پەرۋا ئېرىدىن غايىب ئولسۇن خاھ ھەزەر،
مىڭ تەلاق ئەيلەپ چىقىپ كەتمەك، قىلىبان ئەلھەزەر،
بۇ جىھەتىدىن تەڭگۇ - تارۇ ھەم خەراب ئولدى زەمان.

ئىلگەرى كەلمەي كىيىن كەتمەك مۇكافاتى ئانىڭ،
ئەرگە تەگسە خارلىق يەتمەكلىك ئافاتى ئانىڭ،
نەچچە دەفتەر قىلسە سىغماسلار ھىرافاتى ئانىڭ،
ھەرنىچۇك ئافەت بىلە كەلمەك كەسافاتى ئانىڭ،
قىل ئەمان، يارەب، خاتۇنلار شەررىدىنكىم ھەرزەمان.

قايسى تىل بىرلە ئەدا قىلماق بولارنىڭ كەيدىنى،
بولماغاي ئاسان تاپا ئالماق ئولارنىڭ ھىددىنى،
تۇشسە سەيدىگە تارتماغلىق ئۈزۈن كۇن قەيدىنى،
تارتماغاي ھىچ بەندەئى مۇئمىن ئۇلارنىڭ دەردىنى،
قىل ئەمان، يا رەب، خاتۇنلار شەررىدىنكىم ھەرزەمان.

چىقتى ئادەمكىم بىھىشتىدىن ئانچە گىريان ئەيلەدى،
مەكر ئىلە يۇسۇفنى ئاخىر بەندى زىندان ئەيلەدى،
ئول سۇلەيمان تەختى بەختىنىكى ۋەيران ئەيلەدى،
كوھىقاف ئېچرە دەۋام سىمۇرغنى ھەيران ئەيلەدى،
ئول زەماندا مۇنچە ئىشدۇر، ۋاي نېتسۇن بۇ زەمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىلىك تەرازۇ تۇتقۇچىلار قىلسە ياخشى ئىھتىيات،
ئىززەتۇ ئىكرامۇ دۇنياسى كەم ئولماس تاھەيات.
قىلغۇسى بۇ ئىشنى مۇنسىف ئەھلىدىن ھەم پاك زات،
تاپقۇسى گۆر ئىچرە مىزان ھەم سىرات ئۆزرە نىجات،
بۇ كەبىلەرنى كۆتەرگەي خار قىلماي ھەر زەمان.

ۋاي، مىلىك ۋايكىم، ئۇلار ئەفئالى بىرلە ھالىغە،
ئۆزگە ۋەزنىن ئالىپ، ساتقان يىپىنىك ئەھۋالىغە،
سۇد تاپماس ئاقىبەت ئافەت يېتۇر ئەمۋالىغە،
ئاچ ـ يالىڭلىقدىن قالۇرلار زار بىرلە نالىغە،
بۇ سەبەبلەردىن بەسى تار ئولدىلار ئۇشبۇ زەمان.

ۋاي ئىنسافىغەكىم، قەسساب بىرلە ياغچىنىلىڭ،
يانە نانۋاي بىرلە باققال ھەم گۇرۇنجى، ئۇنچىنىلىڭ،
جۇملەئى دارىفۇرۇش، مىسكەر بىلە ئالتۇنچىنىلىڭ،
ھەم تەماكۇ چايچى بىرلە پاختەچى، سابۇنچىنىلىڭ،
بۇ سەبەبلەردىن بەسى تار ئولدىلار ئۇشبۇ زەمان.

داغى قۇرباب ھەم ياغاچچى بىرلە ھەم ئاتقۇچىنىلىڭ،
زىلچەبابۇ مۇزدور بىرلە تۆمۈرچى، كۆنچىنىلىڭ،
ھەم بۇياقچى خاھ ئىپەكچى، لۆڭگەبابۇ بۆزچىنىلىڭ،
شۇستىگەر، سەيفۇك، تۇماقچى ھەم قازانچى، تامچىنىلىڭ.
تەڭرى بەرگەي ئۇشبۇلار جەمئىغە ئىنساف ھەر زەمان.

قالمادى ئالەم ئىلىدە زەررەئى بۇيى ۋەفا،
ئالسە بەرمەس، كەتسە كەلمەسلىك بىلە سالمىش جەفا،
بارچە ئىش فەندۇ ـ فۇنۇن، مەكر ئولدىلار قالماي سەفا،
ھىچ جىھەتدىن ھىچ دىلدا شاد يوق باردۇر خەفا،
مۇنىڭ ئۇچۇن ھەممەلەرگە تەڭگو ـ تار ئولدى زەمان.

بولدىلار ئۆز بەگ مۇخەييەر ئالغۇچى ـ ساتقۇنچىلار،
قىيمەت ئەيلەپ ياغ، زىغىرنى ھەرتەرەف تارتقۇنچىلار،
كەم بىرىپ گوشتىنى داغى ناننى كىچىك ياققۇنچىلار،
ياغقە سۇ، ئۇنغە كىپەك، تاشنى گۇرۇنج قاتقۇنچىلار،
تاشلابان ئالماي خەبەر بولدى بۇرەك ۋالى زەمان.

نەفسى شەيتان كۆرسەتۇر ھەر بەندەگە تۇرلۇك ئويۇن،
نەفسى مىرشەب مۇلكى تەندە ئەقلدۇرلار رەھنەمۇن،
بەئزىلەرنى ئازدۇرۇر، غەفلەت بىلە قىلمىش زەبۇن،
ئاقىل ئولدۇر ئەكسى ئېيەپ بەرمەسە ھەرگىز بويۇن،
ئەقلىلە نەفسى تالاش ئۇستىدەدۇرلار ھەرزەمان.

نەفس ئايتۇر: «ئەقلىنىڭ ئۇستىدە بولسام دەستىرەس،
قاتىبان تەن مۇلكىنى گويا ئاڭا ئالسام قەفەس،»
نەفسى ئايتۇر: «ۋەقتىڭ ئۇشبۇ ئەيلەگىل ھايۇ ھەۋەس،»
ئەقل ئايتۇر: «دەم غەنىمەت غافىل ئولمە بىر نەفەس،
كەلمەگەي ئىككىنچى ھەرگىزكىم ئۆتۇپ تۇرغان زەمان.»

نەفس دەر: «فىكر ئەھلىغە كەيف ئىلە يۇرمەكلىك رەۋا،»
ئەقل ئايتۇر: «ئەھلى كەيف ئۇمر ئىچرە تاپماسلار نەۋا،»
نەفس ئايتۇر: «مەشرەب ئويناپ، ئاڭلاغىل نەغمە ـ نەۋا،»
ئەقل ئايتۇر: «نەھىدۇر بۇ، ئىستەمە ھىرسۇ ھەۋا،»
نەھى ئىشلاردىن پەناھ بەرگىل، خۇدايا، بۇ زەمان،

نەفس دەر: «ئەھلى مۇغەننىلەر ئارا ساز ئەيلەگىل،»
ئەقل ئايتۇر: «ئەھلى تائەت بىرلە ھەمراز ئەيلەگىل،»
نەفس ئايتۇر: «ياخشى مەھبۇبلار ئارا باز ئەيلەگىل،»
ئەقل ئايتۇر: «تەۋبە دەپ ‹لاھەۋلە› ئاغاز ئەيلەگىل،
خەۋف ئىلە ئەفسۇس نەدامەت بىرلە بولغىل ھەرزەمان.»

نەفس ئايتۇر: فىسق ئىلىنى ئەيلەگىل ئۆزۈڭگە رام،»
ئەقل ئايتۇر: «دائىما زۇھد ئەھلى ئىلە قىلغىل خىرام،»
نەفس ئايتۇر: «ھاسىل ئەيلە دىلدا نە باردۇر مەرام،»
ئەقل ئايتۇر: نەفسى شەيتان باشلاغان يوللار ھەرام،
كىرمەگىل زىنھاركىم شەيتان يولىغە ھىچ زەمان.»

نەفس ئايتۇر: «يەپ ـ ئىچىپ دائىم تەنىڭنى ھەزبە قىل،»
ئەقل ئايتۇر: «نەفسنى تويغۇزمايىن سەن ھەربە قىل،»
نەفسى ئايتۇر: «ئويناپ ئالىپ، ئەرتە ـ ئۆرگۈن تەۋبە قىل،»
ئەقل ئايتۇر: «يان گۇناھدىن دەرمەھەل سەن تەۋبە قىل،
تەۋبە قىلغۇم دەپ يۈرۈبان ئۆتمەسۇن ۋەقتى زەمان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەفس ئايتۇر: «ئويناپ ئال ھەرنەۋئى سازنى چالدۇرۇپ،»
ئەقل دەر: «بىھۇدە يول يۇرمە پۇتۇڭنى تالدۇرۇپ،»
نەفسى سەگ شەيتان ئىلە سەئيى ئەيلەر يولدىن ئازدۇرۇپە
ئەقل شەھ فەھمىلە ئازغان يولدىن ئانى ياندۇرۇپ،
ئەقل بىرلە نەفس بۇ رەڭ جەڭ ئەيلەمىشلەر ھەرزەمان.

ئەقل غالىب بولسە كىمدە شاد ئولۇرلار جان ئارا،
ۋەرنە بولسە نەفس غالىب قالغاي ئول ئارمان ئارا،
ئۇشبۇ رەڭ ئېردى تالاش تەن ئىچرەكىم مەيدان ئارا،
گويىيا ئېردى جەدەل قەيسەر بىلە خاقان ئارا،
غالىب ئەيلە ئەقلىنى نەفس ئۆزرە، يا رەب، ھەر زەمان.

رەھمۇ شەفقەت ھېچكىمدە قالمادى ھەم ئىشتىياق،
مېھرىبانلىق، قەدرىدانلىق ئورنىغە تۇشتى نىفاق،
ئىككى رەڭ بولدى ھەمە تىلدا ۋىفاق، دىلدا نىفاق،
ھەممەكىم بۇ ئىش مۇكافاتىدا تۇشسە ئىفتىراق،
ۋاي بۇكىم ھەم ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

بۇ زەمان رەۋنەقىنىڭ ھېچ ئافتابى قالمادى،
بۇزدى ئەۋۋەلقى نىزاملارنى، تەنابى قالمادى،
بىغەرەز ئىش يوق ئۇچۇن ئانىڭ سەۋابى قالمادى،
دىل پەراكەندە بولۇپ ھېچ كامىيابى قالمادى،
ئۇشبۇ ئىشلار ھەم ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

ئۇشبۇ ئالەمدىن نەچە مىڭ ئەنبىيالار ئۆتتىلەر،
نەچچە ئىقلىمگەر، جەھانگىر پادىشاھلار ئۆتتىلەر،
تا بۇ دەمگە ئاتى باقى ئۆچمەگەنلەر ئۆتتىلەر،
ئادىلۇ زالىم كېلىبان بىر ـ بىر ئارقى ئۆتتىلەر،
ھېچ زىيجانغە ۋەفا قىلماس ئىكەنلەر بۇ زەمان.

بارچەغە ئېردى ئاتا، ئادەم سەفىيۇللاھ قەنى،
كۆردىلەر مىڭ يىل ئۆمر نۇھى نەبىيۇللاھ قەنى،
ھۇتۇ سالىھ داغى ئىبراھىم خەلىلۇللاھ قەنى،
يۇنۇسۇ ئەييۇب ئىلە يۇسۇف سىددىقۇللاھ قەنى،
بىر ـ بىر ئۆتكەردى بۇ يەڭلىغ ئەنبىيالارنى زەمان.

يەئقۇبۇ جىرجىس ئىلە مۇسا كەلىمۇللاھ قەنى،
ھەم شۇئەيب، ھارۇنۇ ئىسمائىل زەبىھۇللاھ قەنى،
زىكرىيا، داۋۇد ئىلە يەھيا نەبىيۇللاھ قەنى،
ئەرمىيا، شىمسۇ خىزىر، ئىلياس نەبىيۇللاھ قەنى،
ئەنبىيالارنى بۇ يەڭلىغ بىر – بىر ئۆتكەرگەن زەمان.

ئەلىيەسەئ زۇلكىفلىلە ئەيسا مەسىھۇللاھ قەنى،
يانە يۇشەئ بىرلە ئانھەزرەت رەسۇلۇللاھ قەنى،
ئىككى ئالەمنىڭ چىراغى ئىبردىلەر خاتەم قەنى،
ئۇممەتىگە مىھرىبان ئول ماھىتابانىم قەنى،
ھەشردە بولمىش شەفىئ پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.

ھەم پەيەمبەر ئىنسۇ جىن ۋەھشى تۇيۇر شاھى قەنى،
ئىلمۇ ھىكمەت ئەھلىنىڭ لۇقماندەك ماھى قەنى،
يەر يۈزى دەريانى ئالغان شاھى ئىسكەندەر قەنى،
يانە بەختۇن نەسرىكىم نەمرۇد ئىلە نەۋدەر قەنى،
ئۇشبۇ يەڭلىغكىم جەھانگىرلارنى ئۆتكەرگەن زەمان.

ھەم كىيۇ مەرس بىرلە تۇھمۇرەسكى دەقيانۇس قەنى،
شەھرىيارۇ ھەم سىياۋۇش بىرلە كەيكاۋۇس قەنى،
ھەم فەرىدۇن بىرلە جەمشىد، بەھمەنۇ ھۇشەڭ قەنى،
ھۇرمۇزۇ كىسرى نۇشىرۋان، نەرس ئىلە ئەۋرەڭ قەنى،
ئۇشبۇ يەڭلىغ قانچە ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

گۇدرەزۇ ھەم داۋانۇ كۇشنان ئىلە تەۋمەس قەنى،
ئەردەشىر، شافۇر ئىلە بەرزۇ قۇباس جامۇس قەنى،
بەھمەنۇ دارا، شىكەن ھەم پىلقۇسۇ خۇسرەۋ قەنى،
كەيقۇباد، ئەفراسىياب گەرشەستى كەيخۇسرەۋ قەنى،
دەئۇسى بىمەئنى قىلغانلارنى ئۆتكەرگەن زەمان.

يەزد جىرد، ئەرزۇم بىلە فەررۇخ يەنە فەرۋىز قەنى،
ھەم مەنۇ چىھر بىلە تۇران، يالاش، ھورمۇز قەنى،
ھەم زەھاكۇ ئەردەشىر، ئەشنان ئىلە بەھرام قەنى،
ئانى دىگەر ئەردەشىرى كەسرى ئىلە بەھرام قەنى،
ئۇشبۇ يەڭلىغ نەچچە ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

www.uyghurkitap.com

تۆرت قەبىلە شەھ بولۇپ ئۆتمىش زەمىن دامانىدىن،
پىشەدارى ھەم كىيان ئەشكان ئىلە ساسانىدىن،
نەچچە مىڭ يىل كەتمەيىن شەھلىق بولار ئەۋلادىدىن،
چىقماغاي فىرئەۋن نىزام ئابا ئىلە ئەجدادىدىن،
ئۆشبۇ يەڭلىغ شاھى ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

ھەربىرى ئىردى نەچە يۈز تاجدار شاھلار شەھى،
ئەكسەرى كۇفر ئەھلى ئىردى ئەھلى دىن ئىردى گەھى،
سىققەۋۇ مەزبۇتۇ مەھكەم ئىردىلار ھۆكمى زىھى،
كەتتىلەر غەيرەز كەفەن ئالماي ھەمە دوستلار تەھى،
بىر-بىر ئارقا ئۆشبۇ ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

پەھلەۋانلىق نامى مەشھۇر زال ئىلە رۇستەم قەنى،
ئول سەخىلىق بىرلە مەنشۇر مال ئىلە ھاتەم قەنى،
ئىشق ئارا مەۋسۇفدۇر فەرھاد ئىلە شىرىن قەنى،
ھەم سىفەت بولغاي داغى لەيلى بىلەن مەجنۇن قەنى،
شەھ-گەدا ھەم ئاشىقۇ مەئشۇقنى ئۆتكەرگەن زەمان،

تۆرت مىڭ ئۈچ يۈز ئالتە يىل ئىچرە بۇ شاھلار ئۆتتىلەر،
ھەر ئىشىنى ئالەم ئىچرە خاھىشىچە ئەتتىلەر،
تويمادىلار قابىزۇل-ئەرۋاھ كۆنىدە يەتتىلەر،
چارە تاپماي ئاھۇ ئەفسۇس بىرلە بىر-بىر كەتتىلەر،
بىر-بىر ئارقا بۇيلە ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

قالمادى ئەسلا تەنابى بولدى ئالەم بىنىزام،
يوق ئۈچۈن بىر ھاكىمى مەزبۇتكىم ئالىي كىرام،
ھەر بىرى ئۆز بەگ بولۇپ رەئىيى ئىلە ئەيلەر خىرام،
ياتتىلار ئەئلا نەسەب ئەسفەل قوپۇپ تاپتى قارام،
بىگۇمان بۇ ئىش ئەلاماتى ئىرۇر ئاخىر زەمان.

ۋاي ئول ناكەسكە، قىلمىش خاتۇنىن مۇشكىل تەلاق،
بەئد ئىددەت ئەرگە تەگسە دەپ ئىرىم قىلغان تەلاق،
ئەرز بىرىپ يامۇنغە دەرقىلغان ئەمەس ئىرىم تەلاق،
بۇيرۇسە ئىلتىپ كىبتۇر مۇشكىل دىمەي خاتۇن تەلاق،
ھەرنە بولسە بولغۇسىدۇر ئۆشبۇ ئىشلاردىن زەمان.

ئۈستى-باشى يوق يالاڭ يۈرمىش قىمارباز ھەر تەرەف،
كۆز قىزارتىپ مەستى لايەئقەل جالابباز ھەر تەرەف،
ھەم ئىچىپ باقسۇن بوزە مەيداندا بەڭباز ھەر تەرەف،
هاي-هۇي دەپ قاقىبان داپلار تەبىلباز ھەر تەرەف،
زەبتە قىلماي ئۇشبۇ يەڭلىغ بولدىلار ۋالى زەمان.

بىئەبا شەب-روز يامانلار ئىچسەلەر شوربۇ شەراب،
ھەر تەرەف بەد ئەسلىلەر تام تەشكىلى ئۆيىنى ماراپ،
قول يالاڭ كۆكسىن ئاچىپ بەد چەشم ئىلە ھەريان قاراپ،
تاپسا خالى ئۆلتۇرەم دەپ بار-يوقىن ئالماق تالاپ،
تەۋبە دەپ «لاھەۋلە» ئىستىغفار ئوقۇر بولدى زەمان.

ئوغرىلار ئاتلىق-پىيادە يۈرسە سەھرانى سۈلاپ،
كېچەلەر ئۆينى ئوغۇرلاپ، كۈندۈزى ئەلنى بۇلاپ،
بىئەبا ئارتىپ تاڭىبان نەچچە ئاغرامچىن ئۇلاپ،
سۇندۇرۇپ گەر بولسە ساندۇق ئۇرۇسىدا يۈز قۇلاپ،
قىلمايىن زەربى شەددىد بولدى بۈرەڭ ۋالى زەمان.

يۈرسە بىپەرۋا × × بىرلە جالاب بازار ئارا،
ئەھلى دىن بىچارەلەر قالمىش بۈرەڭ ئەغيار ئارا،
ھىچ دىيەلمەي ئىن ۋە ئان قالغۇم دىيان ئازار ئارا،
بەرسەلەر ئازدۇر جەزاسىن مىلڭ تاپىبان خار ئارا،
تاڭ ئەمەس بۇ ئىش مۇكافاتى نېچۈك بولسە زەمان.

بىھەيادۇركىم بۇلار زاتىدا ئەسلا شەرمى يوق،
قەتئ رەھم دىلخەستەكىم كۆڭلىدە زەررە نەرمى يوق،
ھەم خۇنۇكدۇر بارچە ئەفئالى ساۋۇقكىم گەرمى يوق،
ياخشى سۆزنى تىڭلاماس، ھەرگىز يۈزىنىڭ چەرمى يوق،
زەبتە يوقلۇقتىن يامانلارنىڭ بولۇپدۇر بۇ زەمان.

ياخشىلار ئاھىستە خالى يول تاپىبان يۈرمەسە،
ئۇچراسە ناگەھ يامان يولنى قويۇبان تۇرماسە،
ھەر كۈنى ئەفسۇن ئەمانىنى ئۆزىگە ھۇرمەسە،
ھەرنە ئەفسانە دىسە ئانى ئىشىتمەي كۆرمەسە،
ياخشىلارغە يۈرگەلى بولمايدۇغان بولدى زەمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلماغان زەبتىن يامانلارغە ئەدالەتدىن، ئەمەس،
بىلمەگەن ھەركىمنىڭ ئۆز قەدرىن كەمالەتدىن ئەمەس،
بىخەبەر بولماق رەئىيەتدىن شەرافەتدىن ئەمەس،
ئانداغ ئېرمەس خەلق ئارا بۇ ئىش مەلامەتدىن ئەمەس،
زەبتە قىلسە ئانچە قاتتىقكىم نە خۇش ۋالى زەمان.

قىلغان ئېركەن شائىرى مازى ھىكاياتى جەھـان،
ھەممەلەر فېئلى بۇزۇلدى دەپ شىكاياتى زەمان،
قىلمادى خۇبلۇق بۇ ئىشلارنىڭ مۇكافاتى دەبان،
ئەللىك-ئاتمىش يىل ئۆتتۇپتۇر ئايتقانىدىن تا بۇ ئان،
ئول زەمان جەننەت ئىكەن، ھالىغە باقسە بۇ زەمان.

ھېچ ۋالىلار ئارا بىر ئەدلۇ شەفقەت قالمادى،
ئالىمۇ فازىل ئارا خالىس ئىبادەت قالمادى،
ئەغنىيا دېھقان ئارا خەيرۇ سەخاۋەت قالمادى،
ھەم فەقىر ئاجىز ئارا شۇكرۇ قەنائەت قالمادى،
مۇنىڭ ئۇچۇن قورۇلۇپ تۇرمىش بۇ يەگىلىغ بۇ زەمان.

ئەھلى زەر، سۇدخور ئەزىزۇ زىرەكۇ دانالا خار،
فىسق ئېلى، نادانلا سېيراب مۇتتەقى موللالا زار،
ياخشىلاردىن قاچىبان، لۇكچەك قىماربازلارغە يار،
شىيۋەئى چەرخ رەفتارىنى ئەسفەلىنكىم ئەئلانى خار،
ئاھ ئىلە ئەفسۇس نەدامەتكىم ئەجەب بولدى زەمان.

شائىرا، ھەر نەۋئى ئەلدىن شىكۆە ئىلە قىلدىڭ نىدا،
ۋالى، ئالىم خەلفە، ئىشان، سەييىدى ئەھلى غەزا،
قارى، دېھقان، سەۋداگەر قالماي ھەمە كاسىب گەدا،
خەتم قىل، يۈز تىل بىلە قىلساڭ ئەگەر بولماس ئەدا،
كۆللى يەۋم بەدتەر بولۇر ھەرگىز تۈزەلمەس بۇ زەمان.

ھەزنە دەرمىز، ھەرنە بولغانكىم ئېرۇر ئۆز فېئلىمىز،
تاشىبان ئەندازەدىن چىققتى بەسى ئەفئالىمىز،
دائىما لەھۋۇ لەئەبدۇر ئۆتسە غەم يوق سالىمىز،
دلغى بىدار ئولماساق بولغاي نېچۈك ئەھۋالىمىز،
شۇنچەدە ئىنساف بەر بەندەڭگە، يارەب، بۇ زەمان،

قۇرۇلۇپ ئالەم بۇ رەڭ نەچچەند ئەلامەت بولغۇسى،
ئەيش ئىلە ئۆتكەن زەمانلاردىن نەدامەت بولغۇسى،
ھاھ باشلىق ئەھلى مەنسەبكە مەلامەت بولغۇسى،
داغى نەچچەند ئىش ئۆتۈپ ئاخىر قىيامەت بولغۇسى،
بۇ ئەلاماتى قىيامەت ھەم ئىرۇر ئاخىر زەمان.

ۋەقتىنى بىلگىل غەنىمەت ۋەسف ئىلە شىكۋەڭنى قوي،
بىئىرادە بولماغاي ھەر ئىشكى ئەفسانەڭنى قوي،
سەئيى ئىلە كەتكىل چىقىپكىم خانەۋۇ مانىڭنى قوي،
ئۇستىگە ئانىڭ ئۆزۈڭ بىرلە يەنە زاتىڭنى قوي،
ۋەقتىنى بىلگىل غەنىمەتكىم تۆزەلمەس بۇ زەمان.

ھەرنىچۇكدۇر بۇ زەمانغە ھەم يەنە شۇكر ئەيلەلى،
ئۆزنى سالماي غەفلەت ئىچرە دائىمازىكر ئەيلەلى،
يانە بىر قەرنىغىچە نە بولغۇسى فىكر ئەيلەلى،
ماشۇەللاھ تەرك ئېتىپ، ئەللاھ دەبان شۇكر ئەيلەلى،
ھەرنىچۇكدۇر دىنغە دەخل ئەتمەس غەنىمەتدۇر زەمان.

بىز كەبى غافىل مەئاسىلار دەردىغا نەتكۈمىز،
جانۇ دىلدىن تەۋبە ئەيلەپ دىيدە گىريان ئەتكۈمىز،
سۇبھۇ شام ھەقدىن تىلەپ مەقسەد سارىغە يەتكۈمىز،
گىرمىسە دەۋرى بارىپ بۇ قارە يۈز ئاق ئەتكۈمىز،
مىلك ئۈمىدكىم بارغۇمىز دەپ ئەنقەرىب ئىچرە زەمان.

نەقدى ئۆمر سۇدەك ئاقىپ كەتتى سەلاھغە پاتمادۇق،
سۇبھۇ شام رەشكۇ نىفاقۇ ماۋۇ مەندىن قاچمادۇق،
بىر-بىر ئارقا كەلدىلەر ئەلچى ئاگا بىر باقمادۇق،
سىدقى دىلدىنكىم كەرىم ئىشكىنى ھېچبىر قاقمادۇق،
بۇ كەبى غەفلەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ تۇردۇق زەمان.

تىش تۇشۇپ ئەللىكدىن ئاشدى باش-ساقالغە كىردى ئاق،
گاھى تۇگلۇق، گاھى نوگلۇق، گاھى ئاغرىق، گاھى ساق،
غافىلا، تىز ئويغانىپ ئۆتكەن ئۆمر ھالىڭغە باق،
تەۋبە ئەيلەپ زار ئىلە گىريان ئولۇپ تەڭرىڭگە باق،
قابىزۇل-ئەرۋاھ كېلۇر ئارام بەرمەس بىر زەمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈست ئۇلۇغلار قول-پۇتۇڭ بارغانسېرى ھالىڭ خاراب،
خەم بولۇپ قەددىڭ ئۆلۈم سارى سالام ئەيلەپ قاراپ،
بىر كەمىندە ۋەقتىغە مەۋقۇف ئىرۇر تۇرمىش ماراپ،
تۇيماغايسەن جان چىقار دەمنى ئەيلەگەيلەر يۇپ-تاراپ،
بارمىدىڭ يا يوقمىدىڭ بۇ بىۋەفا ئىچرە زەمان.

ئاھكىم ئۆمر ئىچرە تاپماي بىر كەمى ساھىب چىراغ،
خابى غەفلەتدىن ئاچىلماي كۆزلەرىم سىزدى قاراغ،
ئەمدى قانداق بارغۇمىز ھىچ بولماسە بىزدە ياراغ،
قايسى تىل بىرلە جەۋاب مۇنكىر-نەكىر قىلسە سوراغ،
ۋايكىم، گور ئىچرە بىلمەم كىمنى دەرمەن ئول زەمان.

ئۆزرىگە تىل يوق نەدامەتدىن قىلىپمىز سىينە چاك،
سەن ئىرۇرسەن ھەممەگە دانا كەرىم، ئەي زاتى پاك،
فەزلى قىلساڭ خاھ غەزەب قىلساڭ ئىرۇرمىز مۇشتى خاك،
بۇدۇ نابۇد خەيرى-شەررىمدىن ساڭا يوق ھىچ باك،
بەندەڭ ئۆزرە سەن غەفۇر، غەمخار ئىرۇرسەن ھەر زەمان.

يۈز تۈمەن ئەفسۇس، خىجالەتلىك بىلە قاتمىش باشىم،
ئايغالى ھىچ كارى خەيرىدىن ماڭا يوق قىلمىشىم،
ھەرنە قىلساڭ تەلمۈرۈپ ئۈممىد ئىلە تۇرماق ئىشىم،
نە ئۈچۈن، ئۆزۈڭ ياراتقان، ئۆزگە بىرلە يوق ئىشىم،
ئۈشبۇ يەڭلىغ نەيلەگۈم تۇرماقدىن ئۆزگە ئول زەمان.

## مېۋىلەر مۇنازىرىسى

قايسى بىر قۇدرەتلەرىڭ ئەيلەي بەيان پەرۋەردىگار،
ھەممەئى زىبىجانىكىم سۇنئىڭدىن ئىرمىش كىردىگار.
توختاتىپ ئەۋۋەلدە ئانداغ ئەژدەرىكىم دىلپەزىر،
ھەم ئەتا ئەيلەپ ئاڭا قابىل، مۇكەممەل تۆرت ۋەزىر.
ھەر ۋەزىرغە داغى ئۈچدىن لۇتف ئىتىپ يارى ئەزىز،
بۇ ئەزىزلەردىن ۋەزىرلەر تاپىبان تۇئمە لەزىز.
ھەر ئەزىزغە يانە ئوتتۇز مەھرەمى چابۇكسەۋار،
نىسبى ئاق، نىسبى قارا ئات ئۆزرە بولمىش بەرقەرار.
داغى ھەربىر مەھرەمىگە فەزل ئىتىپ بەشدىن ياراغ،

بۇ ياراغ بىرلە ئۆلارنى ئەيلەبان خاتىر فەراغ.
ھەزرەتى ئادەم بىلەن ئېردى بۇ ئەژدەر بەرقەرار،
ئۆلمەيىن تۇرمىش قىيامەت بولغۇچە بۇ پايىدار.
لۇقمە ئەيلەر ھەر كېچە ـ كۈندۈز زەمىن دابانىدىن،
نەچچە لەك، نەچچە تۇمەن ھەر فىرقەئى زىيجانىدىن.
سەبزە رەڭ، ئاقۇ قىزىل، ئەسۋەد لىباسىن كۆرسەتىپ،
غەفلەت ئەيلەپ نەقدى جان ئىلتىپ فۇنۇنىن ئويناتىپ.
خابۇ غەفلەت بىرلە بۇ ئەژدەرنىڭ ئەفرادىن ساناپ،
ئاھكىم ئۆمرى ئەزىزنى ئۆتكۈزۈپ بىر ـ بىر ساناپ.
ھەمدۇلىللاھ، بۇ تەرىقە قىش ئۆتۈپ كەلدى بەھار،
قۇدرەتىڭ بىرلە چىقاردىڭ خۇشكى چۆبىن سەبزەزار.

× ×

بەندەئى مۇئمىنلەگە ياز نېئمەتى كۆرسەتتى رۇخ،
ئاچىلىپ سەۋسەن، سارىغ گۈل شۇيە بىرلە گۈلسۇرۇخ.
ناگەھان كىردىم تەماشا ئەيلەمەككە باغ ئارا،
مېۋەلەر تۈزمىش پىشۇرغە مۇنتەزىر ياپراغ ئارا.
پىشقان ئېركەن ئۈجمە ئەسمارلار ئارا قىلمىش نىدا:
«ئەيىۋھەت ـ تىفلانىكىم، قىلغىل ماڭا جانىڭ فىدا.
نە ئۈچۈن پىشتىمكى بارچە مېۋەلەردىن ئىلگەرى،
ياخشىلارغە ھەم يېڭىلىق دەپ تۇتارلار ئىلگەرى.
بۇ كەبى شىردىن ئېرۇرمەن تامشىبان ئەرنىن شوۋار،
ھەركەرەسنە ئاشى يوق بىچارەلەر قارنى تويار.
يوق ئېرۇر ئالەم يۈزىدە مەن كەبى شىرىن سەمەر،
شىرنە ئەيلەپ ياخشىلارغە قىلغۇسى ھەلۋايى نەر.
نەچچە نەۋئى قۇچقاچلار يەپ دائىم مېنى سىيراب ئولۇر،
ھەممەدىن بەھتەر مۇقەددەم زىبەسى شاداب ئولۇر.»
نەچچە رەڭدە باردۇرۇر شاتۇت كەبى ئايماقىمىز،
خەشك ئېتىپ مېھمانەلەر ئالدىغە ئىلتۇر قاقىمىز.
ئۇشبۇ سۆزلەرنى جىنەستە ئاڭلابان دەرھال كېلىپ،
چۈشتى چابۇك ئۈجمەنىڭ سىرراھىنى ئالدى كېلىپ:
«چاغلاماي ئۆزۈڭنى نېچۈن ماختابان چوڭ سۆزلەدىڭ،
گويىيا ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ كۆپ جەفالار كۆزلەدىڭ.
بىز مۇيەسسەر بولماغاچ بارمىش ساڭا ئەتفاللار،
ۋەرنە دەفسەپ يۈرگۈسى ئىتلار، ئىشەك ھەم ماللار.
تەئرىدى ئەتتىڭكى ئۆزۈڭنى ئۈجمەلەر جايىڭ قايان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باغ ئىچىدە مېۋەلەر خېلى ئارا جايىلىق قايان.
يوق ساڭا باغ ئىچرە ئەسمارلار ئارا ھەرگىز ئورۇن،
يەر سېنى گۆدەك، زەئىفە، ئاشى يوق ئەسكى ھورۇن.
جەرگىگە ئالماي سېنى تىكمىش قورۇقلار قاشىغە،
ياكى تىكمىش ھارغان-ئاچقانلار ئۈچۈن يول تاشىغە.»
ئۈجمەنى قىلدى جىنەستە تەڭۇ لالۇ بۇ زەمان،
مەن چىرايلىق دەپ ئۆزىنىڭ ۋەسفىگە ئاچتى زەبان:
«مەن پىشۇرمەن ئىلگەرى باغ ئىچرەكىم مەرجان كەبى،
ھەممەگە مەھبۇبراق تەن ئىچرە گويا جان كەبى.
يول ئۆزە ئىككى تەرەف زىننەت ئىرۇرمەن باغ ئارا،
رەشكى ھەسرەتدىن قالۇرلار بارچە مېۋە داغ ئارا.
دانەمە ئالىپ چىنە، تەخسىگە، شاخىم لوڭقىغە
مەن ئۈچۈن مەھبۇبۇ مەنزۇر، كىمسە باقماس سوڭقىغە.»
ئاڭلابان بۇ سۆزنى ناگەھ كەلدىلەر ئۆرۈك يېتىپ،
دېدى: «ئەي ھەيز، نە ئۈچۈن چوڭ سۆزلەدىڭ ئۆزدىن كېتىپ؟
باقمايىن زاتىڭغە ھۇسنۇڭغە بەسى مەغرۇرسەن،
بىمەزە ھەم بىنەمەك ئالەم ئارا مەشھۇرسەن.
لىك تەئمىڭدۇر كىفەزلىك ئىچرە كەم ئەت خەندەكى،
ئارى ھەركىم كۆرسەلەر ئەندەك قىلۇرلار خەندەكى.
زاھىرىڭ ئانچە چىرايلىق، باتەنىڭدە يوق سەفا،
بار مەسەل بولماس چىرايلىق ئىچرەكىم ھەرگىز ۋەفا.»
ئۆرلەشىپ ئۆرۈك جىنەستە نازىكىن لال ئەيلەدى،
بۇ نەفس بىچارەنى سەلبىلە بەدھال ئەيلەدى.
قىچقارىپ ئۆرۈك ھەم ئەسنافلارنى: «سەن قايان،
بىز تۇرۇپ ئۈجمە، جىنەستە تىل ئۇزارتمىش ھەرسايان.
مېۋەلەر ئىچرە ئېرۇرمىزكىم بەسى ئەسنافلىغ،
خۇشلۇق ئېرۇرمىز، شاھى ھۆل شەھەر ئارا ئەۋسافلىغ.
پىشقالى تۇرساق ھەمە ئىنسانلار يەپ سىيراب ئولۇر،
چوڭ-كىچىك، شاھۇگەدالاركىم بەسى شاداب ئولۇر.
يەپ بولالماي نەچچە پاتمانكىم يىغىپ قاق ئەيلەبان،
ماڭدۇرۇپ ھەرسارىغە ئول بىزنى ئورتاق ئەيلەبان.
مەغزىمىز باردۇر گەزەك خېلى بىلە ياران ئارا،
شەربەت ئەيلەپ تەشنەلەب بولغانغە گەرمىستان ئارا.
يازۇ قىشلاردا ھەمە شەھرلەر ئارا سىيراب بىز،
قانچە سەرف ئەتسە تۈگەنمەسمىز بەسى سىيراب بىز.

باغ ئىچىدە ئۆزگە مېۋە نېسىۋى بولسە، نېسىۋى بىز،
نە ئۈچۈن بۇ مەغزىمىز خورما يېمەككە سىنفى بىز.»
ئۈشبۇ سۆزنى چىلگە شاپتول ھەم مېيانسال ئاڭلادى:
«بىزنى يوق دەپ بۇ ئۆرۈكلەر ئۆزنى ئانچە داڭلادى،
ئارى بىز پىشقۇنچە يەر ھەركىم ئۆرۈك شالتاقىنى،
ئەھلى تىبلار بىز تۇرۇپ نېتكەي بۇ رەڭ قالتاقىنى.
باغ ئارامىلار ئورنىدا بىز دەم بەدەم قايىم مەقام،
شاھ، ۋەزىر، ئەشراف ئارا مەنزۇر ھەم قايىم مەقام.
ئەۋۋەلى يازدىن تۈگەنمەسمىز ئاخىرى باغ ئارا،
شەھدۇ شىرىنلىكدە بار بىزكىم ئەسەلدەك ياغ ئارا.
ھېچ تۈگەنمەس تىل بىلە ئەسناف ئىلە ئەۋسافىمىز،
شۇنچە بەس قىلدۇق، نېچۈككىم بار ئېرۇر ئىنسافىمىز.»
ئاڭلاماي بۇ سۆزنى ئەنجۇر تۇرغان ئېركەن باغ ئارا
كۆرمەيىن شافتالۇنى قالغان ئىكەن ياپراغ ئارا.
دېدىلەر: «ئەي بەھايا، نېچۈن ئۇشۇق مۇنچە سۆزۈڭ،
مۇنىچۈن شەرمەڭ قاچىپ تۈك باستىلار بارىن يۈزۈڭ.
ئەۋۋەلى پىشقانىمىزنى تۇھفە ئەيلەپ شاھقە،
بىز نەسىپ ئېرمەس كېرەكسىز فىسقى ئەل گۇمراھقە.
شاد ئولۇرلار بىزنى يەپ شاھۇ گەدا ھەم بىنەۋا،
بارى بىز سالىمغە قۇۋۋەت ھەم مەرەزلەرغە دەۋا.
بىر-بىرىگە ھەدىيە ئەيلەپ تەبىبلەر ئاسراغاي،
خۇشكىمىز مۇھتاجغە لازىم دەپ دەبىبلەر ئاسراغاي.
تەبئىمىز نازۇك تولا بولماقنى خاھىش ئەيلەمەس،
باغبان تىككەن بىلەن كۆكلەرگە بالىش ئەيلەمەس.
ئانچە كىم ئەۋسافىمىز ھاجەت ئەمەس ئەتمەك بەيان،
نە ئۈچۈنكىم چوڭ-كىچىك خەلقلەر ئارا باردۇر ئەيان.»
ئۈشبۇ دەم ئەنگۇر ئىشىتتى باغ ئارا ئەنجۇر سۆزىن،
كەلدىلەر سۇرئەت بىلە ئەنجۇر سارى تىكتى كۆزىن.
دېدى: «ئەي ئەنجۇر، نېچۈك لاف ئۇرغاسەن تاق شاخۇشاق،
كىمكى يەر بولسە ئۇرار ئەۋۋەل يۈزۈڭگە پاق-پاق.
مېۋىلەر ئىچرە ئەجەب شۆمشۈك، بەسى ئەۋۋارەسەن،
خام قالۇرغە يا قۇرۇپ قالماققە كىم تەييارسەن.
ئۈششۈگەيسەن ياز كۈنى مۇنچە ياپىنچاڭ بولماسا،
ھەم قۇرۇرسەن قىشتاكىم فەلاز-سالىنچاڭ بولماسا.
قىش كۈنى قول-پۇتلارىڭنى پۈكلەبان كۆممىش سېنى

www.uyghurkitap.com

يازدا قانچە مېھنەت ئەيلەپ قول ـ پۇتۇڭ ئاچمىش سېنى،
بار كۆمۈلمەك ھەم ئاچىلماقدا ئىكەۋلەن تەۋئەمان،
لېك بەسى بىنەفشىمەندۇر، مەن بەسى نەفشى رەسان.
پىشقانىمدىن تارتىبان يەر شاھ ـ گەدالار قىشۇ ـ ياز،
قىش كۈنى ساقلاپ تۈگەنمەسلەر مېنى تا ئەرتە ياز.
بىلمەگەنلەر قۇۋۋەتى بار دەپ سەقەنقۇر ئىزدەمىش،
بولماسە مەۋجۇد سەقەنقۇر تاكى ئەسەنقۇر ئىزدەمىش.
بۇ ئىكەۋدە بار نەچۈككىم خاسىيەت مەندىن چىقار،
يۈسۈفى يەڭلىغ مۇسەللەس شىرەسى مەندىن چىقار،
ئانچەكىم شىرنەۋۇ شەربەت سىركەلەر مەندىن چىقار،
لەئل يەڭلىغكىم مەيى ناب ئىزدەسە مەندىن چىقار.
قانچە يەيدۇر ھەزم ئولۇبان بولغامەن شىرىن غىزا،
ھېچكىسلەرگە مېنىڭدىن يەتمەگەي زەررە ئىزا.»
ئاڭلابان بۇ سۆز، قىزارتىپ چېھرەسىن يەتتى ئانارە
بۇ غەزەبلىكدىن يارىلمىش ئۇرلارى گوياكى نار.
ئاڭلاغىل سۆزنى مېنىڭدىن بىھەيا، ئەي تاكلار،
شىرەسى قايدا بىلۇرمۇ فىسقى ئىلە بىباكلار؟
قىلمايىن زەررە تەجاۋۇز ئەتسە گەر ھۆكمى كىتاب،
كەيفى يوقتۇركىم ئانى ئىچسە بولۇر، يوقتۇر ئەزاب.
لىك يوقتۇر بۇ زەمانە ئىچرە ھەرگىز شەرئىسى،
شەرئىسىدىن قالماغاي نامۇ نىشانۇ فەرئىسى.
ھۆللەغە ھېچ ھۆكم يوق ئىچمىش بەسى مەردان بۈگۈن،
بىز كەبى دىلخەستەغە، يا رەب، پەناھ بەرگىل بۇ كۈن.
نە ئۈچۈن چوڭ سۆزلەدىڭ، ئەي مەنشەئى فىسقۇ فەسادە
كىمكى سەن بىرلە مۇلەۋۋەس بولدىلار تاپماس مۇراد.
دۇنيەۋى ھەم ئۇخرەۋى كارىغە سالمىشسەن زەرەر،
ئەلھەزەر، سەندىن نەچە يۈز تىل بىلە يۈزمىڭ ھەزەر.
ئايىتا بەرسەم ھېچ ئەدا بولماس مۇكافاتىڭ سېنىڭ،
يەتمەگەي ھېچ بەندەئى مۇئمىنگە ئافاتىڭ سېنىڭ.
ئارىكىم ئۇبدانلىقىڭ تاك ئۈستىدىن ئالىپ يېسە،
ئەۋۋەلى قىشدا ئالىپ ساپىڭ بىلە ئاسىپ يېسە.»
ئەنگۈرىكىم بۇ ئانارنىڭ سەلبىدىن تاپتى ئەمان،
ھەممەدىن ئەئلا قىلىپ ئۆز ۋەسفىگە ئاچتى زەبان:
«گۈللارىم خاھى ئۈزۈم باغ ئىچرە زىينەت نارمەن،
بار ئۇلۇغ كۈھنە كېسەلگە شەربەتى دىنارمەن..

پادىشاھ، ھاكىم، ۋەزىر ھەم ئەغنىيادا بارمەن،
نە ئۈچۈنكىم ناتەۋان مۇھتاجغە دەركارمەن.
مىنىڭ تىل ئىلە دائىما ۋەسفىمنى گەر قىلسام شۇمار،
تاتلىغىم، خاھ ئاچچىغىمدا خاسىيەتلەر بىشۇمار.
شۇمچەسى بەس، ئۆزگەلەردەك ئۇرماغىم يوق لافى قاق،
گىنەۋۇ رەشكۇ ھەسەددىندۇر دىلىم ئەلبەتتە ساف.»
ئۇشبۇ ئاندا مېۋەلەردىن ھەربىرى تاپدى خەبەر،
ھەر بىرى ئۆز خاسىيەت ئەۋسافىدىن بەردى خەبەر.
كەلدىلەر دېدى بىھىكىم: «ھەممەدىن خۇشبۇيمەن،
كىم تىزىپ قويسە ئۆيىگە پۇر مۇئەتتەر جويمەن،
كىم قولىدا بولسە ئول ۋەسۋاسىدىندۇر ئافىيەت،
ئۇشبۇ يەڭلىغ بار ئېرۇرلەر مەندە نەچچەند خاسىيەت.
ئالما كەلدى بۇ زەماندا ئايدىلار: «ئەي قۇيقۇلۇق،
مەستىسەن يا كەيف يا دىۋانە يا سەن ئۇيقۇلۇق.
بۇ كەبى چوڭ سۆزنى يانە قىلماغىل ھەرگىز دوبارە،
مۇنىچۇن بىنۇر ئېتىپ چېھرەڭنى ياپمىشدۇر غۇبار.
مەن ئېرۇرمەن ھەممەئى ناسلار ئارا مەرغۇبراق،
قىز-جەۋان، نازۇك يىگىتلەر نەزدىدە مەھبۇبراق.
دەرمەھەل يىدلاپ ئالىپ بىر-بىرىسىگە تۇتمىش مېنى،
ياتىزىپ تەخسە ئۆزە ئەشرەف ئارا قويمىش مېنى.
ھۆل يىمىشلەر ئىچرە يانە پىشقۇچە ساقلار مېنى،
يا مۇرەببباغە ۋەيا مېھمان ئۈچۈن ساقلار مېنى.»
بۇ زەماندا نەشپۇتى نازۇك بەدەن كەلدى يېتىپ،
ياندىشىپ ئارمۇد جىلاۋىدا نىدا قىلدى يېتىپ،
دېدى: «ئەي ئالمە، نەسۆز قىلدىڭكى ئەتراپىڭغە باق،
خار ئولۇپ، ھېچكىم يېمەي كەتكەن سىبىسىپ زەئفىڭغە باق.
ئالىغالى بولماس ئاغىزغە بەئزەسىن دەيدۇر قىمىز،
ئەكسەرىڭدۇر بىمەزە بارسەن ۋەلې ئەھلى تەمىز.
كىبىر ئىلە خۇدبىنلىقىڭنى زەررەئى قويماي قۇرۇت،
تۇشمەگەي ۋەرنە ئىچىڭگە لافىدىن نەچچەند قۇرۇت.
مېۋەلەر ئىچرە ئېرۇرمەن بارچەدىن ئەئلا زەرىف.
شاھ گەدالار ئالدىدا مەنزۇرىدۇرمەن ھەم لەتىف.
تۇھفە ئەيلەر بىر-بىرىسىگە مېنى ھەرنەۋئ ئولۇغ،
نە ئۈچۈن بارمەن لەتىف ھازىم بەسى شىرىن سۇلۇغ.
ھەر بىرىمىزنى ئەزىز تۇتقانىدىن كاغەز ئوراپ،

www.uyghurkitap.com

يەتمەسۇن ئىسسىغ ساۋۇق ئاپەت دەبان ساندۇق سولاپ.
گەرچە يەتسەك ھەرقاچانكىم شاھلىق نەزدىگە بىز،
تۇھفە گەر ھەرنەۋئى بولسە، ھەممەدىن مەنزۇر بىز.
ھاجەت ئېرمەس ۋەسفىمىزنى خەلق ئارا ئەتمەك بەيان،
كىم يەبان لەززەت تاپىپدۇركىم ئاڭا ئېرمىش ئەيان.
ئۆرلەشىپ كەلدى پاراك ئەيلەپ بۇ دەم خەيلى ياڭاق،
دېدىلەر: «ئەي نەشپۇتى، كۆپ سۆزلەمە، بىز سارى باق.
قىز - جەۋانلار ئېيدى ئايەم بولسەلەر ئويىنار مىنى،
قولتۇقى ئىچرە ئەزىز پىستانىدا ساقلار مىنى.
مەغزىمىزنى ساندۇق ئىچرە ئات - قېچىرغە ئارتادۇر،
ئانچەكىم ئەئزاز ئىلە بىز يوق شەھەرگە تارتادۇر.
چاقمايىن خۇشك ئەيلەبان، ئارتىپ يەنە نەچچەند تاغارە
يىگۇزۇپ نەچچەند شەھەرلەر ئىچرەكىم قويىمش بازار.
كۆرمەگەنلەر بىزنى كۆرمەك بىرلەكىم ھەيران ئولۇر،
قىز - جەۋانلار مېھرىبانلىق ئەيلەبان گىريان ئولۇر.»
كەلدىلەر ئەينالۇ، ئالۇچە، قارائۆرۈك بۇ زەمان،
بۇ ئۈچەيلەن بىر بولۇپ ئاچتى ياڭاق سارى زەبان.
ئايدىلاركىم زەرب ئىلە: «ئەي باشى ئايلانغان قۇتۇر،
بىزلەدىن سۆز ئاڭلاغىل، دەرھال كىلىپ تۇرغىل ئۆتۇر.
باغ ئىچىدە مىۋەلەردىن سەن ئېرۇرسەن خارۇ زار،
ئەينى كۆلفەتدىن بولۇرسەن كەچ كۈز ئىچرە زارۇ زار.
ئەۋۋەلى كۆلفەت بۇكىم نەچچەند كىشى تۇتمىش تاياق،
ھەر تەرەفدىن بىئىبا ئۇرمىش باشىڭغە ۋاق - ۋاق،
خۇلدىنىڭ زەربى بىلە بىھۇش ئولۇرسەن ھەم گەرەك،
زەبتىدىن ئۇريان ئېتىپ، زۇلمىلە سويمىشدۇر تېرەك.
ئۆگزەگە تاشلاپ سىنى خۇشك ئەيلەسۇن دەپ ئافتاب،
نەچچە كۈن ئۆتكۈنچە ئەتراپىڭدا ياتمىش ئىت ماتاپ.
ئۆگزەدىن نالەڭگە باقماي يەر ئۈزە تاشلار سىنى،
نەچچەلەر قارنىڭ يارىبان چاققالى باشلار سىنى.
تىفلىلەرنىڭ ئالدىغە بويلاشتۇرۇپ قويمىش كۆتەك،
ھەر بىرى ئالدىغە تۆكمىشدۇر سىنى نەچچەند ئېتەك.
ياتقۇزۇپ ئۆزرە كۆتەك تاش بىرلە ئۇرمىش شاق - شاق،
بۇ كەبى نەچچەند زەمان تىفلان ئېشىدۇر چاق - چاق.
كىمزىب ئەمەس، ئەسمار ئارا مۇنچە مىھنەتكەش ئۆزۈك،
قىز - جەۋانلارنى ئالىپ ئاغزىڭغە نېچۈن چوك سۆزۈك؟

بىزگە سادىقدۇر ئەگەر ئەۋسافى قىلساقكىم نىچۇك،
كۆرگەلى مەھبۇبىراقكىم ھەم يىمەككە بىز سۈچۈك.
باغ ئىچىدە بار ئىرۇر ئەسمارلار ھەر نەۋئى رەڭ،
بىز ئىرۇرمىزكىم مۇئەززەز لەئلى رەڭۇ زەرمۇرە رەڭ.
مۇختەسەر قىلدۇقكى سۆز، ئەيب ئەتمەسۇن ئەھلى زەمان،
كۆپ ئەمەسدۇر سىنفىمىز باغ ئىچرە بار بىز ناگەھان.»
ئاڭلابان بۇ سۆزنى كەلدى بىرلەشىپ جىگدە، چىلان،
قالغان ئىركەن چىت تۇبى، تام تۇبلىرىدە ئول نىھان.
دىدىلەر: «ئەي مۇددەئىلەر، بىزمۇ باغدا بار ئىدۇك،
ھەر ئىكەۋلەن چوڭ-كىچىك ئىنسان ئارا دەركار ئىدۇك.
كىم كىبەل ئىزدەپ تاپۇر سالماق ئۈچۈن كاشافىغە.
ھەر دۇكاندار ھەم تاپىپ ساقلار ئالىبان قافىغە.
كىمگەكىم بولسە زىيادە ھەر زەمان خۇنى فەساد،
شەربەت ئەيلەپ ئىچسە ئىردى دەپ قىلۇرلار بىزنى ياد.
قىپقىزىل تۇرساق ئىكەۋلەن زىننەت ئىرۇرمىز باغ ئارا،
ھەم مۇئەززەز تۇرغامىز نەشتەر بىلە ياپراغ ئارا.»
بىر-بىرىنى ئۇشبۇ يەڭلىغ سەلب ئىتىپ ماختاپ ئۆزىن
بەھس بىرلە سەئيە ئىتىپ بىر-بىرىدىن ئۆتكۈزمەك ئۆزىن.
ماجەرايىكىم بۇ يەڭلىغ ئۆتتىلەر ئەسمار ئارا،
فەۋجۇ فەۋج، سەف-سەف يىغىلدى تۇرمايىن ئەشجار ئارا.
بار ئىدى ئەشجارلار باغ ئىچرە خاھى تاغ تەمىز،
ئىتتىفاقەن دىدى: «بولسە بىر ئۇلۇغ ئەھلى تەمىز.
ھەر قوپال باشسىز ئىرۇر قوپمىش نىفاقۇ ماجەرا،
تۇتسە مەھكەم بىر ئۇلۇغنى پەست ئۇلۇر چۇنۇ-چەرا.
ئالتە كۈنلۈك ۋەقتىمىزغە بىز قىلىپ مۇنچە جەدەل،
كاش بولسە ئىردى بىر سۇلتانى ئادىل بىبەدەل.
سەبزەزار ئولدى نە گۈللاركىم ئاچىلماي قالمادى،
ئازغىنە مۇددەت ئۆزە بىر-بىر ساچىلماي قالمادى.
تۇشمەيىن ئەسمارلار ئەشجار ئۆزە تاپماس ئەمان،
خۇشكى چۆپ ئولمىش دەرەخت ياپراقلارى تۇشمەك ھەمان.
مۇنچەلىك ۋەقت ئۆزرە نىچۇن رەشك ئىلە قىلماق ھۇسۇد،
ئۇپرابان زەرداب يۇتماقدىن بولەك ئاندىن نە سۇد؟
ھەر نەباتاتۇ جەماداتكىم ئىرۇر سۇلتانى يوق،
جىسمى سۇرەتدۇركىم ئانىڭ، ئىچرە ئانىڭ جانى يوق.
بار ئىرۇر نەچچەند كەمانلاركىم ئاڭا ھىچ تىيرى يوق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاتقالى بولماس يېتەلمەس تاكى كامىل پىرى يوق.»
سۆز بۇ يەرگە يەتتى شاھ قازى، ۋەزىر نەسىب ئەيلەمەك
مۇتتەفىق ئەيلەپ ئۇلارنىڭ خەرخەشىن بەست ئەيلەمەك
ئىتتىفاقەن خۇرمەكىم ئەفزەل ئېرۇرلار بىگۇمان،
خۇش كۆرەركەن نە ئۈچۈن پەيغەمبەرىم ئاخىر زەمان.
بار ئېرۇر لايىق سەزاۋار ھەممەگە شاھ ئولسەلەر،
لۇتپ ئېتىبان بارچەنىڭ ھالىدىن ئاگاھ ئولسەلەر.
مۇفتىكىم ئارمۇد، بىھى خۇشبۇي قازى بولسەلەر،
نەشفۇتى بىرلە ئانار شىرىن لەزىزۇ دىلفەزىر،
بۇ ئىكەۋ شەھنىڭ ئىكى ياندا كىم بولسە ۋەزىر.
ئاق تاياقىنى تۇتۇپ بادام ياساۋۇل بولسەلەر،
بۇرچى خانە ئۈزرە شاپتالۇ باكاۋۇل بولسەلەر.
ھەم جىنەستە بىرلە ئالۇچە، چىلان مەھرەم بولۇپ،
تۇرسەلەر شاھ خىزمەتىدە ھەرزەمان ھەمدەم بولۇپ.
ھەم قارارۇك بىرلە ئەينالۇ ئىكەۋلەن غەزنەچى،
بولسە سالك ئۈزرە ياڭاق ئۆرۈك ئىكەۋلەن ۋەزنەچى.
ئالما ئەنجۇر بۇ ئىكەۋلەن بولسە مىرزا مۇھتەرەم،
زەر قەلەم بىرلە رەئىيە ئۈزرەكىم ئەيلەپ كەرەم.
بولسەلەر شاتۇت ئىلە ئەنگۈر ئىكەۋلەن ئاش باشى،
ئۈجمە بىرلە جىگدە بولسە بو ئىكەۋ فەرراش باشى.
قىلسە قاغۇن بىرلە تاربۇز ئىككىسى لەڭگەرچىلىق،
مېۋەسىز ھەممە دەرەختلەر قىلغۇسى فۇقراچىلىق.
ھەر بىرىسىنى بۇ رەڭ ئۈزرە ئەمەل نەسىب ئەيلەبان،
رازى ئەيلەپ، ماجەراسىنى يەنە پەست ئەيلەبان.
شائىرى ئەفسانەگۇنى زىخىرەد ئەيىب ئەتمەگىز،
ئەفۇ ئېتىپ نەزمە ئارا نۇقسانىنى سەلب ئەتمەگىز.
پۇر قۇسۇر نۇقسانىمە ئىقرار ئولۇپ خەزم ئەيلەدىم،
غەيرى مەشرۇئاتۇ، مەشرۇئاتلار نەزم ئەيلەدىم.
دەرج ئېتىپ ئەسمارەلەر جەمئ ئەيلەمەكدىن مۇددەئا،
مەن كەبى ئاسىي كۆرۈپ، رەھم ئەيلەبان قىلسە دۇئا.
مېۋەلەر سۆزلەتمەكىمدىنكىم ئېرۇرلەر بۇ غەرەز،
نە ئەجەب دىلسەخنى ھاسىد بىز كەبى ئالسە غەرەز،
قىلسە يارلىغ ھەۋز ئېتىڭلار دەپ ئەگەر قىشلاقىغە،
مۇتتەسىل ھەق رەھمەتى بولغاي شەھەنشاھ ئالىغە.
ئول شەھىنكىم شەرئى ئۈزرە دائىما جانباز ئېتەر،

ئۆمرى دەۋلەتكە مەلىك ئىنسان ئارا ئاغاز ئېتەر،
ئۆشبۇ يەتكىلىغ خۇش سەئادەت شەھ چىقارسە نىكۇنام،
رازىدۇر ئەللاھ كەرىم، لۇتف ئەيلەگەي خەيرۇل - ئەنام.
ئالىمۇ فازىل ئارا ئىززەت بىرىبان شاد ئېتەر،
زىممەگە ۋاجىب بىلىپ دائىم دۇئادا ياد ئېتەر.
زۇلىم رەس ئاجىزلاغە ئەدل ئەيلەگەيلەر سائەتى،
ياخشىراق بۇكىم قىلىپدۇر ئىككى ئالەم تائەتى.
شائىرا ئەيلەپ دۇئا تۇرغىلكى مەدھى شاھدىن،
بولماغاي ھەرگىز ئەدا ئايتۇرسە سالۇ ماھدىن.
شاھقا لايىق بولسە كۆپ قۇرئان شىرىق خاھ جۇزئىيات،
قانچەكىم ھۇسنۇل - ھۇسەيىن مىرزا بىدىلى كۇللىيات.
سيمۇ زەر، دۇررۇ جەۋاھىر گەرچە باردۇر بىنەددە،
بولسە خۇب نەچچەند دەلائىللار كۆتۈب نەچچەند ئەدەد.
ۋەھ، نە خۇشدۇر، شەرئى ئۆزرە بولسە پەرمايىشلارى،
دائىما تەھقىقۇ تەفتىش بولسە ئەزمايىشلارى.
دەم ئۇۋالماس خەسمەلەرگەر بولسە ھەر بىر ئەژدەرى،
شاھقا لايىق ئىشتىسە «نامەئى ئىسكەندەرى.»
بىلگەنىچە شائىرى قاسىر تەرەننۇم ئەيلەدى،
بەس ئېرۇر شاھ بىردە - بىر يەردە تەبەسسۇم ئەيلەدى.

---

(بېشى 169 - بەتتە)

تۇۋا قىلىش ھەققىدە

ھەقىقىي تۇۋا - ئۆزىنىڭ يارىماس، يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، ناتوغرا ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتماقتۇر. تۇۋا — گۇناھكارنى ئىسيان پاتقىقىدىن تازىلايدۇ. تۇۋا — ياۋۇزلۇق يولىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ياخشىلىق كوچىسىنىڭ باشلىنىشىدۇر. تۇۋا مەنىمەنلىك ھەپىلىتىدىن يىرگىنىش، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى چۈشىنىپ، نالايىق، بولمىغۇر ئىشلىرىدىن پۇشايمان يېيىشتۇر.

بۇ ئەگۈشتەر كىشىنىڭ قولىغا چۈشتە، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ناتوغرا ئىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، خىجىللىق تۈتۈنى ئۇنىڭ دىماغلىرىدىن چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى ئەسلەپ، ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇ يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق يامان ئىشلارغا چەك قويىدۇ. ئەگرى يولدىن ۋاز كېچىپ، توغرا يولغا قەدەم تاشلايدۇ. بېيىت:

ئۆزۈڭنى ئەيلە تەۋبە بەھرىگە غەرق
يۈزۈڭدە شەمئى ئىمانىڭ ئۇرار بەرق.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
ھاكىم مۇسا.




## ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى

ئەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلھېكىم مەخدۇم ھاجى

ئەشىرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 1896 - يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان ئۆلىما ۋە شائىر ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ دىنىي ۋە ئەدەبىي ئىلىملەرنى گۇمىدا ئىگىلىگەن. ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 16 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي ۋە ئەدەبىي بىلىملەرنى ئوقۇپ تۇرىۋاتقاندا، ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىر مەۋلانا تەجەللى ئۇنى ئۆز پەرزەنتى ۋە شاگىرتى قىلىپ تەربىيىلەشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ تەكلىپنى ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم بىلەن ئابدۇجېلىل ھاجىم خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇجېلىل ھاجىم تەجەللى ھەزرىتىم بىلەن بىللە گۇمىدىن قاغىلىققا كەلگەن. ياش ئابدۇجېلىل ھاجىم بۇ مول تەجرىبىلىك مويسىپىت شائىرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ۋە زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىستېدات ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن تېز سۈرئەتتە ئۆسۈپ بارغان. ئاز مۇددەت ئىچىدە ئۆز زامانى ۋە ماكانىنىڭ ئالىي مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. ئۈچ يىللىق تەربىيىدىن كېيىن تەجەللى ھەزرىتىم ئۇنى ئەڭ يېقىن بۇرادىرى ئابدۇقادىر داموللام ھۇزۇرىغا — قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئابدۇجېلىل ھاجىمنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، تەربىيىلەشكە كىرىشكەن. ئابدۇجېلىل ھاجىم تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە تاپشۇرۇقىغا بىنائەن قەشقەردە شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بولغان ھاجى ئىسلام داموللام، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، ئەمرۇللا ئەپەندى قاتارلىق ئۇستازلار قولىدا تەبىئىيات، مەنتىق، ئۇسۇلى فىقھى، ھەدىس، تەپسىر قاتارلىق ئىلىملەرگە ئائىت مۇھىم كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەن.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تەجەللى ھەزرىتىم

ئۇنىڭغا داۋاملىق ئەرەبىي تىلدا سالام خەتلەرنى ۋە پاساھەتلىك قەسىدىلەرنى يېزىپ تۇرغان.

ھىجرىيىنىڭ 1338-(مىلادى 1929 — 1930-) يىلى قەشقەردە داغدۇغىلىق ھالدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. ئابدۇجېلىل ھاجىم شۇ مۇراسىمدا ئۇستازلىرى تەرىپىدىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، «داموللا» دېگەن ئالىي ئۇنۋان بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇمىغا قايتىپ كېلىپ، تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، خەلق ئارىسىغا ئىلىم-مەرىپەت تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ئارقىمۇئارقا كېلىۋاتقان پالاكەتچىلىكلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى بولغان نادانلىق، خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك، زالىملىق ئىللەتلىرىگە قارشى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەردە بولغان.

1934-يىلى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ، ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان. ئۇ يەرلەردە نۇرغۇنلىغان يازغۇچى-شائىرلار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تونۇشقان. ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان. ئۆزئارا كۆپلىگەن مۇشائىرىلەرنى يېزىشقان.

شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 1937-يىلى ھەرەم سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ شۇ يىلى شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا شەھىد قىلىنغان.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، تەرەققىيات ۋە ھۆرلۈكنى ياقلىغۇچى ئىلغار پىكىرلىك شائىر ئىدى. ئۇ چەت ئەللەردە ساياھەتتە بولغان مەزگىللىرىدىمۇ ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنى بىردەممۇ يادىدىن چىقارمىغان. شائىر چەت ئەللەردە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، ئۆتكۈر زېھنى، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن داڭ چىقىرىپ، ئەرەبىستان ۋە مىسىردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ئۇلارنىڭ ئىلمىي سۆھبەتلىرىدە ۋە مۇشائىرىلىرىدە بىرگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلغان. ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمدا «تەلخىس» ۋە «سەھىھۇل-بۇخارى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان، ئۇلارنىڭ داموللا ھاجىم بىلەن ئەرەب تىلىدا يېزىشقان بىر قىسىم مۇشائىرە، بېغىشلىما ۋە سالامنامىلىرى ھازىرغا قەدەر قولىمىزدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمەت ئەربابلىرى شائىرنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىشكەن ۋە شائىرنى ھۆرمەتلەپ، ھەرەم مەسجىدى ئەتراپىدىكى ھۇجرىلاردىن بىرىنى ئۇنىڭغا ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن. بىراق شائىرغا كۆرسىتىلگەن بۇ خىل ئىلتىپاتلارمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆتتەك يېنىۋاتقان ۋەتەن مۇھەببىتىگە ئارام بېرەلمىگەن. شائىر ۋەتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى ياد ئېتىپ تالاي كۈندۈزلەرنى مىسكىنلىك ۋە غۇربەت ئىچىدە كەچ قىلغان، تالاي كېچىلەرنى غەم-ئەندىشە ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن تاڭ ئاتقۇزغان. ئۇ شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېچىلەردىن بىرىدە مەدىنىدىكى ھۇجرىسىدا مۇنداق غەزەلىنى مىسرالارنى يازغان:

نە بەلا ئېرۇر بۇ، يارەب، كى بۇ كېچە يوق قەراردىم،
ساناماق فەلەكدە يولدۇز ئەدەدىنى بولدى كارىم.
قارا تاش باشىمدا پەرقو، قاپاغىمدىن ئۆچتى ئۇيقۇ،
تالان ئەتتى فىكرۇ قايغۇ مېگەم ئىچرە يوقۇ بارىم.
نە كىتاب كۆرگەلى تاب، نە مۇڭ ئولغالى يوق ئەھباب،
نە ئىچەي دېسەم مەيى ناب، نە قۇچاي دېسەم نىگارىم.
كۆڭۈل ئىچرە بىھەد ئارمان، غەمۇ فىكرۇ دىنۇ ئەۋتان،
ئۆتنۈتۈرغە يوقدۇر ئىمكان، چىقارۇرغە ئىقتىدارىم.

شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم شەخسىي غەزەلەردىن خالى ئومۇمنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدىغان، ساپ نىيەتلىك تەرەققىيپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئىدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ھەر بىرىدە ئورغۇنلىغان ئالىي پاساھەتلىك شېئىر ـ قەسىدىلەرنى يازغان. ئەپسۇسكى شائىرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى زايا بولۇپ يوقىلىپ كەتكەن. بۇ قېتىم شائىرنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ۋە خەتچەكلىرى ئارىسىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكىلىرى نەشرگە بېرىلدى. كېيىنچە ئەرەبچە قەسىدىلىرى ۋە سالامنامىلىرىمۇ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

①1

ساڭا سەلام، ئايا بادى تىز خۇش رەفتار،
ئېيىپ جەھاننى چۇ قىلدىڭ بىھىشت خۇلد ئاسار.
دەمى مەسىھى نە دەرلەر، تەنەففۇسۇڭكىم ئېتەر،
نەبات جىسمىلەرىنىڭ خابى مەرگىدىن بىدار.
نە تاغ يوقكى، نەباتىغە يازمادىڭ كاكۇل،
نەباغ يوقكى ئەرۇسىغە ئاچمادىڭ رۇخسار.
نە قەريە يوقكى سەۋادىدا سۈرمەدىڭ مەركەب،
نە شەھر يوقكى مەدارىدا چەكمەدىڭ پەركار.
نە بەھركىم ئىلكىڭ جەبھەسىگە ئۇرماس كاج،
نە دەستىكىم قەدەمىڭ ساۋۇرماس يۈزىدە غۇبار.
زەمىن فەزاسىدە، ئەلقىسسە، بۇقئەئى يوقكىم،
سۇمى بۇراقىڭ ئانى يەنچىپ ئۆتمەدى بىربار.
يولۇڭدا بىر سەنەمى دىلرەبا يولۇقدىمۇكىم،
بۇ نەۋئ سۇرەت ئىلەن تەگرى ئەتمىش ئانى نىگار.
كى قەددى نەخل سىفەت ئاڭا لەب رۇتەب مانەند،

ئۈزارى سەفھەئى كافۇرۇ خالى مۇشكى تاتار،
زىھى غەزالى مەشئەبەدكى لەھزە ئىچرە قىلۇر،
كەمەندى كاكۇل ئىلەن چەرخ شىرىنى ئىشكار،
بۇيلە قاۋۇشما قاشى خەنجەرىن بۇلەپ ئۈيلەكىم،
دىلاۋەرانى جەھان بىرلە ئاچقايمىن پەيكار،
ئاغزىكى ھوققەئى لەئل ئىنۇر ساچىپ ئاندىن،
تەكەللۇم ئانىدە تۇرلۇك لۇئالىئى شەھۋار،
قاچانكى تىشلارى بەرقى تەبەسسۇمى چاقنىپ②،
ئىلىكترىقغە سۇنىپ ئاندا رەۋنەقى بازار،
ياراشمىش ئائىنەدەك كۆكسىگە ئىككى پىستان،
بىللۇر تەخسەسى ئۈزرە نىچۈككى ئىككى ئانار،
نەۋاۋۇ نەغمەسىدىن زۆھرە زەھرەسى پارە،
خەدەڭگى غەمزەسى تۈركى فەلەك كەبى خۇنخار③،
بەدەن ھەرىرۇ كىيىم ھەم ھەرىر تو-بەرتو،
لەتافەت ئىچرە لەتافەت تەۋار ئۈزرە تەۋار،
يىڭىچكە بەللەرى ئانداغ دەقىقۇ نازۇككىم،
فىراقى ئىچرە ماڭا تەن نەھىفۇ جىسىم نىزار،
خىرام قىلىپ چەمەن سارى، يۈز تەھەييۇر ئىلەنە
پۆكۈپ ئاياغىغە شەمشاد قەدى بەرەھمەنۋار،
يېتىپ ئاڭلە سەنەملەرغە شۆھرەت ئانداغكىم،
قۇياش تۇلۇئىدا ئەنجۇمغە مۇختەفى ئەنۋار،
خىرەد مەھاسىنى ۋەسفىدە ئۈيلە ئاجىزكىم،
ئەبۇررەشاد④ مەدىھىدە ھەيرەت ئىلە دۇچار،
كەرەم شىئارۇ فۇتۇۋۋەت دىسار ئەبدۇۋەلى،
كى غەيرەتۇ ھىممەم ئەھلىگە سەرۋەرۇ سەردار،
دەقىق فىكرىغە بىشەك قىلۇر ئىدى تەسلىم،
بۇ كۈندە بولسە ئەگەر بۇ ئەلىيو⑤ بەھمەنيار⑥،
ۋەفادا مىسلى ئانىڭ تاپىلۇرمۇ دەپ سورادىم،
خىرەد جەۋابىدە ئايدىكى: سۇ بولۇر ئايسا نار،
نەسەبدە شۆھرەتى كەتتا، ئەدەبدە كۆڭلى كىچىك،
سەخاغە سەھنەسى كەڭرۇ، خەناغە فۇرسەتى تار،
ھىكەمدە خاتىرى چەشمە، كەرەمدە ئىلكى تىڭىز،
ئەتادە بەخشىشى يامغۇر، سەفادە سىينەسى قار،
ئەي، ئۇلكى زىكرىڭ ئىلەن كامۇ لەبلەرىم شىرىن،
ۋەي، ئۇلكى يادىڭ ئىلەن خاتىرىم ئىرۇر گۈلزار،

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

كېچە كىتابىڭا ئانداغ ئىدىمكى سۆغە نېچۈك،
تۈمۈزدا قۇمغە يىقىلغان پىيادە تەشنەئى زار.
ھەيا بەھارى گۈلى ئول ئەفەندى ھاجى نىياز،
كى دەھرى مادەرى تۇغماس ئانىڭ كەبى ھۇشيار.
كېلىپ ئەدەب بىلە بەردى قولۇمغە نامەئىكىم،
ھۇمۇم قۇشلارى دەفئىغە ئېردى بىر شۇنقار.
كىتابى ۋە نې كىتابى، سۇراھىئى سەھبا،
سۇراھى ۋە نې سۇراھى، رەھىقى كەۋسەرۋار.
رەھىقۇ قايسى رەھىق، ئول رەھىق ئېرۇر مەختۇم،
خىتامى قايسى خىتام، ئول خىتامى ئېردى ئىپار.
چۇ بولدى جۇرئەكەش ئاندىن خىرەد لەبى تولدى،
مەيى نىشات ئىلە كۆڭلۈم پىيالەسى سەرشار.
سۇرۇدى مەدھىڭ ئىلەن ئەيلەدىم دۇئا ئاغاز،
نەۋا نېچۈككى چېكەر دەيرى سەھنىدە مەيخار.
يانا تېگۈردى ئىلكىمە بىر كاغەزى مەلفۇف.
كىم ئېردى ئىچىدە بىر قارە كىسەئى بۇلغار.
مۇئەتتەر ئەيلەدى كۆلبەمنى بۇيى ئانداقكىم،
ھەۋايى رەستە، ئاچىلغاندا تەبلەئى ئەتتار.
ئالىپ قولۇمغە، پۈكۈپ قەددىم، ئەيلەدىم تەئزىم،
كى ئانچە قالمادى يەر ئۆزرە تۇشكەلى دەستار.
چىقىپ قالۇرمۇ كۆڭۈل نەقدى دەپ قالغان ئىدى،
ۋىدادى كۆنلەرى ئول كىسەڭ ئىچرە، ئەي غەمخار.
ئاچارغە بەندىن ئانىڭ ئۆيلە ئەيلەدىم سۇرئەت،
كى ۋەسل تاپقۇچى خىلۋەتدە يەشكەلى ئەزرار.
قەلەمتەراشى بىلۇرىنەئى سەبۇك سەڭگى،
ئەجەب پەيكەرى[7] خۇش رەڭ ھەيرەتى ئەنزار.
چىقىپ نېچۈككى قارا مەخمەلىنە چادىر ئارا،
بەرەھنە ياتسە بۇتى سىيمى پەيكەرى دىلدار.
دېدىمكى: «ۋەسفىنى ئايتاي»، خىرەد دېدى: «قويغىل»
يورۇق ھەۋاغە نە ھاجەت دېمەككە ئۇشبۇ نەھار.
بۇ بەس ئېرۇركى دەمىم ئېرۇر نەغمەئى دىلكەش،
قەلەم قۇمۇشلارىن ئاڭلە ئەيلەگەچ مىزمار.
چۇ مەرد پايەسى دانىشدە بولماسە مەئلۇم،
ھەدىيەسىلە تانۇرلار ئانى ئۇلۇلئەبسار.

بۇ رەڭ ۋەزنى يېڭىك، قىيمەتى ئاغىر تۇھفە،
گۇۋاھى ئەقلىغە مۇندىن ئۆتۈپ ئەمەس دەركار.
قالۇرمۇ ئەمدى ئاچۇق كۆزگە شۇبھە يوق كىشى،
قىلۇرمۇ تاڭغە قۇياشنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىنكار.
خەتىڭكى باغى ۋەفا ئىچرە ئېردى بىر گۇلشەن،
كى ھەر گۇل ئۆزرە چېكىپ مىڭ نەۋا ھەزار ـ ھەزار.
بۇ گۇلشەن ئىچرە تەماشا قىلۇرغە سەير ئەتتىم،
نەزەر ئىنانىنى ئۆگىرۈپ ئانىڭ سارى تەكرار.
مۇراسلەت ئارا تەقسىر ئەيلەدىڭ دەپسەن،
زىھى ئىتابى مەلىھۇ زىھى سۇچۇك گۇفتار.
بىلاقۇسۇرىمە بىرەيب مۇئتەرىفدۇرمەن،
ۋەلې ئەمەس ئاڭا بائىس جەفاۋۇ ئىستىكبار.
بولۇرمۇ قەترەغە مۇمكىن گۇھەر فىشان ئولماق،
تېڭىز خەزانەسىدىن يەتمەسە ئاڭا ئىدرار.
قۇياشدىن ئولماسە ئول ئىنايەتى ئىشراق،
زەئىف زەررە نې دەپ ئەيلەگەي ۋۇجۇد ئىزھار.
جەنابى شەھدىن ئاڭا يەتمەيىن سىلايى قەبۇل،
گەدا نېچۇك قىلا ئالسۇن ئەرىزەسىن ئىزھار.
يانا بۇ ئېردى ماڭا ئۆزر ئول سەھۇلەتدىن،
دەيىن قۇلاق تۇت ئاڭاكىم زەكاۋەتىڭ زەخار.
ھەۋايى قىشدا مىزاجىم بۇزۇغ ئىدى ئانداغ،
كى موللالار نەفەسىدىن تەبىئەتىم بىمار.
«غەلەت» دېدىمكى، دېدىم: «موللالار، مەئازەللاھ»
ھۆكۈزلەرىدكى مۇڭۈزلەرىغە چىرمامىش شەلۋار.
بۇرۇنلارىدا ئەزازىل مەكرىدىن ھەلقە،
بويۇنلارىدا ئىناد ئىلە كىبرىدىن زۇننار.
ئەدەب رەۋائىھىدىن جانلارىغە يۇزمىڭ ئەلەم،
جۇئەل كەبىكى تاپار ئەترى بۇيىدىن ئازار.
جەمائەتىكى، مەئارىف ئىلىگە ئەزتەھى دىل،
ئەداۋەتۇ ھەسەدۇ كىن ئۆلەرغەدۇر ھەنجار.
بولۇرمۇ مۇنچە ساۋۇقلار ئارا تۇرۇپ مۇمكىن،
زۇلالى فىكرىنى ئاقتۇرماق، ئەي سەخا كىردار.
بۇ دەمكى ئەسدى نەسىمى بەھارى ئاتىفەتىڭ،
بولۇپ قۇۋاغە مۇھەررىك نېچۇككى بادى بەھار.

كۆر ئەمدى چەشمەئى تەبئىم ئىچۆك ئاقار ئۇلمىش،
قەلەم ئولۇپ ئاڭا مىيزاب، سەفھەلەر ئەنھار.
ياشاپ ھەر ئۆستەك بويىدە سەد ھەزار شەجەر،
ئاچىلمىش ھەر شەجەر ئۆستىدە گۈنا-گون ئەزھار.
سۆزۈم تەرانەسى ئەزبەسكى مۇمكىن ئىرمەستۇر
يېتۈشمەك ئاخىرىغە تىل ئەگەرچە بولسە ھەزار.
ئۈمىدكى تەگرىدىن ئولكىم ياروتسە ئىككى كۆزۈم
ۋىسالىڭ ئەنجۇمەنى ئىچرە كۆرسەتىپ دىيدار.
تۆمۆرچى باغىدە تۆزسەك نىشىمەن مەخسۇس،
بولۇپ تۆن ئايدىڭ سۇھبەتدە بولماسە ئەغيار.
قۇيۇپ پىيالەگە ساقى شەرابى رەيھانى،
تۇرۇپ نەۋاغە مۇغەننى دەف ئىلە چەڭ سەتار.
ئو قىلسە بادەسى بىرلەن سىينى سۇرۇر ئىلە جۇفتە،
بۇ قىلسە نەغمەسى بىرلەن مىينى نىشات ئىلە يار.
مۆلك ئولساق ئىككىمىز ئاندا قىلماين ئەسلا،
كۆڭۈلدە زەررەچە پىنھان دىيلگۈلۈك ئەسرار.
مۇۋەددەتلىك ئارا فانىلىقىمدىن ئەيلەرمەن،
بۇ نەۋئ نەغمەسەرالىق ئىچۈككى مۇسقار.
ئەلەيكە ئەلفۇ سەلامىن مۆئەتتەردىن ۋەبىنەيك،
ۋە مەن لەدەيكە مىنەس-سامىئىنە ۋەلھۇززار.
ئەدامە دەۋلەتەكۇم رەببۇنا ۋە ئەبقاكۇم،
مۇكەررەمىنە بىمەررىد-دۇھۇرى ۋەلئەئسار⑧.

⑨2

خىزمەت چاغىدۇر چابۇك ئول ئەي قاسىدى دانا،
بول بادىيە پەيما.
تا كاشغەر ئولغۇنچە ساڭا مەنزىلۇ مەئۋا،
كەز ئۆلكەۋۇ سەھرا.
يەتكۇر ژۇرەكىمدىن ھەمە يارانى ۋەفاغە،
شەۋق ئىلە سەلامىم،
ھەم قەلبى پەيامىمنى ئوشۇل بەھرى سەفاغە،
ئول گەۋھەرى يەكتا.
ئەبدۇلۋەلىخان بايكى ئەلدىن ئۆچ ئالۇردا،
ھەم ۋەقتى مۇرۇۋۋەت
ئۆتكۇر تىلى كەسكىن قىلىچۇ ئىلىكى دەريا،

ھەر بىرىدە يەكتا.
ئول كۆنكى يىراق قىلدى مېنى چەرخى مۇشەئبەد،
قۇربىلىك چەمەنىدىن،
ئاھىم چاقىنىۋ ياش ئىدى ھامۇن ئارا گويا،
دەريا ـ دەريا.
ئەۋۋەلقى قۇناغىم ماڭا ياپچان ئىدى مەنزىل،
يازمىش ئىدىم ئاندە.
بىر نامەئى قاسىركى ئىدى زىنەندە ئىملا،
ئەھۋالى سەراپا.
ئىككىنچى كۈنى يېڭىھىسار ئولدى مەقامىم،
پېشىن چاغى ئېردى،
ئاڭلاندىكى مەنسۇرخان ئول ھەزرەتى ۋالا،
بارمۇندە مۇھەييا.
ئەلقىسسە، چۈن ئول ھەزرەتە دۇچار ئولە قالدىم،
تۇتتى مېنى مەھكەم،
دەپكىم: «قويۇپ ئېردىم كىشىكىم، كەلسە مەبادا
ئول دامۇللا.
ئىلتىلىك ئانى سايغانغەكى بەش ـ ئالتە كۈن ئاندە،
مېھمانىمىز ئولغاچ،
يانسۇن بولۇبان زىۋەرى ئىززەتلە مۇھەللا،
خۇش ۋەقتى مۇسەففا.
ئەكنۇنكى كۆرۈشدۈك سىزە يوق ئەمدى ئىجازەت،
ھېچ بولماغانىدە،
بىر تۈن تۈنەمەي بىرگە تۈزۈپ سۆھبەتى ھۇ ـ ھا،
مۇمكىن ئەمەس ئەسلا...»
كامىلغە باقىپ يالبارىپ ئايدىمكى «ئەي ئەفەندى،
قۇتقار مېنى مۇندىن،
كىم لايىق ئەمەس رەقس ئىلە سالماقغە ئەلالا،
مىلىك شور ئىلە غەۋغا.»
چۈن بولدى ئىجازەت ماڭا ئول ھەزرەتى پىردىن،
چابۇك ئولە قاچتىم،
ئانداقكى قەفەسدىن بوشاغان مۇرغى خۇش ئاۋا،
يا بۇلبۇلى گويا.
چۈن يايدى ئۇچۇنچى كۈنى سىمۇرغى فەلەك بال،
ئالەمغە ساچىپ نۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاڭ نۇرى بىلەن تەڭ ياسادۇق مەھفە ئويىنى،
ھەمچۇنكى زەرىن مەئۋا.
يول ئۈستىدە كىردۇك يانا ياركەندگە تەگرۇ،
ھىچ ياقىغە باقماي،
ئوق سىنمادى، ئات ئاقسامادى ياپمادى ئەسلا،
يەر يۈزىنى يەلدا.
ئىنگشار ئىدى سەۋتىمنى گەھى جىننۇ مەلائىك،
قۇرئان ئوقۇسام،
دەشت ئىچرە گەھى ئويىنار ئىدى گۆنبەدى خۇزرا،
چەكسەم ئاھۇ ـ ۋا.
بىر بەندەمەن ئازادكى، دىلىنى خۇش ئىتەر چاغ،
ئەل بىرلە ئىشىم يوق،
جاھىل دىسە جاھىل مەنۇ موللا دىسە موللا،
قىلمام ئاكا پەرۋا.
يازغۇم يەنە ئەھۋالۇ ۋەقايىئنى مۇفەسسەل،
قويماي بىرىنى،
ئىنشائەللاھۇ تەبارەك ۋەتەئالا ⑩
يۇرتۇمدە تۇتۇپ جا.

⑪ 3

ئول تەڭرى ئاتى بىلەن بۇ تەھرىر،
كىم ئاندىن ئىرۇر زەبانغە تەقرىر.
تەقرىرنىنكىم زەبانلار ئاندىن،
تەھرىرلەرۇ بەيانلار ئاندىن.
ھەر بۇدكى بۇ جەھاندە مەۋجۇد،
ئاندىن تاپىبان ۋۇجۇدغە ھەم بۇد.
بەل مەۋجۇدۇ ۋۇجۇد ھەم ئەۋۋەل،
مەشھۇدلەرۇ شۇھۇد ھەم ئەۋۋەل.
ھەم ئاندىن لەۋھ ئىچرە نەقىش ئىرۇر فاش،
ھەم ئولدۇر لەۋھۇ نەقشۇ نەققاش.
ھەرچەند بۇ سۆز ماڭا ھەق ئىرمەس،
لىكىن ئەسلىندە ناھەق ئىرمەس.
قىلماس بۇ سۆزگە ئاقىل ئىنكار،
چۇنكىم سەنەدۇ دەلىل ئاڭا بار.

رەۋسەن دېدى خالىقۇل ـ مەلائىك،
تۆز تەنزىلىدە كۈللوشەي ھالىك (12) .
ئۇل كۈللىئى مۇمكىناتى ئەفراد،
دەپ فەھم قىلىش ئۇشۇلدۇر ئىلھاد.
ياقىلسە كىشى ھۇلۇل مەنسۇب،
تەگرىغە بولۇر بۇ سۆزدە مەئيۇب.
ئىكىم دېسە خالىقۇس ـ سەمانى،
مەۋجۇد ئولۇ مۇمكىناتى فانى.
ئەشيا بولۇبان ئاڭا مەزاھىر،
ھەر شەيدە ئانىڭ بىر ئىسمى زاھىر.
بىرنى ئۆزىگە قىلۇر ئۇ مەفتۇن،
ۋەسلى شەۋقىدە ئانى پۇرخۇن.
بىرنى قىلۇر ئۇل ھەۋەسدە غافىل،
بىرنى نادانۇ بىرىنى ئاقىل.
سۇبھانە ئەللاھ قەدىرۇ دانا،
ھەر ئىشنى قىلۇرغە ئۇل تەۋانا.
ئۇل قۇدرەتى ئالدىدە كۆپ ئاسان،
جەمئى ئەزدادۇ تەقلىبى ئەئيان.

× ×

بەس مەن كەبى بىر شىكەستە بالى،
ھىجران يۆكى ئىلە قەددى دالى.
بىچارەئى ناتەۋانى مەھزۇن،
غەم ناۋەكى بىلە باغرى پۇرخۇن.
ياپماقلە باشىغە پەردە قايغۇ،
ئالەمكى بولغان ئاڭا قاراڭغۇ.
تاڭ يوق گەر ئولسە لۇتفىدىن شاد،
بولسە دىلى ئەلەمدىن ئازاد.
غەم زۇلمەتىدىن تاپىپ رەھالىق،
شەمس بىرۇر ئاڭا رەۋشەنالىق.
يەئنى بۇ كىتابى شەۋق مەزمۇر،
ئولماقلە ئول ئافتابە مەنزۇر.
ئۇل بەدرى سىپىھر ئىلمۇ ئىرفان،
شەمسۇددىن شەمسى فەخرى دەۋران.
ئەللامەئى بىمەسىلى كامىل،
فەزل ئىچرە مۇشارىبىل ـ ئەنامىل.
ھەم ئىلم ئىچىندە دەستگاھى،
ھەر فەندە مەھارەتى كەماھى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەفسىردە دەرلەر ئانى بىشەك،
قازىيۇ (13) زەمەخشەرىيلە (14) ھەم تەك.
ئەخبارىنى ئىبتەردە ئىخراج،
ئۇستاد ئاڭا مۇسلىم ئىبنى ھەججاج (15).
ئەتكەندە مەئانى ئىچرە جەۋلان،
سەككاكىي (16) دەرلەر ئانى ئەقران.
تەدقىق گەھىندە دەرلەر ئانى
ياردىۇ ئەغيار مىر سانى (17)
گەرفارسى ئىچرە ئاچسە مۇشكىل،
ھەيرەت قالىپ رەۋانى بىدىل (18).
تەئرىخدە ھەم ئاڭا چاكەرى دۇن،
جۇرجى زەيدۇنۇ (19) ئىبنى خەلدون (20).
ئىمزغاندا لۇئالىتى رۇبائىي،
مىڭلارچە فۇزۇلىيۇ (21) نەۋائىي (22).
فىقھىدە مۇجتەھىد ئىبتىپ ئەد،
قازىيۇل - ئىسلام ئەبۇ مۇھەممەد (23)
ئىشقىيەدە دەپ زەرىفى كامىل،
زىدنا، يا زەل - فەتا، ۋە ئەتۇىل (24).
قانۇن ئارا قىلسە گەر تەغەلغۇل
زىھ ساھىبىغە كىبتەر تەسەلسۇل
ھەيئەتدە چۇ قىلسە سەيرى ئەفلاك،
بۇ رەيھان (25) سىينەسىن ئىتەر چاك.
ئەمسالۇ ھەماسەۋۇ ھىكەمدە،
بۇ تەييىب (26) ئاندىن ئىردى غەمدە.
ئەشكال چىبنەرگە ئاچسە پەرگار،
ئۇقلىدوس (27) ئولۇر مۇتىمى ناچار.

× × ×

ئەي، كاشكى ئول ئەدىبى دانا،
تەرك ئەتسە رۇسۇمى ئەھلى دۇنيا.
ئىززەت ئىلە كەچسە ماھۇ سالى،
تەئلىف ئولۇر ئىرسە ئەقدى ھالى.
ھەمرازى ئاڭا مەلەك ئولۇردى،
ھەم خانە ئانا فەلەك ئولۇردى.
فىلجۇملە ئەگەرچە دەرسى ھەم بارە
ھەئىندە ئەمدىس ۋەلى سەزاۋار.

تەكرار تاپيپ ئانىڭدا ھەردەم،
«شەمسىيە①» ۋۇ ھاشىيە②» ۋۇ«سۇللەم ③»،
سۇللەملەر ئېرۇر ھەممە سەلالىم،
سۇللەمدە كىشى تۇرارمۇ سالىم.

× × ×

سۇبھانەللاھ ئەجەب زەمان بۇ،
سۇببۇھىيلەرغە دەۋرى زىيان بۇ.
كەس ئولغۇچى ياخشى ئۆزرە ناكەس،
دەريا سۇيى ئۆزرە ئۆيلەكىم خەس.
فەزلى فۇزەلاغە بىر مۇئىن يوق،
جەھل ئەھلىنى خار ئېتەر مۇھىن يوق.
مىلك ئىبۇە ھۇنەر بۇ پەردە بىر پۇل،
جاھىل ئازادۇ ئەقل ئەبلى قۇل.
دۇنيا ئېلى ئالدىدە ھۇنەرۋەر،
فازىلىۇ قەدرى مۇھان - مۇھەققەر.
كىم مۇشرىك ئىچىندە، ئول پەيەمبەر،
يا خارىجى ئىت قاتىدە ھەيدەر.

× ×

مەندىن سوراساڭ ئەگەر سەن ئەھۋال،
بۇدۇر رەۋىشىمدىن قۇلاق سال.
ياراندىن رىشتە ئۈزگەنىم يوق،
ئەغيار ئىلە ساز تۈزگەنىم يوق.
باشىمدە پەدەر قۇچاقدە فەرزەند،
دىل رىشتەسى ئانىڭگە سەخت پەيۋەند.
بەيتۇل - ھەزەن ئىچرە ئۇزلەت ئەتتىم،
مىلك شۇكرىكى شاھلىققە يەتتىم.
ئۇقبا ھەم ئولۇر ئىسە بۇ يەڭلىغ،
بۇ تەنم ئېرۇر تىلىمدە تاتلىغ.
گەر ئاندە ئىشىم نىگۇن بولسە ناگاھ،
بۇ خۇشلۇقتىن نەئۇزى بىللاھ.

× ×

ئەي كىشۋەرى فەزل ھۆكمىرانى،
ئىقلىم سۇخەنى جەھانىستانى،
رىفئەت ئارا ئاسمانچە قەدرىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋۇسئەتدە جەھان ـ جەھانچە سەدرىلك.
ئەيلەپ ئەدەبىلك دەرىك سەۋابىت،
سەييارەمۇ خىدمەتىگدە سابىت.
فىكرىلك چەمەنىغە رەۋنەقۇ ئاب،
بەزمەكدە ئىكىن فەلەكدە مەھتاب.
خىلۋەتگەھىگە ھەمىشە ۋارىد،
خامە تۇتۇپ ئىلكىدە ئوتارىد.
ئوينەپ غەزەلىگەغە رەقسى مەۋزۇن،
رەققاسەئى خۇش ئەدايى گەردۇن.

× ×

شەۋق ئىلە سورايمەن سەندىن ئەھۋال،
پۇرسىش ئېتەمەن ھەم ئاندە ئەشغال.
سىھھەت نىچۇكۇ دىلىگمۇ دىل شاد،
خۇش ۋەقتىمۇ ۋەقتىلك، ھۇزۇرىلك ئاباد؟
تەدرىسغە كۆپمۇ ئىشتىياقىلك،
تەئلىق ئارا ئىزمۇ بۇراقىلك؟
يارانلار ئىلە نىچۇكدۇر بەزمىلك
گۇمراھلار ئىلە قىزىقمۇ رەزمىلك؟
گاھى سالىبان تۇمەنغە زەۋرەق،
پايىگدىن ئېتەرمۇسەن سۇيىن شەق؟
گۇللەرغە قىلۇرمۇسەن نەزەرە،
چەشمىلك ئىكىلۇرمۇ گۇلئۇزارە؟
ھەرچەندكى بولساك ئاندە دىل شاد،
بۇ خەستەنى ھەم قىلۇرمۇسەن ياد؟
بىر تىلنى ئەگەر مىلك ئەيلەسەممەن،
مەدھىگنى دەۋاملىق كۇيلەسەممەن.
مىگدىن بىرى ھەم ئەدا بولالماس،
ئىستەكىنى بۇ ھەم رەۋا قىلالماس.
مەن ئەمدى ئاچاي دۇئاغە قولنى،
تەڭرىمدىن تىلەپ ئۇمىد يولۇمنى.
يا رەب، ئاڭا لۇتفۇڭ ئەيلە ھەمراھ
فەزلۇ كەرەم ئەيلە ئاڭا ھەرگاھ.
دەۋران ساڭا يار ياۋەر ئولسۇن،
ئىقبال ئىشىكىگدە چاكەر ئولسۇن.
فەزلىلك قۇياشى ھەمىشە نۇربار،

ئىلمىك بولۇتى ھەممىشە دۇرباز،
بەرگىل تىلەكىمىنى، يا رەببى، ئامىن،
بۇنىڭغە دىبسۇن مەلەكلەر ئامىن.

[29] 4

نە بەلا ئىرۇر بۇ، يا رەب،
كى بۇ كىچە يوق قەرارىم.
ساناماق فەلەكدە يۇلدۇز،
ئەدەدىنى بولدى كارىم.

قارا تاش باشىمدا پەرقۇ،
قاپاغىمدىن ئۇچتى ئۇيقۇ،
تالان ئەتتى فىكرۇ قايغۇ،
مىڭەم ئىچرە يوقۇ بارىم.

نە كىتاب كۆرگەلى تاب،
نە مۇلك ئولغالى يوق ئەسباب،
نە ئىچەي دىسەم مەيى ناب،
نە قۇچاي دىسەم نىگارىم.

كۆڭۈل ئىچرە بىھەد ئارمان،
غەمۇ فىكرۇ دىنۇ ئىمان،
تۇنۇتۇرغا يوقدۇر ئىمكان،
چىقارۇرغە ئىقتىدارىم.
نە ئۇچاي دىسەم قاناتىم،
نە ياتاي دىسەم سەباتىم،
نە يازاي دىسەم دۇۋاتىم،
نە ياقاي دىسەم فەنارىم.

ھەرەم ئىشىكى تاقاغدە،
ئۇھدۇ [30] قۇبا [31] ئۇزاغدە،
ھەممە دوستلار ياتاغدە،
بۇ نە يەڭلىغ ئىزتىرارىم.

ھەمە ئۇيقۇ ئىچرە سەرمەست،
مەن ئىگىز ياتىپ گەھى پەست،

www.uyghurkitap.com

يانا ۋەھم ئولۇپ زەبەردەست،
تەگۈ پۇ ئېرۇر شىئارىم.

نە بۇ يەڭلىغ ئاھۇ فەرياد
چېكەر ئېردى قەيسۇ فەرھاد،
ھەمە ئەيش بولدى بەرباد،
كېتىپ ئېلدىن ئىختىيارىم.

مەنۇ ھەزرەتىڭگە ئاھىم،
ساڭا تەلمۈرۈر نىگاھىم،
يوق ئېرۇر مېنىڭ پەناھىم،
سەندىن ئۆزگە كىردىگارىم.

ئۈزۈلەي بۇ ماسەۋادىن،
سۈزۈلەي بۇ دوغ رىيادىن،
تۈزۈلەي ھەممە ھەۋادىن،
بولۇبان ساڭا فىرارىم.

(32) 5

چەپەر سەييارەسى سەۋۋاقى يۈرگىل ئۆيلە سۈرئەتدە،
كى سەيرىڭنى كۆرۈپ باردى سەبا قالسۇن خىجالەتدە.
مەدىنە گۈل زەمىنىدە تۇتۇپ ئارام ئەرز ئەتكىل،
دۇرۇد ئىلە سەلامىم ساھەتى بەيتى نۇبۇۋۋەتدە.
چىقىپ ئاندىن بەيان قىل ئەرزى ھالىم شەرھىنى ئانلار
فەكىم، تۇتىمىشلەر ئاندا ئەھلى مەنزىل ئىستىقامەتدە.
خۇسۇسەن ئول ۋەفا كىردار ھاجى.تاشكىم، يوقدۇر
ئانىڭدەك بىر يانا ئازادە مەشرەب بىر ۋىلايەتدە.
يانا ئول ھاجى غازى ساھىبى ئىخلاسكىم، باردۇر
ئاڭا مەخسۇس نىسبەت فەزل ئەھلىغە ئەقىدەتدە.
ئۇ شۇنداق ھاجى زاكىرجان تەقەسسىر ئەتمەمىش ھەرگىز،
بىزە چىن كۆڭلى بىرلە نەزم ئىلە قىلغان نەسىھەتدە.
تىلىمدىن ئايغىل، ئەي ۋالىدەلەرىم، خەتلەرگە يازمىشسىز،
يېتىشتى ئىلكىمە گۈلدەستە يەڭلىغ ياخشى سائەتدە.
گۆھەر سىلكى كەبى مەنزۇمە بىرلە يوقلامىشسىزلەر،
بىزىڭدەك خەستە ھالىنى بو يەڭلىغ ھالى غۇربەتدە.
سۆيۈندۈم ئانچەكىم ئاچتىم دۇئاغە ئىلكىمى، يا رەب،
تەرەھھۇم قىل بۇلەرغە رەھمىڭگە مۇھتاج ھالەتدە.

ۋەتەنغە يانماماق ھەققىدە سۆزلەركىم يازىلمىشدۇر،
بىلۇرمەن گەۋھەرى مەئدەندىن ئارتۇق قەدرۇ قىيمەتدە.
كۆرۈپ باشدىن كەچۇرگەنلەر سۆزى ئىبرەتغە لايىقدۇر،
ئەمەل قىلماق ئاڭا كەۋنەيىن نەفئىدۇر ھەقىقەتدە.
مەدىنە ھەزرەتى لەۋلاك تەختى شاھى قەسرىنىڭ،
مۇئەتتەر سەھنەسىگە ئۆزنى ئالغۇم پات فۇرسەتدە.
فىراغى رەۋزەۋۇ ھىجرانى ئەھباب ئۆرتەدى ئانداق،
كى قىل ئوت ئىچرە قانداق تولغانۇر تۆشكەندە ھىرقەتدە!
بىھەمدۇللاھكى، ھەججى ئۆمرۇ ئەركانىن ئەدا ئەتدۈك،
مىنادىن مەككەغە تۆشدۈك تۈنۈگۈن ياخشى سائەتدە.
ۋۇقۇف ئەسناسىدە تەڭرى بىشارەت بىرلە ياغدۇردى
بىرئاز يامغۇركى، غەرق ئولدۇق ھەممە دەريائى رەھمەتدە.
كىچىكدى ئەرزى ھالىم ئورتادا بىر نەچچە كۈن، چۈنكىم،
ئىدۈك ھەج بىرلە مەشغۇل ئەرتە - ئاخشام ئانچە ئىجلەتدە.

6

بىشارەت سىزگە، ئەي ئىخۋانى ئىسلام،
كى بولمىش ئېردىگىز پامالى ئەۋھام.
بىشارەت سىزگە، ئەي ھەيرەتدە قالغان،
گۈرۈھى دىندارۇ نىكى ئەنجام.
كى بۇ «ئىسلام يولى» چىقمىش ۋۇجۇدە،
بولۇپ يولدىن ئازانلارغە رەھى ئام.
ياقىلمىش ھەر قەدەمدە مەشئەلى نۇر،
چىكىلمىشلەر چىغىر ئۆزرە بۈيۈك تام.
ئۈرۈپ قىرغاغلەرىنە ئۈيلە سەدلەر،
كى چىن دىۋارى ئانىڭ ئالدىدە خام.
سەييد قاسىم مۇنەۋۋەر فىكر ئولكىم،
قولىدە كىلكى شەمشىر خۇن ئاشام.
بۇ ئەسرىڭ زۇلمەتى ئىچرە قالانلار
غە يەتكۈرمىش بۇ يەڭلىغ ئامى پەيغام.
ھەلۇممۇ نەھۋەنا ئىن تەتلۇبۇر - رۇشدەھ
يائىخۋانەنا، يا ئەھلە ئىسلام
خۇرافى بىدئەتلەر ئول چىغىردىن،
قويۇڭلار بۇ ئوچۇق شۇھراھ ئۆزە گام.
جەددى يولدىن ئازغانلار باقىڭلار،

قۇدۇقلارغە، يانىڭلار تىزۇ يىلدام.
كىلىڭلار ھىچ ۋەھشەتسىز بۇ يولنىڭ
سولۇكىنە ئىتمەك پەرۋاسىز ئەقدام.
بىر ئاز مۇددەتدە مەنزىلغە يېتەرسىز،
تۇتارسىز مەقسەد ئەيۋانىدە ئارام.
كۆرۈپ باشتىن ئاياغ مىڭلارچە تەھسىن،
كى يازدىم شامىلى تەئرىخ بىر نام.
«نە خۇش ئىسلام يولىدۇر (34)» دەپ ئىچۇككىم،
چىقار ئاندىن ھىسابى سال ئىتمام.

(35) 7

كەل، ئەي ساقى، قەدەھكىم بەزمى چاغى،
بۇ كۇن ئاچىلدى دەۋرانىنىڭ دىماغى.
نەددىن چاپماقدەدۇر بىلدىڭمۇ ئاخىر،
ھەۋادە ئەبرى باران ئارغىماغى.
سەمەندەر رەقس ئىلە ئۇرماق مۇئەللەق،
بۇلۇت ساقىسى سۇنماغلىق ئاياغى.
نىشات ئاساردۇر بۇنلەرغە يەتمىش،
يېڭى مىھمان قۇدۇمىنىڭ سۇراغى.
ئوشۇل سەييىد تۆرە مەھمۇدخانكىم،
ۋۇجۇدى دىنۇ مىللەتنىڭ ياراغى.
باشىنە قۇندى بىر دەۋلەت ھۇماسى
ئۇچۇپ ئىكبەت ئىلە ئەندۇھ زاغى.
گۇلىستانىندە بىر نەۋرەستە رەيھان،
ئاچىلمىش گۇللارى رەخشەندە فاغى.
ئويىنى قىلدى بىر فەرزەندى مەۋلۇد
مۇنەۋۋەرئۇيلەكىم بىجەللى چىراغى.
نىجابەت زەككەسى بىرلە ئورالغان،
مۇجەسسەم نۇر باشتىن تا ئاياغى.
مۇئەككەل ئاڭا مەريەمزادەلەردىن،
تۇنۇ كۇن دايە ئىلكىندە ئوراغى.
سەماۋى نام ئاڭادۇر ئەبدۇقادىر،
نەتاڭدۇر مەنسەبى قۇتب ئولسە داغى.
رەبىئەسسانى ئولدى ئاڭا مەۋلۇد،

زۇھۇرى نۇر پەيران پەير چاغى،
سىيادەتدۇر ئاڭا مەۋرۇس ۋەھبى،
دەخى مەھدى شەرافەتدۇر ياتاغى.
ئىلاھا، قىل مۇئەممەر ئۇيلە ئانى،
كى يىللار يەر ئۆزە ئولسۇن قۇناغى.
كۆزى ھەق بىن بەسارەتلە ئاچىلسۇن،
دىلى ئىرفانلە، ھىكمەتلە دىماغى
شەرابى مىللەتىلىك قايغۇسىدە خۇن،
ۋەتەن فىكرىدە زەھر ئولسۇن تاماغى.
ۋەفادارۇ مەكارىم گۇستەر ئانداق،
كى دائىم ئاتەشىن تىغۇ ئوچاغى.
ۋىلادەت سالى تەئرىخىنە كافى
قىلىپ ئايدىم ئاڭا: «ۋەھ كۆز قاراغى [36]»
بۇ ئالىي مۇختەسەر تەئرىخ بەسدۇر،
كى سۆزلەر تاتلىغىدۇر قىسقاراغى.

[37] 8

سەيىد مەھمۇدخانىكىم فەزل ئىلىندە،
يوق ئېرمىش ئاڭا ئۆز ئەسرىندە مانەند.
كەرەم قىلدى ئاڭا ھەق بىر ئوغۇلچە،
دېمە ئوغۇلچە، دەي ئانى جىگەربەند.
بولۇپ ھاسىدلارى پامالى ئەندۇھ،
ئوشۇنداق دوستلارى مەمنۇنۇ خۇرسەند.
ئۇلار بارى مۇسىبەتدىن تۇرۇشروي،
بۇلار ئېيدى مەسەررەتدىن شەكەر خەند.
نەسەب ئالماقغە رەسمى تەھنىيەتدىن
ئاڭا پىش ئەيلەدىم ئەفسانەئى چەند.
مۇبارەك باد ئۇچۇن تىزماقشە تەئرىخ
دېدىممەن: «ئەي ئەجەب بۇ ياخشى فەرزەند»[38]

[39] 9

ئوڭۇم، تەلبەم، مۇزۇم مىھنەت كەشىدە سايە پەرۋەردىم،
سەفەر بىرلە ھەزەردە ھەمدەمۇ ھەمراز شاگىردىم.
ۋەفاداردىم، خەلىلىم ساف نىيەت ئالىي ھىممەتلىك،
قەنائەتدە يىگانە مىھرىبانىم ھەم قەدىردانىم.

10

تەجرىبە قىلدىم، نە ياخشى سۆز ئىكەن،
ئادەمىينىلىك ئالدى گۈل كەيىنى تىكەن.

www.uyghurkitap.com

## ئىزاھاتلار

① بۇ شائىرنىڭ قەشقەردىكى بۇرادىرى ئەبدۇلۋەلىخاننىڭ ئەۋەتكەن سالامنامىسىغا جاۋابەن ئەۋەتكەن تەشەككۈرنامىسى.

② ئەسلى قول يازمىدا ئاپتور بۇ مىسرانى «نە يەردەكىم تىشى بەرق تەبەسسۇمىن يورۇتۇپ» دەپ يېزىپ بولۇپ، ھاشىيەگە يۇقىرىقى تېكىستتىكى بويىچە ئۆزگەرتىپ قويغان. بىزمۇ ئۆزگەرتىلگىنىنى ئالدۇق.

③ بۇ مىسرا يەنە بىر قول يازمىدا «خەدەڭگى غەمزەسىدىن سىنەئى زۇھەل ئەفكار» دەپ يېزىلغان.

④ ئەبۇر - رەشاد — ئابدۇۋەلىخاننىڭ يەنە بىر نامى.

⑤ ئەبۇ ئەلى سىنا — مەشھۇر تىبابەتشۇناس ئالىم ۋە ئەدىب.

⑥ بەھمەنيار — مەشھۇر بىر پەيلاسوپ.

⑦ بۇ سۆز يەنە بىر قول يازمىدا «سۇرەتى» دېيىلگەن.

⑧ سىزگە ۋە سىزنىڭ ئىككى ئوغلىڭىزغا، شۇنداقلا سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا بىللە بولۇپ، (بۇ خېتىمنى) تىڭشىغانلارغا مىڭلارچە سالام.

تەڭرىمىز سىلەرنىڭ دۆلەتمەنلىكلىرىنى ئەبەدىي قىلسۇن، سىلەرنى زامان ۋە ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى ئىززەتلىك قىلسۇن.

⑨ شائىر قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇستازلىرى ۋە يار - بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، گۇمىغا قايتىشىدا ئابدۇۋەلىخان قاتارلىق بۇرادەرلىرىگە يەكەندىن ئەۋەتكەن مۇستەھزادى.

⑩ ئۇلۇغ تەڭرىم خالىسا.

⑪ شائىرنىڭ قەشقەردىكى دوستى شەمسىددىن داموللا ھاجىمغا گۇمىدىن ئەۋەتكەن سالامنامىسى.

⑫ ھەممە شەيئى يوقىلىدۇ.

⑬ قازى — مەشھۇر تەپسىرچى ئالىم، «تەپسىرى بەيزاۋىي» ناملىق بۈيۈك تەپسىر كىتابىنىڭ ئاپتورى.

⑭ ئەللامە زەمەخشەرىي — ھىجرىيىنىڭ 467 - (مىلادى 1075 -) يىلىدىن ھىجرىيە 538 - (مىلادى 1145 -) يىلىغىچە ياشىغان مەشھۇر تەپسىرچى ئالىم ۋە ئەدىب؛ «ئەل - كەششاف» ناملىق كامالەتكە يەتكەن بۈيۈك تەپسىر كىتابىنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ يەنە «ئەتۋاقۇز - زەھەب» (ئالتۇن ھالقىلار)، «ئەن - نەسايىھۇل - كىبار» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

⑮ مۇسلىم ئىبنى ھەججاج — ئاتاغلىق ھەدىسشۇناس ئالىم. ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئالتە چوڭ ھەدىسنىڭ بىرى بولغان «سەھىھۇل - مۇسلىم» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

⑯ سەككاكىي — تولۇق ئىسمى سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇب يۇسۇپ ئىبنى ئەبۇ بەكرى سەككاكىي بولۇپ، مىلادى 1160 - يىلىدىن 1228 - يىلىغىچە ياشىغان. سەككاكىي

مەشھۇر ستىلىستىكاشۇناس ئالىم ۋە داڭلىق ئەدىپ. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلى ئالىملىقتا چاغاتايخانىنىڭ ئوردا مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئۆتكۈزگەن. شۇ مەزگىلدە ئۇ «مىفتاھۇل - ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. سەككاكىي ئىلىمدا قازا تاپقان، مازىرى ھازىر قورغاستا.

⑰ مىرسانى — مەشھۇر لوگىكا ئالىمى. «ھاشىيە» ناملىق مەنتىق كىتابىغا شەرھ يازغان.

⑱ مىرزا ئەبدۇلقادىر بىدىل — مىلادى 1644 - يىلدىن 1721 - يىلغىچە ياشىغان مەشھۇر شائىر. «دىۋانى بىدىل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى، ئۇنىڭ يەنە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بار.

⑲ جۇرجى زەيدان — لىۋانلىق مەشھۇر تارىخشۇناس ئالىم ۋە ئاتاغلىق يازغۇچى. ئۇ 1861 - يىلى لىۋاننىڭ بېرۇت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1892 - يىلى مىسىر پايتەختى قاھىرەدە «ھىلال» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭدا تىل، تارىخقا ئائىت ماقالە ۋە روماتلارنى ئېلان قىلغان. كېيىن ئۇ «ھىلال» نەشرىياتىنى قۇرغان. ئۇ ئەدەب - ئەخلاق ۋە تارىخقا ئائىت نۇرغۇن دەرسلىك كىتابلارنى يازغان.

⑳ ئىبنى خەلدۇن — مەشھۇر تارىخشۇناس ئالىم ۋە تەسەۋۋۇپچى.

㉑ فۇزۇلىي — مۇھەممەد سۇلايمان ئوغلى فۇزۇلىي (مىلادى 1498 — 1556) ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى. ئۇنىڭ «دىۋانى فۇزۇلى»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «بەڭ ۋە بادە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

㉒ نەۋائىي — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (مىلادى 1441 — 1501).

㉓ ئەبۇ مۇھەممەد — ئاتاغلىق فىقھى ئالىمى. ئىمامى ئەزەمنىڭ شاگىرتى. ئۇ ئىمامى ئەزەمنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىزاھ يازغان.

㉔ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: يىگىت (قىسمىنى) تېخىمۇ كۆپرەك ۋە ئۇزۇنراق سۆزلەپ بېرىشلىك.

㉕ بۇ رەيھان — ئەبۇ رەيھان بېرۇنىي (مىلادى 973 — تەخمىنەن 1048) ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى، ئاتاغلىق ماتېماتىك ۋە تىبابەتشۇناس. ھىندىشۇناسلىق ۋە يۇنانشۇناسلىق ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم.

㉖ بۇ تەييىب — ئەبۇ تەييىب مۇتەنەببىي مىلادى 915 - يىلى كۇفەدە تۇغۇلۇپ، 965 - يىلى پارستىن باغداتقا قايتىش سەپىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن بۈيۈك ئەرەب شائىرى. ئۇنىڭ «دىۋانى مۇتەنەببىي» ناملىق مەشھۇر شېئىرلار توپلىمى بار.

㉗ ئوقلىدۇس — ئاتاغلىق گېئومېتىرىيە ئالىمى.

㉘ «شەمسىيە»، «ھاشىيە»، «سۇللەم» — ئىسلام ئەللىرىدە جۈملىدىن ئۇيغۇر كونا مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىنغان مەشھۇر مەنتىقە (لوگىكا) كىتابلىرى.

㉙ شائىر 1935 - (ھىجرىيە 1354 -) يىللى ھەج قىلمىش ئۈچۈن مەدىنىگە بارغىنىدا يازغان مۇرەببەسى.

㉚ ئۇھۇد — مەدىنىدىكى بىر تاغ.

㉛ قۇبا — مەدىنىدىكى بىرىنچى قېتىم مەسجىد سېلىنغان ئورۇن.

㉜ شائىر 1935 - يىلى ھەج ئۈچۈن مەدىنىدىن مەككىگە كەلگىنىدە، مەدىنىدىكى دوستلىرى تاش ھاجىم، زاكىرجان ھاجىم، غازى ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ ئەۋەتكەن مۇھەببەتنامىسىگە جاۋابەن يازغان سالامنامىسى.

㉝ ھىجرىيە 1354 - (مىلادى 1935 - 1936 -) يىللى مەدىنىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان سەيىد قاسىم ئەفەندى «ئىسلام يولى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ نەشر قىلغاندا، شائىر بۇنى كۆرۈپ يازغان قەسىدىسى.

㉞ بۇ يېرىم مىسرادىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1354 - (مىلادى 1935 - 1936 -) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

㉟ شائىر ھىجرىيە 1355 - (مىلادى 1936 — 1937 -) يىلى ھەرەمدىن ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە كېلىدۇ. ئۇ يەردىكى بۇرادىرى سەيىد مەھمۇدخان تىرازىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، ئۇ كىشىنىڭ سەيىد ئابدۇلقادىرخان ناملىق پەرزەنتى تۇغۇلىدۇ. شائىر بۇ قەسىدىنى يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ بوۋاقنى مۇبارەكلەپ يازغان.

㊱ بۇ يېرىم مىسرادىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1355 - (مىلادىيە 1936 - 1937 -) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

㊲ شائىر بۇ قىتئەسىنىمۇ سەيىد ئابدۇلقادىرخاننىڭ تۇغۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان.

㊳ قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەردىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1355 - (مىلادىيە 1936 — 1937 -) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

㊴ شائىرنىڭ ئۆز شاگىرتى ئابدۇلقادىر ھاجىمغا يازغان بېيىتى.

# شەمەدى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەرشىدىن راشىدىن
مەتتوختى ئابدۇۋاقى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

شائىر مۇھەممەت روزى داموللام (تەخەللۇسى: شەمەدى) 1907 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي بىلىمنى ئۆز يېزىسىدا ئالغان بولۇپ، 1918 - يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ يەكەنگە بارغان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1934 - يىلىغىچە يەكەن شەھەر ئىچىدىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئۇستازى مۇھەممەت سالىھ داموللام (ئەينى ۋاقىتتا يەكەننىڭ قازىسى بولۇپ، شىلىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، كېيىن ئىز-دېرىكى بولمىغان) شائىر ھۈسەيىنخان (تەجەللى) نىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئىلىم-بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك كىشى ئىدى. بۇ ھال بولغۇسى شائىرغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇراخمان جامى، نەۋائى، ھۇۋەيدا، خوجا ھاپىز شىرازى ئەسەرلىرى شۇنداقلا مەشرەپ، نەۋبەتى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئېلىپ تۈركىي، پارسى، ئەرەبىي تىللاردا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا قىسقا ۋاقىت يەكەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شائىر 1934 - يىلى 8 - ئايدا ئۆز يۇرتى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، تاغىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن مەدرىس ئېچىپ، 1958 - يىللارغىچە كۆپلىگەن تالىپ ۋە تالىبەلەرنى ئۆز خىراجىتى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى ئۇنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن تولىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ. 1978 -

www.uyghurkitap.com

يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 71 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن.

شەھىدى شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماھىر رەسسام ۋە ھۆسنخەت ئۇستىسى ئىدى. ئۇ يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇۋاتقاندا، مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن لېنىننىڭ رەسىمىنى چوڭايتىپ سىزىپ، ھەممە كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان. «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئۆزى كۆچۈرگەن قول يازمىسىغا سىزغان قىستۇرما رەسىملىرى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن سىزىلغان.

شائىر ئۆزىنىڭ تۈركىي، پارسى تىلدا يازغان شېئىرلىرىدىن «شەۋقى مەسىھا - زەۋقى مەلىھا» ناملىق بىر دىۋان، ئەرەبىي تىلدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن «دىۋانى مۇ- ھەسسە» ناملىق بىر دىۋان تۈزگەنلىكىنى، بۇ ئىككى كىتابىنىڭ «ئاپەتلىك يىللار» دا كۆيدۈرۈلۈشتىن ئامان قالغانلىقى ھەققىدە دەلىل - ئىسپاتلار بولسىمۇ، ھازىرغىچە تېپىلمىدى. بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز شائىرنىڭ يېقىندا تېپىلغان، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىككى دىۋانغا كىرگۈزۈلمىگەن بىر قىسىم شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىدۇق.

## غەزەل دىگەر مەسنەۋىي

ئەجەبكىم دائىما ئەقلىم خەتا كەتكەن كىشىدۇرمەن،
سەۋاب رەئيىم كۆرۈنمەيدۇر بىكا كەتكەن كىشىدۇرمەن.
سىنۇق چىن بەرمەسە ئاۋاز، پۇچۇق چىن بەرمىگەي لۇقمە،
يېسە كۆپ ئاسىي - جافىيلار زەمىن ئۈستىدەكى تۇئمە.
ئەگەر ھەر چەندە غەم ئارتسام گۇمانىم يوق كېلىپ نېئمەت،
دېدىم «ئەللاھ»، يېدىم نېئمەت، باشىمغە قويمادى كۈلفەت.
«تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ» دەپ بۇ نالەم بىرۇ بارىمغە،
سەبەب قىلماي ياتىپ مەھمىل تەمامى كارۇ بارىمغە.
ئېنىڭچۈن مەن ئەداۋەتلىك، بولۇپ مەللەممۇ دۇشمەنلىك،
ئېنىڭ ئۈستىگە ھاسىد بار بولۇپ قالدىمكى دۇشمەنلىك.
ئىلاھا تەۋبە قىلدىمكى ئەجەب بەد بەخت ياراتىپسەن،
ساڭا مەن مۇنتەزىر تۇرساممۇ دۇشمەنگە قاراتىپسەن.
ئەگەر چەندىكى بولسامۇ سەبەبدىن ئافەرىنەندە،
ۋە لېكىن خەلق ئەتكۈچى سەن بېرىپ جاننى نەھس تەندە.
ساڭا قىلغان ئىشەنچىمنىڭ بارى بىكار بولۇپ قالدى،
بۇ ۋەجھىدىن بولۇپ ھەيران دىلىم بىمار بولۇپ قالدى.
ئەزەل كۈندە مېنى بەد بەخت نىشانە ئەيلەگەنمۇسەن،
تەمامەن ئىشلارىم تەتۈر پېشانە ئەيلەگەنمۇسەن.
دىلىمدە غەم، كۆزۈمدە نەم، كېچە - كۈندۈز مۇسىبەتمەن،

ئەگەر سەن سورماساڭ ھالىم ھەلاكەتلىك مۇرىبەتمەن.
نەچۇك رازى بولاي بول قىسمى بەد بەختلىك ۋۇجۇدۇمغە،
سەئادەت بولماسا رۇھۇمدە، كەلمەيدۇر شۇھۇدۇمغە.
نەھس رۇھۇم، نىجىس جىسمىم كىلىپ كەج فايىغە كەج نەئلەي
كىشىنىڭ بولماسا بەختى دىگەيلەر ئانى بىتالەي،
پىشانەم تەرتىدۇر دائىم تەمامى ئىشلارىم مەنھۇس،
ئەگەر بارسام ئۇمىد بىرلەن يانىپ كەلگۇم بولۇپ مەئيۇس.
ھەيا تارتىپ شەرمەتدىن، ئۆتەلمەدىم تەرىقىغە،
يۇمۇپ كۆزنى، كىچىپ جاندىن يىتەلمەدىم ھەقىقەتغە.
ئىلاھا، بەرمەسەڭ تەۋفىق قاچان تاپقۇم ھىدايەتنى،
بىرىپ غەيرەت مەن ئاجىزغە قىلىپ لۇتقى ئىنايەتنى.
ماڭا بەرسەڭ ھىدايەتنى سەداقەتلىك قىلاي تەۋبە،
دىلىمنى ئەيلەگىن ئاگاھ ئۆلۇمدىن كەلغۇچە تەۋبە.

## ئەبياتى مۇخەممەس دەر بەيانى ئەھۋالات

ئەي يارانلار، ئاڭلاڭىز بىر سۆز بەيان كەلتۈرمىشىم،
يار ئىبادەت نۇكتەلىغ مەئنى ئەيان كەلتۈرمىشىم،
ئۆچتى روھۇم پەر ئۇرۇپ رو ئاسمان كەلتۈرمىشىم،
يوشۇرۇپ ئەلدىن ئۆزۈم سىررى نىھان كەلتۈرمىشىم،
زاھىرىم كۈلگەن بولۇپ، ئاھۇ فىغان كەلتۈرمىشىم.

ھەر كىشىغە دەرد يەتسە يىغلاماي كۈلگەيمۇ ئول،
تاپماسا لۇقمە ھەلال ھەرام يىمەي ئۆلگەيمۇ ئول،
نودەئى قەددى ئىنىڭ غەم ئاستىدا سۇلغايمۇ ئول،
چارە تاپماي جانىنى ئىككى تەرەپ بۆلگەيمۇ ئول،
بول سەبەبدىن رەڭگى-روييۇمنى سامان كەلتۈرمىشىم.

يار دەيمەن، يار دەيمەن، كەلمىدى ياردىن ۋەفا،
بەلكى ئاتتى تاش بىلەن تەگدى باشىمغە بىخەفا،
كۆزلەگەن ئەردىم ۋەفاسىن ئانچە قىلدى كۆپ جەفا،
بىسۇ بات ئالەمدە كۆردۇم ھەممە ئىشنى بىسەفا،
جۇملەدىن ئىبرەت ئالىپ جاننى ھەيان كەلتۈرمىشىم.

يوق ماڭا لۇتفى نەزەر ھەم ۋەسلىدىن قالدىم يىراق،
ئۇستىمغە قۇرقۇنچى كۆپ قىلسا ھەلاك دەردى فىراق،
غەم دەۋاسىن تاپمادىم ئىستەپ بارىپ شامۇ ئىراق.
تاكى تەرياك نۇش ئېتەرمەن ياكى ئىچكەيمەن ھەراق،
بىر يولى جاندىن كېچىپ جىسمىم ئەمان كەلتۈرمىشىم.

گۈلئۈزارى دىلبەرىم قىلماي ماڭا ئەسلا نەزەر،
بۇ سەبەبدىن ھەر زەمان كەلدى ماڭا خەۋفۇ خەتەر،
تەلمۈرۈپ قالدىم يولىدا بولمىدى بىر خۇش خەبەر،
ئاخىرى غەمدە ئۆلۈپ قىلسام بۇ دۇنيادىن سەپەر،
زادەراھەل تاپمايىن ئىمان ئاران كەلتۈرمىشىم.

يا ئىلاھى، ئەنتەرەببى، ئەنتە ھەسبى، يا غەفۇر،
ئەنتە سەتتارۇل ئۇيۇبۇ ئەنتە ئەللامىن سەبۇر،
رەھىم قىل بىچارە قۇلغە قىلماغىن ئەھلى كۇفۇر،
يەتتە قات ئاسمان ياراتتىڭ، تاپمىدى ھەرگىز فۇتۇر،
شەرقى - غەرب مابەينىدە ئالەم جەھان كەلتۈرمىشىم.

ھېچ بىدايەت يوق ساڭا، ھەرگىز نىھايەت يوق ساڭا،
يوق شېرىكلىك، بىرلىكىڭغە ھەم رەكاكەت يوق ساڭا،
كۈللى شەيئىن ھالىكۇن، ئىللا ھەلاكەت يوق ساڭا،
بارچە مەخلۇقات فەنادۇر ھەم مەلامەت يوق ساڭا،
قۇدرەتىڭنى كۆرسەتىپ دەۋرى زەمان كەلتۈرمىشىم.

مەئرىفەت گۈلزارىدا قەددىڭ ئېرۇر نازۇك نىھال،
چۇن چەرا زاتىڭغە باتىلدۇر ئەگەر قىلسام خەيال،
فەردەئى ھۇسنۇڭ قىياسىدە كۆرۈندى بىزەۋال،
ئالەمى قۇدرەتدە بىرسەن ھەم قەدىمى بىمىسال،
ھېچ تەرەپ قىلماي ئىشارەت لامەكان كەلتۈرمىشىم.

بىچۇنۇ بىشۇبھە دۇرسەن، يوق نەمۇنە شەكلىدىن،
جىسمى سۇرەتدىن مۇنەززەھ ھەم مۇبەررا شەكلىدىن،
ئېبتىدا يوق، ئىنتىھا ھەم، بولدى ئىمان شەكلىدىن،
كىمكى شەك قىلسا ساڭا كەچتىم ئۇشۇل ئېشەكلىدىن،
بىشەرەز ھەم بىغەرەز بىنىشان كەلتۈرمىشىم.

ئايۇ كۈن يەتتە كەۋاكىب بارچەسى خىزمەتدەدۇر،
ئەلخۇسۇس ئەھلى مۇسۇلمانلار ھەممە ئىززەتدەدۇر،
كىم خۇدانى ياد قىلسا ھەق ئاڭا رەھمەتدەدۇر،
كىم بولۇپدۇر ھەققە مۇنكىر، بو شەقى لەئنەتدەدۇر،
فىكىر قىلسام دۇنيادا ياخشى - يامان كەلتۇرمىشىم.

ئەي ئىلاھا، رەھىم قىلغىن بارچە ئاجىز بەندەغە،
ئۇشبۇلارنىڭ ھۇرمەتىدىن مەن كەبى شەرمەندەغە،
دائىما غافىل يۇرۇپ يۈرگەپ ئۈزۈمنى جەندەغە،
خالىسەن لىللاھ، دىمەي سۇرتۇپ يۈزۈمنى گەندەغە،
مىڭ خىجالەتدە تۇرۇپ ئۈزرى زەبان كەلتۇرمىشىم.

ھەق ھەبىبىڭ ئول مۇھەممەد مۇستەفانىڭ ھۇرمەتى،
ھەم ئەبابەكرى، ئۆمەردەك باسەفانىڭ ھۇرمەتى،
ھەزرەتى ئۇسمان ئۇشۇل ھىلمۇ ھەيانىڭ ھۇرمەتى،
يار چەھارۇمدۇر ئەلىيۇل مۇرتەزانىڭ ھۇرمەتى،
ھەم ھەسەن بىرلەن ھۇسەيىندەك تەۋئەمان كەلتۇرمىشىم.

ئارزۇم ئولدۇر خۇدانى كىچە - كۈندۈز ياد ئېتىپ،
ئۇيۇماي كۈنلەردە مەن بۇلبۇل كەبى فەرياد ئېتىپ،
دىۋە خەننناس شەررىدىن يالغۇز خۇداغە داد ئېتىپ،
قىل خەلاس مەن بەندەنى غەم - قايغۇدىن ئازاد ئېتىپ،
چىن ئەقىدەم بىرلە يىغلاپ ياش رەۋان كەلتۇرمىشىم.

ئەي ئىلاھا، تەۋبە قىلدىم، ئەفۇ قىل جۇرمىم مېنىڭ،
سەھۋۇ غەفلەت بىرلە ئۆتتى كۆپ - تولا ئۆمرۈم مېنىڭ،
بۇ سەبەبدىن غەمدە ھەم، ئاخىر نەدۇر ئەمرىم مېنىڭ،
ئەھلى سالىھلارنى كۆرسەم كەلگۇسى شەرمىم مېنىڭ،
لەرزە ئولۇپ جىسمىم مېنىڭ خەشكى دەھان كەلتۇرمىشىم.

نا ئۈمىد بولما، شەھىدى، ھەقتە ئالا لۇتفىدىن،
خەلق ئېتىپدۇر جۇملە ئىنسانلارنى ئادەم نۇتقىدىن،
يەر - زەمىن، ئاسمان بولۇپدۇر مۇستەفانىڭ تۇفلىدىن،
ئاچ دىلىم قاپقاغىنى بۇ زۇلمى غەفلەت قۇفلىدىن،
دىل چىراغىم قول ئالىپ پايەم رەۋان كەلتۇرمىشىم.

www.uyghurkitap.com

خاتىرىدىم چاچقۇن بولۇپ كۆڭلۈمدە نىسيان مەندە بار،
بۇلھەۋەسلىكدە يۈرۈپ كۆپ زۇلم ئىسيان مەندە بار،
قايسى يول بىرلەن كېتەرمەن دەپ بۇ ھەيران مەندە بار،
بۇ جىھەتدىن غەم تولۇپ كۆپمۇ پۇشەيمان مەندە بار،
ئۇشبۇ قورقۇنچىم بىلەن باغرىمنى قان كەلتۈرمىشىم.

ئۆتتى كۆن پەسلى بەھارى كىتىپ زەمانە فۇرسەتىم،
بەرقدەك تىز كەتتى ۋەقتىم رەنىدە ئۇرغان مۇھلەتىم،
رىيە ئاسفدەك بوران باستى يورۇتقان ئىشرەتىم،
غەم قاراڭغۇ ئىچرە قالدىم كۆپ بولۇنغان ھەسرەتىم،
نەۋتە جىسمىم تىترەتىپ، بەرگىم خەزان كەلتۈرمىشىم.

ئاھ، نىچۈك ئۆتتى زەمان ۋەقتى فەراغەت فۇرسەتىم،
قىلمايىن ئىخلاس بىلە ئەسلا ئىبادەت بىر قېتىم،
خەلق ئارا مەشھۇر بولۇپ داموللا ھەزرەتدۇر ئاتىم،
قورقىمەن كەلسە ئەجەلدىن ۋەقتى سائەت نەۋبەتىم،
ئۆمر ئۆتۈپ، كۆڭلۈم قارا ھەمچۈن قازان كەلتۈرمىشىم.

يا ئىلاھا، تەۋبە قىلدىم، قىل گۇناھىم مەغفىرەت،
دۇنيادا قىلغان ئىشىمنىڭ ھەممىسىدۇر مەئسىيەت،
قۇلاقىمغە ئالمادىم كىم بەرسە ياخشى مەسلەھەت،
بار ئۈمىدىم ئول خۇدادىن قىلغاي ئىبردى مەرھەمەت،
دەپ كېچىپ دۇنيا نىجىسدىن قولغە نان كەلتۈرمىشىم.

شاھى ئەقلىم ئالدىدا ئەممارى نەفسىم بىئەدەب
لىق قىلىپ دۇنيا قوساقتىن پوقىدە قۇتى ئەدەب،
شاھى ئەقلىم ئېيتتى: ئەي نەسىم لەئنىمى بىئەدەب،
قانچە قىلساڭ تويماغايسەن بۇ قوساغىن بىغەدەب،
ئەمرى ئەيلەپ نەفسىمە، سۇنغان بويان كەلتۈرمىشىم.

ئەي شەھىدى قالغىن قانداغ بولۇر ھالىڭ سېنىڭ،
قالمىدى سەندە فەقەت ھەر قىسمىلىق مالىڭ سېنىڭ،
خەۋفى ھەسرەت بىرلە ئۆتتى ماھ، روز، سالىڭ سېنىڭ،
ئارقىدا يوق قۇيرۇقۇڭ، ئالدىڭدا يوق يالىڭ سېنىڭ،
شۇ ئۈچۈن يوقتۇر مالىڭ، ئەسكى چاپان كەلتۈرمىشىم.

يىمە نامەرد نانىنى ئاچلىقدا گەر چىقسا جېنىڭ،
گۈتمە نامەرد كۆيرۈكىدىن غەرق تولۇپ ئاقسا تېنىڭ،
بولما كۇفرى نەفس چۈن گەر مۇشرىكلىك تۆكسە قېنىڭ،
رازى بولغىن ھۆكمى ھەققە بولغۇسى جەننەت سىنىڭ،
بويسۇنۇپ ھەق ئەمرىگە دارۇلجىنان كەلتۈرمىشىم.

ئەي ئىلاھا، رەھىم ئەيلەپ بارچەنى قىلغىن ئەمان،
رەھمەتىڭدىن نائۇمىد ئېرمەس نە ياخشى، نە يامان،
ئاسىيغە پۇشتى پەناھ پەيغەمبەرىم ئاخىر زەمان،
ئول ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلى ساھىبقىران
دەپ بۇلارنى دىل بىلەن دوستلۇق نىشان كەلتۈرمىشىم.

تۇشتى ۋەھشەت بۇ دىلىمغە كەلدىمۇ ۋەقتى ئەجەل،
لىك جىسمىم تەندۇرۇسدۇر، بولدىمۇ رۇھۇم كەسەل،
تاپمادى لەززەت تاماغىم گەرچە ئىچسەممۇ ھەسەل،
ئەي ئىلاھىم، بەرمەگىن خەۋفۇ خەتەرنى بىمەھەل
دەپ ئۇمىد بىرلەن تىلەپ يامۇستەئان كەلتۈرمىشىم.

ئۆي-مەئاش، ئولتۇر-قوپاش، يولداش قاشىمدە قاراقاش،
مۇفتەخىرمەن بۇلقەدەرلۇتفى ئەتاغە بىتەلاش،
لىك ۋەسلى بولمادى دەپ ئىز تىرابىم ھەددىن ئاش،
قاندىن ئاقىپدۇر ئېرىقدەك كۆز بۇلاقىدىن بۇ ياش،
خەندە لەب ئەيلەپ كۆزۈم ياش، دىلدا قان كەلتۈرمىشىم.

كىمغە ئېيتاي، كىمغە يىغلاي بۇ خەتەر كارىمنى مەن،
ئاڭلاماس ھېچبىر كىشى ئېيتسام ئەگەر زارىمنى مەن،
كۆپ زەمان بولدى كۆرەلمەدىم بارىپ يارىمنى مەن،
ئەقلۇ ھوشۇمدىن كېتىپ، تاشلاپ تەمام ئارىمنى مەن
لەيلىغە مەجنۇن بولۇپ بىخانىمان كەلتۈرمىشىم.

كىم تالاشسا بەر ئاڭا ئىككى قوشۇق، ئىككى چۆمۈش،
زور زىيادە زەر بولۇر، ئاخىرقى ئىش كۆزنى يۇمۇش،
ئىبرەت ئالدىم ھەممە ئىشدىن ئۇرغىلى باردىم قۇمۇش،
جەمئى قىپ ئىككى قولۇم دۇكان ئېتەرغە زەر-كۈمۈش،
چارە قىپ ئىككى قولۇم ئىشلەپ دۇكان كەلتۈرمىشىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى www.uyghurkitap.com

لوتى ئېيتتىكى: نە بىلدىمەن بۇ ئۆيدە لۇتى بار،
ئۆردى بىر فەرياد شىرىنچە چە ئاۋاز تۇتى بار،
بولزەمان فەسلى بەھارى ئابى لىنسان ھۇتى بار،
جۇملە جاندارلارغا رەززاق ئاللەمى لاھۇتى بار،
ئاللەمى ناسۇتىرا رۇھۇلبەيان كەلتۈرمىشىم.

ۋاھ ئەجەب، مەن بولماغان ئەۋۋەلدە خەتمى ۋافىزە،
شۇ سەبەبدىن بەختۇ دەۋلەت بولدى مەندىن نافىزە،
قايتا كەلمەسمۇ قولۇمغە تۇشمە گۇنچە ھافىزە،
ئارى نابىنا يۇرەلمەس يۇرمەگۇنچە خافىزە،
ئاق - قاراغە بەرزەخۇن لايەبغىيان كەلتۈرمىشىم.

ئەي شەھىدى، رازى بولغىن كەلسە ھەقدىن ھەر قەزا،
دېدى: ئول پەيغەمبەرىم جائىلقەزا، زاقىلفەزا،
كەڭ جەھان تار بولغۇسىدۇر بەختى قايتقاندىن كەزا،
گاھى دۇشۋارگە ئاسان كەلدى باشىمغە بۇ جەزا،
قىسمەتىم بۇ ماجەرايى ئىمتىھان كەلتۈرمىشىم.

ئەقلىم ئېيتۇر: ئېھتىيات قىل، نەفسىم ئېيتۇر: شاد بول،
نەفس زىننەتنى تىلەيدۇر، ئەقل ئېيتۇر: سادە بول،
ئەۋۋەلى تارتىپ رىيازەت، ئاخىرى ئازادە بول،
ھەققە قۇللۇقنى قىلىپ خەلق ئۈستىدە شەھزادە بول،
بۇ تەرىقە راس تۇرۇپ جان ئەل ئەمان كەلتۈرمىشىم.

ئىشق دەرسىنى ئوقۇپ كەزدىم بەلائى دەشتىنى،
كۆرمەگەندۇر ھېچكىشى مەندەك غەرىب سەرگەشتىنى،
يار ئۈچۈن دەۋزەخ كىرىپ بەرسەم بېھىشتى ھەشتىنى،
ئەژدەرھادەك كۆرۈنۇر كۆرسەم ئەگەر بىر رىشتىنى،
خەلق ئاراسىدا يۈرۈپ دائىم زىيان كەلتۈرمىشىم.

لەيلىنى كۆرمەك ئۈچۈن مەجنۇن كۆزى بولماق كېرەك،
يارنى كەلتۈرمەك ئۈچۈن شىرىن سۆزى بولماق كېرەك،
باغرى تاغنى يارغىلى فەرھاد ئۆزى بولماق كېرەك،
ئىشق ئېلىن كۆيدۈرگىلى ئايدەك يۈزى بولماق كېرەك،
ئىشق ئوتىن ياندۇرغىلى جىسمىم ئوتان كەلتۈرمىشىم.

دەشتى غەم كەزدىم دەۋام ھەم ۋەھشەتى كوھى بەلا،
ئالەمى ھەيرەتدە مەن ئەزھەر تەرەپ كەلدى سەدا،
يەتمەيىن ۋەسلىغە ھېچ غەمدىن بولۇپ باغرىم يارا،
قايسى كۈن بولغايمە ئازاد كەل دەيۈپ قىلسا ندا،
مۈنتەزىرلىقدە يۈرۈپ ئىشرەت ئۈيان كەلتۈرمىشىم.

## دەر بەيانى ئەھۋالات، بەرايى مۈناجات بەقازىيەلھاجات

يائىلاھا، رەھىم ئېتىپ كۆرگىن بۇ ئەھۋالىم مېنىڭ،
كېچە ـ كۈندۈز غەمدەدۈرمەن كۆپدۈر ئەرمانىم مېنىڭ،
زاھىرىم كۆرگەن كىشى بىلمەيدۈر ئەسرارىم مېنىڭ،
سورماغۇم ھېچكىمسەدىن دەردىمغە دەرمانىم مېنىڭ،
بىر خۇدادىن ئۆزگە يوق ھېچقايسى غەمخارىم مېنىڭ،

ئىشلەمەي دۈنياغە ياكى ئاخىرەتغە ھېچ ئەمەل،
ئېپ زەلالەتدىن مەتائ بەردىم ھىدايەتنى بەدەل،
بۇ تىجارەتدىن ھەيان تاپماي بولۇپدۇرمەن كەسەل،
بۇ سەبەبدىن دىل خەزانىم خالىدۇرمەن كەمبەغەل،
مول ھوسۇل ئالماي فەساد بولدى زىرائاتىم مېنىڭ.

دۈنيادا ئادەم تولا، ھەر قايسىنىڭ كۆڭلى بۆلەك،
شەكلى سۈرەت بىر قىسمدۇر، نۇسخەدە رەڭگى بۆلەك،
چىن كۆڭۈل سادىق كىشىلەر نەفسىنى قىلغاي ئۆلەك،
زىكرى ھەق بىرلەن بولۇپ ئېيتۇر ھەمىشە ھەمدىلىك،
زۇلجەلال ئېيتىپ تىلىم سۆز ئېچرە بۇرھانىم مېنىڭ.

ئەي غەنى، كەلدىم ئىشىكغە شەيئى لىللاھى چېكىپ،
مەن گەدايىنى قوغلاما قەھرىڭ بىلەن تاشنى ئېتىپ،
قايدا بارغۇم سەندىن ئۆزگە يوق ماڭا يارۇ ھەبىب،
كەس باشىم، ئۆلتۈر مېنى، كەتمەسمە دەرگاھدىن يېنىپ،
مەن ئەسىرىڭ ھەرنە قىل، سەن شاھى سۇلتانىم مېنىڭ.

مەن بولاي قۇربان يولۇڭدا بىر نەزەر قىلغىن ماڭا،
شادمان بولغۇم يەنە ياخشى ئەسەر بەرگىن ماڭا،

www.uyghurkitap.com

مەن گەدايمەن غەمدە قالدىم خۇشخەبەر بەرگىن ماڭا،
شاھى زۇلقەرنەيىن بولايىن بەھرۇ بەر بەرگىن ماڭا،
تەركى دۇ نەئلەيىن ئېتىپ يىگانە دەۋرانىم مېنىڭ.

يوق شېرىنىڭ بىرلىكىڭدە، ھەم تىرىكىڭ ئۆلمەگەي،
زاتى پاكىڭدۇر ئەزەلدىن ئەبەد يوق بولماغاي،
ئەيبۇ نۇقساندىن مۇنەززەھ، ھېچ زەۋالىڭ بولماغاي،
مالىكۇل - مۇلكى ئېرۇرسەن ھەم چەرىكىڭ بولماغاي،
بىچۇنۇ بىشۇبھەدۇرسەن، تىڭلا ئەقۋالىم مېنىڭ.

دائىما قىلدىم تەۋەككۇل مەن ساڭا، يازۇلجەلال،
يەتمەدىم مەقسەدغە ئەسلا بىر قېتىم بولدۇم مەلال،
بارچەلەر بىلدى سەبەبدىن قىلمىدىم مەن ھېچ خەيال،
نەبۇ دۇنيا ئاخىرەتدە تاپمادىم ھەرگىز كەمال،
ئۇشبۇ يەڭلىغ نامۇرادمەن، كەتتى ئىقبالىم مېنىڭ.

خوشلامام ئەغيارلار ھەر چەندە قىلسا ئىززەتىم،
جاھىلان سۆز قىلسالار تاپماس قۇلاقدە لەززەتىم،
ۋاي نەچۇكمەن دۇنيادا كۆردىم ھەممىشە زىللەتىم،
بۇ جىھەتدىن ھېچكىشىغە ئەرزىمەيدۇ رىغبەتىم،
بەس كۆڭۈل، ھەققە قوياي ئول يارۇ ھەمراھىم مېنىڭ.

ساقلاغىن، يا رەببىنا، ھەر بەدنىيەتنىڭ قەستىدىن،
بەندە ئاجىزمەن ھەممىشە ئاسراغىن غەم بەستىدىن،
رەببى نەججىنى ئوقۇيمەن، قىل خەلاس غەم دەستىدىن،
جەمئى ئەۋلادىمنى ساقلا ھەم يامانلار دەستىدىن،
ھەقتە ئالاغە ئامانەت قالدى ئەۋلادىم مېنىڭ.

ئۆيدە ئويلاپ ئولتۇرۇپمەن خەت قەلەم بىرلەن يېزىپ،
تاپمىدىم پىكرىمدە بىر سۆز يەتمەدىم ئەقلىم ئېزىپ،
ئالەمى ھەيرەت ئىچى ۋادى خەيالاتىم كېزىپ،
تەشنەلەب بولدۇم بۇ چۆلدە دۇررى گەۋھەرنى تىزىپ،
قىلماسا ھەق رەھمەتىنى چىققۇسى جانىم مېنىڭ.

قايسى ھالەتدە ئۆلەرمەن دەپ كېلىپ باشىمغە غەم،
دەپ دەۋام ئەلھۇكمىلىللاھ مەن قىلىپ باشىمنى خەم،

ئەينەما تۇۋەللۇ دەپ قويدۇم تەرەپلەرگە قەدەم،
سۇمىە ۋەجھۇللاھ ئوقۇپ دىل خانەسىدە دەمبەدەم،
ۋەھۇۋە ھەيىيۇن لايەمۇت دەپ چىقتى ئاۋازىم مىنىڭ.

ھەقتە ئالانىڭ يولىدا جانىنى بەرسەم ياراشۇر،
جان نىدۇر بەلكى ئاتا ئىمانىنى بەرسەم ياراشۇر،
چاپسا جەللاد بىر باشىمنى قانىنى بەرسەم ياراشۇر،
مەن ئۆزۈم دەۋزەخ كىرىپ رىزۋانىنى بەرسەم ياراشۇر،
ئىشىق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ كۆل قىلسە تۆت سانىم مىنىڭ.

مالۇ مۈلك، ئۆيۈ ئاساسىم كەتدى قولدىن، ۋا دەرىغ،
بولدى دۈشمەن ھەر كىشىلەر ئوگۇ سولدىن، ۋا دەرىغ،
كۆرمەدىم ئەسلا ۋەفا قىزۇ ئوغۇلدىن، ۋا دەرىغ،
كۆرمەدىم مەن ياخشىلىغ ھىچقايىسى يولدىن، ۋا دەرىغ،
بۇ تەرىقە ئۆمىر ئۆتۈپ قانداغ بولۇر ھالىم مىنىڭ.

ئۈستىمە ھاسىدلىرىم كۆرسە شەماتەت ئەيلەدى،
ئەيىب ئەيلەپ ئەل ئارا شەرمۇ خىجالەت ئەيلەدى،
مەن ئەگەر قىلسام سەلام دىلدا ھەقارەت ئەيلەدى،
سۆز غەرەز ئەيلەپ كىنايە كۆپ ئەھانەت ئەيلەدى،
تەئنە تاشىن ئاتدى ھاسىد سىندى دەندانىم مىنىڭ.

ۋا دەرىغا، دەرد بىرلەن مەن ئەدا بولدۇم نىتەي،
مالۇ مۈلك، ئۆيۈ ئاساسىمدىن جۇدا بولدۇم نىتەي،
گۈيىياكى ئەل ئارا مىسلى گەدا بولدۇم نىتەي،
نەپرەت ئەيلەپ ئەل مىنى، قەھرى خۇدا بولدۇم نىتەي،
نالە قىلسام بىر خۇداغە يەتمەدى ئاھىم مىنىڭ.

ئەي شەھىدى غەم يىمە دۇنيا ئەزابى ئەندەگى،
ئاخىرەتنىڭكى ئەزابى بولغۇسى شەرمەندەگى،
نىمەچۇن قىلماي خۇداغە كىچە - كۈندۈز بەندەگى،
بۇ سەبەبدىن مەن قىلىپمەن دىلدە كۆپ ئارماندەگى،
بۇ تەرىقە غەمدە قويغان نەفسى ئەممارىم مىنىڭ.

ھىچ ئىشىمغە چارە تاپماي قاتتى بۇ باشىم مىنىڭ،
غەم ئوتىدا كۆيدى باغرىم، ئىچ بىلە تاشىم مىنىڭ،

www.uyghurkitap.com

تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ كۆزدىن تۆكۈپ ياشىم مېنىڭ،
ئىچكەنىم زەھەر بىلەن زوقۇم بولۇپ ئاشىم مېنىڭ،
تا تەسەللى خاتىرىمغە يوقكى يولداشىم مېنىڭ.

ياغى ياندىن قوپادۇركى، ھەم قەرىنداشدىن بەلا،
نائىلاج بولدۇم گىرىفتار دەردى غەمگە مۇبتەلا،
دائىما «لاھەۋلە لاقۇۋۋەت» ئوقۇپ «قالۇ بەلا»،
قۇرئان ئىچرە دېدى «ماۋەددەئ» بىلەن «ۋەما قەلا»،
بۇ سەبەبىدىن ھەقتەئالا بولدى سىرداشىم مېنىڭ.

چىقمادى دەردىم ئىچىمدىن يىغلاسامىمۇ زار-زار،
كاشكى رەھىم ئەيلەسە بىچارەلەرغە بىرۇ بار،
بىئەدەبلەر ئالدىدا مۆئمىن قولۇڭنى قىلما خار،
ئول ئەبۇبەكرى بولۇپدۇر مۇستەفاغە يار غار،
چېچىلىپ كۆڭلۈم فەراكەندە تۇخمى خەشخاشىم مېنىڭ.

خەلقلەر ئىيد قىلسالار قاچان بولۇر ئىيدىڭ سېنىڭ،
شاھىدىڭ كەلسە شەھىدى شول بولۇر ئىيدىڭ سېنىڭ،
چىقسە جانىڭ بۇ جەسەددىن تۈزەلۇر قەيدىڭ سېنىڭ،
مۇرغى رۇھۇڭ تەن قەفەسدىن ئۇچقۇسى سەيدىڭ سېنىڭ،
بىر يولى تاپقۇم خەلاس يېنىك بولۇپ باشىم مېنىڭ.

ھەركىشىنىڭ دەردى بولسا كۆزلەرىدىن نەم كېلۇر،
شادمەنلىك ئىستىسە كىم ئارقاسىدىن غەم كېلۇر،
دۇنيانىڭ ئەۋزائى كۆپدۇر ساناساڭ بىردەم كېلۇر،
ھەممەنى بىر جەمئى قىلىپ بىر مەئنىدىن مەدغەم كېلۇر،
تىل يىغىپ دۇنيا سۆزىدىن يوقتۇر ئوخشاشىم مېنىڭ.

يەتمەگەچ ۋەسلىغە مەن كۆڭلۈمدە ئارمان كۆپ-تولا،
تاپمادىم دەرمان ئاڭا ئالەمدە دەرمان كۆپ-تولا،
لېك مەخسەد ئۆزگەچەدۇر، مەندە ھەيران كۆپ-تولا،
قورقادۇرمەنكى نە بولغۇم، مەندە ئىسيان كۆپ-تولا،
دىل قازانىم دولقۇن ئۇردى تۆكۈلۈپ ياشىم مېنىڭ.

غەم بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ ئىچكە پۇشەيمان تولدى زىچ،
دۇنيادا مەن بار كىشىلەردەك بولالماي كۆڭلى تىنچ،

يا ئىبادەتدىن ھۇزۇر ئالماي ۋە يا دۇنياغە ھېچ،
بىر كۆڭۈل قويماي ياتىپ قاتتى باشىم ھەم پايى-پېچ،
ئىبرەت ئالغاي ھەركىشلەر كەلسەگەر قاشىم مېنىڭ.

نەفسى دۇشمەن كۆرسەتىپ خىلۋەت خىيالاتىمنى كاج،
«قورقماغىن سەن، پادىشاھ دىۋانىدىن ئالماس خىراج»—
دەپ خىيانەتكە سۇنۇپ ئىلكىمنى مەن ئىككى غۇلاچ،
تۇتتۇلۇپمەن قەيدى غەمغە، قۇتتۇلۇرغە يوق ئىلاج،
بولدى بۇ كەڭرى جەھان گوياكى زىندانىم مېنىڭ.

ئەي مۇھەممەد روزى داموللا، خەيال قىل سەن ئۆزۈڭ،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى دۇنيادا يالغانمۇ يا راستمۇ سۆزۈڭ،
لاتەمۇد ئەينەيكەنى قىلدىڭ غەلەت قالاپ كۆزۈڭ،
قارا بولسا، ئەي شەھىدى، بۇ سەبەبدىن ئاق يۈزۈڭ،
نە جەۋاب بەرگۈڭ ھەشەردە سورسا ئول ئاشىم مېنىڭ.

## پەندەئى مەۋئىزە بەرايى ئىنسانى غافىل زاھىل ئاقىل

ئايا ئەي ئادەم ئوغلى، سەن بۇ دۇنياغا كېلىپدۇرسەن،
تەمامى غەم بەلالارنى باشىڭ ئۈستى ئېلىپدۇرسەن.
ياشلىڭ گەر كەلسە بەش ياشقە كېلەدۇرسەن ئاياق قاشقە،
قوپاپۇ ئولتۇرۇپ يىغلاپ تۇرادۇرسەن تاياق قېشقە.
ئەگەر ئوندىن ئۆتۈپ ئۆمرۈڭ قاچان كىرسەڭ يانا ئونبەش،
كىچىكلىكتىن كېچىپ ئەمدى خەتالىق ئىشلىرىڭدىن كەچ.
يىگىرمىغە يېشىڭ يەتسە يۈگۈرمەسەن خەتا يولغە،
تىلىڭنى ھەم دىلىڭنى راس ئېلىپ بارغىن سەفا يولغە.
ئەگەر كىرسە ياشىڭ ئوتتۇز ھەۋەس ئىشدىن ئۆزۈڭنى تۈز،
سەفا يولنى تاپاي دېسەڭ دىلىڭنى غەيرىلەردىن ئۈز.
ئەگەر قىرىق ياشقا بارغاندا قىرىق كۆڭلۈڭنى قىرغاقدىن،
قۇرۇقدىن ئۆتمەدىڭ ئەسلا قاراقچى كەلسە قىرماقدىن.
ئەگەر ئۆمرۈڭ كېلىپ ئەللىك بولۇپ خەلق ئالدىدا تىللىك،
ئوسارىپ خەلق ئاراسىدا دېگەنىڭ ئارپا نان يەللىك.
يانا ئۆمرۈڭ ئۆزۈن بولدى خەيال قىلدىڭ كىرىپ ئاتمىش،
ئۆتۈپ غەفلەت بىلەن ئۆمرۈڭ تەخى ھەم يۈرەكىڭ قاتمىش.
قاياندا قالدى ئاتمىش ئۈچ ئېقىپ كۆزدىن ياشىم يەتمىش،
قىياس قىلسام بۇ دۇنيادىن ھەمە ياخشى يامان كەتمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ ئۆمرۈممۇ يەتمىشدىن يېقىن كەلدى بولۇپ سەكسەن،
ھىدايەت تاپمايىن ئەسلا ھەۋەس يولدا يۈرۈپ سەكسەن.
خەيال چاغلاپ كۆرۈپ باقىن قاچان كىرسە ياشىڭ توقسەن،
قىيامەتنىڭ غەمىن قىلماي ھەمە ئىشىدىن كۆڭۈل توق سەن.
ئەگەر ئۆمرۈڭ ۋەفا ئەيلەپ ياشىڭ راس كىرسە بىر يۈزغە،
خۇداغە شۈكرى قىلغايسەن قولاڭنى سەن قويۇپ يۈزغە،
يەنە يۈزدىن ئۆتۈپ ئۆمرۈڭ ئەگەرچە كىرسە يۈز ئونغە،
ھەۋەس بىرلەن يۈغانلىق قىپ ئۆزۈڭ ئوخشاتمە فىرئەۋنغە.

## غەزەل دىگەر

ئەجەب رەسمىدۇر ئادەمزادەغە،
كۆزى كۆرمەسە كەلمەغەي يادىغە.
سېنى مەن ھەمىشە قىلىپ يادىڭىز،
كۆڭۈل بەرگەن ئېردىم بۇ شەھزادەغە.
ئۇنۇتتۇڭ مېنى قايتا كەلمەس بولۇپ،
ئەيب تاپسا بولغايمۇ دىل ئازادەغە.
كىچىك باللا ئوينايدۇ تاختا مىنىپ،
يۈگۈرتۈپ ئېتىمنى، مىنىپ خادەغە.
كېلۇر باللا ئالدىمغا يۈلدۈز كەبى،
مېنى ئوخشۇتامدۇر ئۆزىن دادەغە.
قىلۇرمەن دۇئا ئۇشبۇلار ھەققىدە،
تەنۇ جىسىم بىرلەن ئۆي ئابادغە.
سەھەر بۈلبۈلى گۈل ئۈچۈن بىر غەزەل،
ئوقۇپ جەزبى تارتىپ بۇ ئەۋرادەغە.
تىلىمنى تىلىپ مىڭ تىلىم تىلەسەم،
كۆزۈمنى ئويۇپ يىغلاسام شادەغە.
تىلىم قاپقاسىن بەند ئېتىپ، دىل ئۆيۈم،
يورۇتۇپ كۆڭۈل كەلسە ئىجادىغە.
ۋۇجۇدۇم ھەمىشە بولۇپ غەمغە جاي،
نە بولغاي قارايمەنكى ئىرادىغە.
تۈنۈكۈن قاراڭغۇ تۇتۇپ دىل ئۆيۈم،
يورۇغلۇق كېلۇرمۇ بۇ جەمادىغە.
تۇشۇپ ئىشقى شىرىن جۇنۇن چۆلغادى،
لەقەب بولدى دىۋانە فەرھادىغە.

يەنە قەيس مەجنۇن بولۇپ يىغلادى،
تۇشۇپ شەۋقى لەيلى بۇ دىل سادەغە.
كېزىپ دەشتى مىھنەتنى سەرسان بولۇپ،
ئەزىز جانىنى بەردى بادىغە.
نەچۇكتۇر ھەياتىم بىلەلمەم ئېنى،
قارامام ئۆيۇ مالۇئەۋلادغە.
خەراب بولدى ھالىم نەزەر قىل ماڭا،
قىلىپ لۇتفى مەندەك دىل ئۇفتادەغە.
كېلىپ تەھارەت ئالسام ئوقۇپ ئەسرنى،
باشىمنى قويۇپ ئۇشبۇ سەججادەغە.
شەھىدى شەھادەتنى تاپقۇك قاچان،
كېچىپ جاندىن كەل شەھرى بەغدادغە.
فەقىرۇ ھەقىر بولۇپ خار ھەم زار،
شەھىدىغە يەتمەس كىشى دادىغە.

## بەياناتى ئەھۋالى مۇسەننىف دەرنەزدەئى مۇكەللىق

بەيان ئەيلەي خەلايىقلار بۇ داموللا ئېتىمدۇرمەن،
بىلىپ مەئنىنى مەن دائىم قىلىپ زۇلمى سىتەمدۇرمەن.
ئەزەلدە بەرمىسە تەۋفىق، قاچان تاپقۇم ھىدايەتنى،
ئەبەددە زارۇ ھەيرانمەنكى كۆز ياشىمدە نەمدۇرمەن.
يازىپمەن نامە ئەئمالىم غەلەت سۆزلەر بىلەن سەھۋە،
خەتالىق خەت قىلىپ ئىلكىم تۇتۇپ كاغەز قەلەمدۇرمەن.
خۇدانى ياد قىلماستىن ھەۋەس ئىشلارنى ئويلاپمەن،
بىھۇدە سەھۋلەر بىرلەن خەتا بابىغە دەمدۇرمەن.
دېدىمكى: كاشكى ئەۋۋەل بۇدۇنغە كەلمەگەي ئېردىم،
نەچۇك كەلدىم بۇ دۇنياغە باشىم ئۇستىدە غەمدۇرمەن.
ئالىپ مىفتاھ ئىلكىمغە ئاچاي دەپ بابى دەۋلەتنى،
تۇتۇپ غەفلەت بىلەن ئاچقۇ يۇتۇرۇاتقان ئەدەمدۇرمەن.
يۇرۇپ دائىم ھەۋا بىرلەن خەتائى كارھا ئەيلەپ،
ئېغىر يۈك بارھا ئەيلەپ مەنەم ئەمدى نەدەمدۇرمەن.
دېدىم: ئاغزىمدە مەن سوفى خەبەر تاپماي تەرىقەتدىن،
سەۋاب يوللار قايان قالدى خەتا قويغان قەدەمدۇرمەن.
ئۆزۈم ئەھۋالىمە باقسام ھەقىرۇل - ئەھقەرىن ئىنسان،
كى بەلكى جەمئى ئەشيادىن فەقىرۇ خار كەمدۇرمەن.

يانا غەفلەت بىلەن ئۆمرۈم كۆچۈردۈم نەفسى ئەۋۋارە،
بولۇپ دائىم يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ھەيۋانغە فەمدۇرمەن.
يېمەك ـ ئىچمەك ئىشىم بولدى، تەنۇ جىسمىمنى سەمرۇتدىم،
شۇ ھالەتدە ئۆلۈپ كەتسەم لەھەت قۇرتىغە يەمدۇرمەن.
خۇداۋەندا، خەتاكارمەن، سېغىندىم زاتى پاكىڭغە،
كەچۈرسەڭ جۇرمى ئىسيانىمنى دەپ دەردۇ ئەلەمدۇرمەن.
بېرىپ سەھۋە زەمىن ئۆزرە تېرىپمەن شەھۋە گەندۇمنى،
ئورۇپمەن پىشماغان زەرئىمنى مەن بەيئى سەلىمدۇرمەن.
خىجالەتدىن يۈزۈم ئۈستۈن قىلالماي خەلق ئالدىدا،
قويۇپ كۆزنى قەدەم ئۆزرە باشىم ئالدىدا خەمدۇرمەن.
ئەزەلدىن تاپمادىم ئىقبال، ئەبەدغە قول قۇرۇغ كەتكۈم،
تەمامى ئىشلىرىم مەنھۇس بولۇپ ئىشرەتدە زەمدۇرمەن.
تىنىپ نەفسىم نەفەس ئىچرە پۇشۇلداپ دىل پۇشەيماندىن،
تۇغۇلغان كۈن نەچۈكتىم دەپ ھەمىشە كۆزدە نەمدۇرمەن.
ۋە لېكىن بىر ئىشەنچىم بار، كېچىپمەن بارچە مەقسەددىن،
فەنا ئەيلەپ ھەياتىمنى بەقا ۋەسلىغە رەمدۇرمەن.
بىلا، كەچتىم بۇ دۇنيانىڭ كۆرۈنگەن پاللۇ ـ پۇللۇسىدىن،
يەنە ھەم غاررۇ ـ غۇررۇسىدىن قاچىپ تەركى ھەشەمدۇرمەن.
قۇتۇلدۇم ئىشتىھايىمدىن بۇ نەفسىم ئەژدىھا ئېردى،
يىقىپ مەن دىۋە جەھلىمنى بولۇپ سۇلھى ئامۇمدۇرمەن.
شەھىدى، بولما نائىنساب، تەمامەن ئۆشبۇ سىرداشدۇر،
قەنائەتنى قىلىپ پىشە بولۇپ ئەھلى كەرەمدۇرمەن.
ئۆزۈپ كۆڭلۈمنى دۇنيادىن مەسىھادەك بولۇپ فارىغ،
خۇداغە قۇلچىلىق ئەيلەپ مەنەم سۇلتانى جەمدۇرمەن.

## غەزەلى ئىشقىيات

ئەيكى، مەن تۇرا ئاشىق تۇكى بىخەبەرمانى،
رەفت ھۇش ئەز دەستەم، ماشۇدەم بەھەرمانى.
ئامەدەم بەنەزدى تۇ ئەز بەرايى مۇشتاقى،
تۇ مەرا نەزەر نارى دەر ھۇزۇرى مېھمانى.
مەن ھەقىرى بېچارە ھەد ھەد يەكى پا بۇسەم،
مەن گەدا بەنەزدىتۇ تۇ شەھى سۇلەيمانى.
ھېچ كەس نەمەندى ھەمچۇ تۇكى خۇشرۇيى،
دۇ ھىلالى ئەبرۇيەت، ھەمچۇ بەدرى ئاسمانى.

چەشمە نەۋ بەھارىڭغە مەن نە دەپ بەھا ئايتاي،
لەبلەرىڭ قىزىلگۈلدەك ئابدانە رۇممانى.
مەن كۆرۈپ بەلەند قەددىڭ بويلاسام بويام يەتمەس،
ئويلادىمكى مىسلىڭ يوق، ئاھ، سەن قويمانى.
قاش ئاتىپ قۇززەھ ياسىن، تەگدى تىيرى مىژگانى،
چاك ئېتىپ تىلىپ باغرىم تاپمادىم چە دەرمانى.
داغى ھەسرەتىم كۆپدۇر يەتمەدىم مۇرادىمغە،
يار كويىدە ئۆلگەنىنىڭ يوقتۇر ئەسلا ئەرمانى.
مەن ئالىپ قەلەم كەتمەن كۆز سۈيۈم ئاقىزماقغە،
سەن تۇتۇپ يۈزۈڭ پەردە سۆز قىلۇرسە كەتمانى.
ئىن دۇ چەشمى مەستانەت، كافىران بەرەھمەنەندە،
كافىران چەمىدانەندە، شىۋەئى مۇسۇلمانى.
كىم ئەزەلدە مەي ئىچكەي، جىسمى جانىدىن كەچكەي،
يۈز ئۆگۈرسە ياردىن يوقتۇر ئانى ئىمانى.
زاغ قونۇپ لەبى ئۆزرە ئابىئى ھەيات ئىچكەي،
تامدى قەترى چېھرىغە بىر خىلالى نورمانى.
لەبلەرىڭ زىلالىدىن جانىمە ھەياتلىق بەر،
خىزمەتىڭدە تۇرغايمەن ھەرنە قىلكى فەرمانى.
ياد ئېتىپ سېنى شەبدە، مۇنتەزىر بولۇپ ھەفتە،
ئايدە كۆرمەدىم سەفدە، يىل توشۇپ بەدەل مانى.
مەن كەسەل فىراقىڭدە تىشلارىڭ شىفاسىن بەر،
سەن تەبىبى ھازىقسەن، چۈن ھەكىمى لوقمانى.
ھەققىڭە دۇئا ئەيلەي چەشمى بەد بەلاسىدىن،
سۈبھى شام تىلاۋەتدە مۇسھەفىكى ئۇسمانى.
تۈشتى شەۋقى كۆڭلۈمغە، زەۋقىدە بولۇپ بىخۇد،
ياش ئاقىپ كۆزۈمدىن جار ھەمچۇ بەھرى ئۇممانى.
مەن ئۆزۈمنى بىلمەيمەن يول يۈرۈشتە مەستانە،
كۆرسە سۈرەتىم ئاخۇن، دەيدۇ خەلق رەسمانى.
يار كويىدا دىۋانە، ئەقلۇ ھۇشدىن بىگانە،
مەن بولۇپ چۇ فەرۋانە كۆيسە كۈھنە خىرمانى.
ھېچقاچان تەقابىل يوق ئايىنىڭ نۇرىغە يۈلدۈز،
سەن ئېرۇرسە رۇھانى، مەن غەلىزى جىسمانى.
بىر كۈنى غۇرۇر بولدۇم يار لۇتف قىلغان چۈن،
چالغۇ ئۇردى ئىقبالىم، ئەمدى بار پۇشەيمانى.
كېچە بولسا ياد ئەتكۈم تۈشكە كىرسە مەھبۇبۇم،

www.uyghurkitap.com

دەپ ئەگەرچە شەيتانى ياكى بولسا رەھمانى.
ئەنفە ھەدبە تاغىغە تۈشتى نۇر تولۇن ئايدىن،
قۇل ئېرۇر ساڭا ئاخىر ھۇر بىرلەغىلمانى.
لائىلاھە ئىللەللاھ، ئەھمەدى نەبىيۇللاھ،
كۈللۈھۇم تىفەيلىڭدۇر يەر زىمىنۇ ئاسمانى.
مەن ساڭا بولاي قۇربان، چۈن شەھىدى ئۆلگەيمەن،
مەن ئەمەس ساڭا مەنزۇر رەد قىلۇرسە جەرمانى.
ئايرىلدىم ئەداۋەتدە، دەئۋام بار قىيامەتدە،
سورسە ھەق ئەدالەتدە قىلمىغايمە گۈمانى.

## غەزەلى ئىشقىيات

قويسام قەدىمىم يولغە يۈرمەكغە قالىپدۇرمەن،
بولسا مۇلاقات يارىم كۆرمەكغە قالىپدۇرمەن.
ئەرزىمنى دېسەم باشدىن، دەردىم تولادۇر چاشدىن،
ئوت تۈشتى قارا قاشتىن، كۆيمەكغە قالىپدۇرمەن،
ئاھ ئۇرارمەن ھەر بارە، باغرىمدا بولۇپ يارە،
ئىشىق يولىدا ئەۋۋارە ئۆلمەكغە قالىپدۇرمەن.
ھىجران شامالى ئۇردى، بەرگى تېنىم ھەم قۇردى،
ھەسرەتدە يۈزۈم سولدى بولمەكغە قالىپدۇرمەن.
كىم بولسا چىرايلىغراق، ئايدەك يۈزى ھەم بېھراق،
غۇنچە لەبى شىرىنراق، سۆيمەكغە قالىپدۇرمەن.
ياد ئېتىمەن يارىمنى، ئىشتكەيدى ئاھ-زارىمنى،
تاشلاپ نامۇس-ئارىمنى تۈرمەكغە قالىپدۇرمەن.
رەھم ئەتمەسە گەر ھېچكىم، بۇ ھەياتىمدىن كەچكۈم،
مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكۈم، كۈلمەكغە قالىپدۇرمەن.
ئالدىم ئىلكىمغە پىيالە، كۆڭلۈمغە كېلىپ خەيالە،
ۋەقتىم بولدى ھەيالە، سورمەكغە قالىپدۇرمەن.
لېكىن باغرىم بولدى كەباب، رەھىم قىلىپ ئالسا سەۋاب،
چالسا قولىدا راۋاب، زەخمەتكە قالىپدۇرمەن.
زۈلفى تارىسىن كۆرگەچ، دىل بولدى خەرابەئاچ،
جانىمنى قىلىپ تاراچ، ئۈزمەكغە قالىپدۇرمەن.
ئىشىق ئوتىدا كۆيگەنىمەن، كۆڭلۈمدە ھەم ئۆلگەنىمەن،
مەھبۇبنى بارىپ سۆيگەنىمەن، بىلمەكغە قالىپدۇرمەن.
بولسامدى ئىشق شەھىدى يول بەرسىدى رەشىدى،
بىمەقسەدچە رەسىدى كەلمەكغە قالىپدۇرمەن.

## دىگەرى غەزەلى ئىشقىيات

ۋەقتى تەرەبدە كەلدى كۆڭلۈمغە بىر خەيالە،
نۆش ئەيلەدىم شەرابى، ئىلكىم ئالىپ پىيالە.
شۆكرى تىلىمغە لەززەت بەردى شەكەر يىمەسمەن،
فىكرىدە مەن ھەمىشە بىخۇدۇ بىمەجالە.
ياد ئەيلەدىم تىلىمدە، سابىت تۇتۇپ دىلىمدە،
مەخپى ئوقۇپ سىفاتى ئەۋاز بىرىپ مەقالە.
مەۋج ئۇردى ئوت يۈرەكدە، شۇئلە بىرىپ جەمالى،
زار يىغلادىم ھەمىشە كۆرمەك ئىكەن مەھالە.
شول ھالەتىمدە كىردى دەربازىدىن خىرامان،
مەئشۇقەلىق يۈزىدىن تۇتتى كىلىپ سەقالە.
كەتدىمكى ئۆزلۈكۈمدىن بىخۇد بولۇپ ۋۇجۇدۇم،
ھەم تەلپۈنۈپ بۇ جىسمىم بەريان بولۇپ تەھالە.
ئەيب ئەيلەمەڭ، يارانلار، يوق مەندە ئىختىيارى،
سالمىش ئەزەلدە تەقدىر ـ قىسمەت ماڭا بۇ ھالە.
كەتسەم كىرەك ئەبەدغە شول ھالى شۇرىشىمدە،
دەئۋا قىلىپ ھەشەردە قىلسام كىرەك جەدالە.
مۇندىن بۆلەك سۆزۈم يوق ھەرچەندە مەنئ قىلسە،
بىدىل بولۇپ يۈرۈپمەن يوللاردا لائۇبالە.
باردىم يولىدا ھەيران ئىستەپ ئانىڭ ۋىسالى،
كەلسە قولۇمغە مەقسەد كىردىم ھەزار سالە.
كەچتىم تەمام مۇراددىن، باشقا ھەۋەس كىرەكمەس،
جۇملە قىلىپ سۆزۈمنى يىغسام تىلىم كەلالە.
گۇفتارى شەرت ئىكەندۇر شەرئى يولىدا يۈرسە،
شەرت بولمىدى بۇ يولدا رەفتارىدۇر ھەۋالە.
ئەرزىمنى قايتاباشدىن ئىيتسامچۇ قارا قاشدىن،
قاتتىغكى باغرى تاشدىن، يازدىمكى بۇ رىسالە.
بولدۇم شەھىدى ئىشقى خۇنى كەفەنچە لازىم،
كىم ئۆلسە جەڭدە بولماس قىساس ئۇچۇن قەتالە.
زاھىد، ماڭا نەسىھەت قىلساڭ ئەگەر ۋەسىيەت،
ئالمام سۆزۈڭ قۇلاقغە قويغۇم قەدەم زەلالە.
ئەۋۋەل تۈزەت ئۆزۈڭنى، قىلغۇم قەبۇل سۆزۈڭنى،
يۇمغىن ئىككى كۆزۈڭنى بەرسۇن خۇدا كەمالە.
ئۇجبۇرىيا ئەمەسدۇر، بىھۇدە سۆز دىمەسدۇر،

www.uyghurkitap.com

قىلغان سۆزى ھەقىقەت كۆپ ياخشىغە دەلالە.
بولسە ئەگەر تەئامى شەك ـ شۇبھەدۇر يېمەسمەن،
لوقمە قىلىپ ھەرامنى يۇتسام ئانى ھەلالە.
ئىشقىدا مەن ئەدائى، كوييىدا مەن گەدائى،
تارتىپ دەۋام سەدائى شەيدا بولايمۇ ۋالە.
كۆرمەكگە مۇنتەزىرمەن، شەۋقىدە مۇفتەخەرمەن،
جەۋلانە كەلسە مەھبۇب سۆيسەم لەبى ئەساله.
داموللا دەر خەلايىق، يوق مەن بۇنىڭغا لايىق،
ئەكسىنچە سۆزلەسەممۇ بولماس ماڭا مەلالە.
كىم دوستدۇر، كىم دۇشمەن بىلمەم ئانىڭ ئەساسى،
يۈز بىرلە يۈز قاراشىپ قىلغان ئىدى سوئالە.
ئىشقى تۇشۇپ كۆڭۈلگە دىۋانە قىلدى شەۋقى،
زەۋقىدە مەن ئۆلەيمۇ بولماس ئىسە ۋە بالە.
مەن بولمايىن غەرەزبىن، ھەققانە سۆز ئېيتارمەن،
خالىس بولۇپ ۋۇجۇدۇم قەتئى نەزەر نەۋالە.
ساتسامچۇ دىنۇ ئىمان قىلسام ئانى ھەدىيە،
شايەدكى لۇتۇف ئەيلەپ قىلغاي ئىدى ئەقالە.
ئىشقىدا جان كۆيەدۇر، كۆڭلۈم مېنىڭ ئۇيادۇر،
پەرۋانەغە قارايمەن، يوق قىلدى ئوت شەمالە.
ھىلىيە قىلىپ لىباسىم چىقسام تەفەررۇج ئەيلەپ،
مەھبۇبغە ئۆز كۆرۈنسەم دەپ ئەھلىدەك جەمالە.
شەھىدى ئىشانى بولسام، كىم بولغۇسى ھىمايىم،
بولماس قىساس دىيەت ھەم قىلغاي ئېنى جەلالە.
ھەر چەندە زار قىلسام بولماس مېنىڭ مۇرادىم،
ئۆمرۈم ئۆتۈپ بىھۇدە كەتسەم ئەگەر ھەمالە.
تۈتتى ھەۋەس دىلىمنى مايىل بولۇپ سۈرەتكە،
ھۆسنا فەرەسلىكىمدىن دىلبەر تۇتۇپ جۇئالە.
خەۋفىم تولا، يارانلار، كۆڭلۈمدە غەم تولادۇر،
قىلسام نەچۈك ئىلاجى، بولسا ماڭا ئەمالە.
ئەللاھۇممەسەللى ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەد،
سۇممەس ـ سەلامۇ ئەلا ئەسھابىھى ۋە ئالە.
بۇ بەكرىدۇر ئۆمەر ھەم ئۇسمانى باھەيانى،
مەھبۇب تۇتۇپ ئەلىنى يەتسەم ئىدى ۋىسالە.
باشىڭ كۆتەر، شەھىدى، سەن ياتما غەفلەت ئىچرە،
قىلغىن مەدەد بۇلارغە، كۆرسەم ئىدى جەمالە.

فۇجۇر ئىشىڭ، شەھىدى، ئەللاھ كەردىم ئۆزى بارە

ھەقىقە سىغىن دەۋامى ھىچ يەتمەسۈن زەۋالە.

## ئەبياتى مۇخەممەس دەربەيانى ئەھۋالات

ئەي فەلەك چەرخىڭ بۇزۇق، كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى،
مەيلى بارۇ مەيلى يوققە ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى،
رەغمى ئەنى ئەيلەپ مېنى، كۆپ بەد قىمار قىلدىڭ مېنى،
تۆت تەرەپدىن ئەسر ئەيلەپ تار - مار قىلدىڭ مېنى،
مەززەكەز غەمدە قويۇپ ۋەقتىمنى تار قىلدىڭ مېنى.

ھەر كۈنى مىڭ مەررە ئۆلگۈم ھەم تىرىلگۈم مىڭ قېتىم،
چىقماسە ئەسلا بۇ جان، تارتىپ ئەزابى كۈلفەتىم،
ئۆيدە بولسامۇ كۆرەرمەن كۆپ جەفايى مېھنەتىم،
خەلق ئويلاپ ئايتادۇر داموللا ئاخۇندۇر ئاتىم،
لېك بىخىسلەت يۈرۈپ ھەم بىقەرار قىلدىڭ مېنى.

ئويلاسام كەلمەس مۇرادىم، قانچە قىلسام ئىزتىراپ،
تۇشتى ئوت جىسمىم، كۆيۈپ باغرىم، بولۇپدۇرمەن كەباب،
ئەل خەلايىق بىلمىكى بول قىسمىلىق ھالىم خەراب،
دەرد دىل بىرلەن چاقىرسام بەرمىدى ئەسلا جەۋاب،
بۇ تەرىقىدە ھەقارەت بىرلە خار قىلدىڭ مېنى.

كىچە - كۈندۈز غەممەدۇرمەن، كىم سورار ھالىم مېنىڭ،
ئۆتتى بىھاسىل بۇ ئۆمرۈم ماھۇروز، سالىم مېنىڭ،
ئۇشلاسام كەتتى قولۇمدىن دەۋرى ئىقبالىم مېنىڭ،
تاشلادى دەشتى بەلاغە نەفس بۇ زالىم مېنىڭ،
ئەقلى ھۇشۇم يوق قىلىپ بىئىختىيار قىلدىڭ مېنى.

خارلىقىمنى بىلدۈرۈپ يۈردۈم يولىدا دەر بەدەر،
چۈن گەدايى مەستەمەندەم يەتتى مەنگە دەردىسەر،
تاپمىدىم دەرمان ئاگا بولدى ھەمىشە كۆپ زەرەر،
ئەيب نۇقسانىم تولادۇر، كۆرسە ھەر كىم تەۋبەدەر،
فاش ئېتىپ ئەيبىمنى ئەلغە ئىشتىھار قىلدىڭ مېنى.

www.uyghurkitap.com

چىقتى رەسۋايىم مېنىڭ خەلق ئالدىدا يوقتۇر يۈزۈم
يالبارىپ داد ئەيلەسەم قىلماس نەزەر، ئۆتمەس سۆزۈم،
ئاھ ـ ۋاھ تارتىپ زەبانىم، تۆككۈسى ياشنى كۆزۈم،
بۇ تەرىقى بىرلەبەن بولدۇم بەلا ئىچرە ئۆزۈم،
كۆزگە ئىلماس كىشىلەرگە شەرمىسار قىلدىڭ مېنى.

بىر مەسەل باردۇر خەلايىق ئاڭلاڭىز قەندىن لەزىز،
«سۇ كەلتۈرگەن خار بولغاي، كوزە سۇندۇرغان ئەزىز»،
ئاڭلاماس جاھىل ئۈچۈن قىلغان سۆزۈمگە ۋاي ئىسىز،
ئاڭلاغاي ئۇشبۇ سۆزۈمنى كىم بولۇر ئەھلى تەمىز،
شۈكرى قىلغۇم بەندەئى پەرۋەردىگار قىلدىڭ مېنى.

دەۋلەت ئىشكىن ئاچقالى ئىلكىمگە مەن ئاچقۇ ئالىپ،
بابى نېئمەت ئالدىدا غەفلەت بىلەن ئۇخلاپ قالىپ،
تۇشتىمۇ ئاچقۇ قولۇمدىن، ئالدىمۇ ئوغرى كېلىپ،
بۇ سەبەبدە باش قېتىپ، ئېيتماي سۆزۈمنى تارتىلىپ،
يۇتتۇرۇپ ئاچقۇنى تاپماي بىبىكار قىلدىڭ مېنى.

ئۇشبۇ دۇنياغە كېلىپ ئالدىم بەلانى باشىمە،
غەم ئوتىدە كۆيدى باغرىم ھەم ئىچىمۇ تاشىمە،
زاھىرىم كۈلگەن بىلەن زەھەر ئۇشۇپدۇر ئاشىمە،
ئۇشبۇ غەمدە چىقسە جانىم كىم كېلەدۇر قاشىمە،
بۇ غەرىبلىقدە كۆرۈپ نامۇسۇ ئار قىلدىڭ مېنى.

ئاھ ھەسرەتكى ماڭا، ئول بىۋەفانىڭ يارىمەن،
كۆپ جەفاسىن تارتىمەن، يارنىڭ يولىغە بارىمەن،
مۇنتەزىرمەن كويىدە، بىر كۆرمەكىمگە زارمەن،
نە ئىلاج قىلغايمە گەر رەھم ئەتمەسە بىچارىمەن،
بۇ ھەلاكەت كوچاسىدە خار ـ زار قىلدىڭ مېنى.

مەن ساڭا ئاشىق ئېرۇرمەن، سەن ماڭا مايىل ئەمەس،
سېنى دەپ قان يىغلاسام سەندىن مۇراد ھاسىل ئەمەس،
دەردۇ غەم باردۇر باشىمدا، ھېچقاچان زايىل ئەمەس،
خەبەرىڭ بار، مەندە ئەھۋاللار ساڭا ھايىل ئەمەس،
قايغۇ نەخچىرگاھىدە قىيناپ شىكار قىلدىڭ مېنى.

خەۋپ ئېتىپ قورقىما شەھىدى، چۈن ئەزەل ئوت تاشلادى،
كۆيدى باغرىم چۈن كەبابدەك بۇي ئالۇرغە باشلادى،
شۇئلە ئۇرۇپ ئوت شىش ئەيلەپ كۆز بۇلاقىم ياشلادى،
يۈز تەلا ئەيلەپ يۈزۈمدىن سۇ ئېقىشقە باشلادى،
نۇش ئېتەرغە شەربەتىڭدىن جان نىسار قىلدىڭ مېنى.

بويى - قەددى دىلبەرىمنى ياد ئېتەرمەن دائىمەن،
قەد ئەكۈنۇ قائىدەن، ئەۋقەد ئەكۈنۇ قائىمەن،
كۈنتۇ قەد مۇستەيقىزەن ئەۋكۈنتۇ قەتتۇ نائىمەن،
ئەيىۋھەل ھۇسسادۇ ئىخسائ لاتەكۈنلى لائىمەن،
دىل تونۇرىم ئوت ئالىپ لەيلۇ نەھار قىلدىڭ مېنى.

ماڭا دەرد بەردىڭ خۇدا، جانىمغە دەرد بەردىڭ خۇدا،
شۇنچە دەردنى ئاز كۆرۈپ دەرد ئۈزرە دەرد بەردىڭ خۇدا،
ئۇشبۇ دەرد بىرلەن ئۆلۈپ كەتسەم نەچۈك بولغۇم ئەدا،
ئۇشبۇ دەرددە چىقسا جانىم قىلمە ئىماندىن جۇدا،
ئەۋۋەل - ئاخىر دەرد بىلەن جانىمنى بار قىلدىڭ مېنى.

خاتىمە كارىم نەچۈك بىلمەسمە مەن ئەسلا ئېنى،
ھەم مۇقەددەمدە نەچۈكدى بىلمىگەن ئەسلا ئېنى،
ئورتاسىدا قانداغ ئۆتتۈم كۆرمەدىم ئەسلا ئېنى،
ئارى، ھەيۋاندەك يېمەك - ئىچمەك بىلىپ ئەسلا ئېنى،
ئاچ قوساقىم تولغازىپ مىسلى تاغار قىلدىڭ مېنى.

ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر نەچچە قىسمى فىكرى بار،
بەئزىلەرنىڭ خاتىرىدە بىر خۇدانىڭ زىكرى بار،
بەئزىلەر فاسىد خەيالدە ھىيلە بىرلەن مىكرى بار،
بەئزىلەر شۈكرى قىلۇر، بەئزى بۇ دۇنيا سىكرى بار،
فەرق ئەتمەكقە بۇ ئىشنى ئىفتىقار قىلدىڭ مېنى.

دوستلارىم مەندىن زېرىكتى دۈشمەنىم سەن ھەم زېرىك،
بىر مەسەل باردۇر ئىشەنگەن تاغدا ھېچ ياتماس كىيىك،
ھەقتەئالاغە ئىشەنگۈم، يوق ئاڭا ھەرگىز شېرىك،
ئۆلگەنىمدە ئول كىفىلدۇر ياكى بولسامۇ تىرىك؟
ئۇشبۇ يەڭلىغ سۆزلەتىپ ئەھلى شىئار قىلدىڭ مېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقتە ئالا سەنئىتىنى ياد ئەتكۈم ھەر زەمان،
قۇدرەتىدىن خەلق قىلدى ھەم زەمىنۇ ئاسمان،
خەلق ئېتىپدۇر ئىنسى ـ جىننى خاھى ياخشى خاھ يامان،
مۇستەفانىڭ ھۈرمەتىدىن بەندەلەرنى قىل ئامان،
تىلۇ دىلنى راست تۇتۇپ قەلبىمنى جار قىلدىڭ مىنى.

ئەي شەھىدى، سەبر قىل ھاسىدلارنىڭ قىلسا ئىزا،
تىلدا دوستلۇق، دىلدا دۈشمەن كىشىدىن بولغۇم بىزا،
كىم ھەرامزادە ئاڭا بەرسۇن خۇدا شەررەل جەزا،
بولما ھەرگىز ئەي يارانلار ھېچكىشىغە ناسەزا،
مەرتىبەمدىن نەقل ئەيلەپ خەرسەۋار قىلدىڭ مىنى.

ئەي شەھىدى، قىلماغىن ئەسلا شىكايەت دەھرىدىن،
بول رىزا ھەق ئەمرىگە كەچكىن بۇ نەفسىڭ بەھرىدىن،
بەلكى قورقۇپ تەۋبە قىلغىن ھەقتەئالا قەھرىدىن،
قۇربى ھەق بولماس ساڭا كەچمەي بۇ دۇنيا مېھرىدىن،
تەسدىق ئەيلەپ مۇستەفاغە يارغار قىلدىڭ مىنى.

## غەزەل دىگەر

ئانامدىن تۇغۇلۇپ بىلدىم بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە،
نەسىب بولماي بۇ دۇنيادىن بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
ئۆزۈپ كۆڭلۈمنى ئالەمدىن، كىتەرمەن ئاخىرەت ئۆيغە
دىيىۋپ، شۇنداغ خەيال چاغلاپ بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
دىدىم بەئزى، بۇ دۇنيانى مۇسىبەت خانەسىدۇر بۇ،
ئالىپ تاشلاپ قولۇمدىن مال، بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
ۋە گاھى مال ۋەفا قىلماس دىدىم مالغە نەزەر قىلماي،
يۇمۇپ كۆزنى بۇ دۇنيادىن بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
كۆڭۈل بۆلمەي تىجارەتكە ئىش ئوقەت قىلمادىم ئەسلا،
بولۇپ تەڭلىك تولا كۆڭلەر بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
كىشىلەر كەلسە قاشىمغە تۇتۇپ كۆڭلۈمنى كۆپ ۋەھشەت
چىقالماي قارشى ئېلىپ يانىغە بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
كۆرۈپ باقسام ۋۇجۇدۇمنى ئەزەلدىن بار بۇ بەد بەختلىك
ئەبەددە ئىش نەچۈك بولغاي بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
سەۋاب يولنى تاپالمايمەن، خەتا يولدىن چىقالمايمەن،

بولۇپ ناچار ھەممە ئىشلار بولۇپ تۈۋى ئىچرە بىچارە.
ئۆزۈم ياخشى بولاي دېيمەن، ئاساسىم ياخشى ئەرمەسدۇر،
ئىنىلىك چۈن تۇرمۇشۇم ناچار، بولۇپ تۈۋى ئىچرە بىچارە.
ھەممەدىن بۇ ئەجەبدۇركى مىنى نەفس ئەيلەدى مەغرۇر،
تاپالماي پايدالىق يولنى بولۇپ تۈۋى ئىچرە بىچارە.
مىنىڭ تاپقان گېپىم شولدۇر «ماشا ئەللاھ ئۆزى بار» دەپ،
بىرەرمۇ مەقسەدىمنى دەپ بولۇپ تۈۋى ئىچرە بىچارە.
شەھىدى يەتمىسە مەقسەدغە قانداغ بولغۇسى ھالى،
بولۇرمۇ نا ئۈمىد ھەقدىن بولۇپ تۈۋى ئىچرە بىچارە.

ۋەدىشەرنامە،

**مىن بەقىيەتىل قەسىدەتەللەتى قەد زىكرەتى قۇل تەنزىرۇتەقرەڭ**

مەن بىل تىرىكمەن، ئاخىر ئۆلەرمەن،
ئەۋۋەلدە يىغلاپ، كېيىن كۈلەرمەن،
بۇزغانلىرىمنى تۈزۈپتۇرلەرمەن،
قىممەت بەھاغە مىلك جاننى توپلاپ.

ۋاي - ۋاي ئوقۇيمەن، نىمە بۇ ۋاي - ۋاي،
دۇنيانىڭ كارى كۆرمىگەنە ھاي - ھاي،
فەقىر گەدايدۇر، زەردانى باي - باي،
دېيدۇر خەلايىق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ.

دېدىمكى: ئارى، باي بىرلىسا ھەركىم،
ئۇلۇغ ئىشىدۇر بىلمەك بۇدۇركىم،
قولغە ئالىپ يوق نىجىسىنى يەركىم،
فەرق ئەتمەيمىن سۆز ئاغزىدا ئويناپ.

تەۋبە قىلىڭلار، ئىككىنچى سىزلەر،
مۇندا غەتا سۆز ھېچ قىلماڭىزلەر،
بىدئەت ئورۇنغا ھەم كەلمەڭىزلەر،
ئەمگەك قىلىڭلار كۆپ ياخشى ئىشلەپ.

قارىسا رىيازەت، تاپقاي ھىلاۋەت،
قىلسا جەھالەت، تاتقاي خىجالەت،
ھەق ئىشقا بىزنى ئەيلەڭ دەلالەت،
شۇنىڭ بىلەن بىز ھادىيۇ ئەسۋاب.

يۈلغىل دىلىڭدىن ئەسلى خىيانەت،
بولسا خىيانەت چوڭ بىر جىنايەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەۋفىقنى تەڭرىم قىلسا ئىنايەت،
مۇقىم تۇتۇپ دىل كۆز يەتتە تەخراپ.
ئوقۇپ ھەمىشە قىلغىل تەلاۋەت،
مۇسھەپ ئىچىدە يۈزمىڭ جىلاۋەت،
باردۇر قاراپ كۆز مۇندا ھەلاۋەت،
كېچە ۋە كۈندۈز ئايەتكە قالاپ.

تىل زىكرى قىلسۇن، دىل فىكرى قىلسۇن،
جىسمىم - تەنىم ھەم مىڭ شۈكرى قىلسۇن،
ئىككى ئاياغىم ھەم سەبرى قىلسۇن،
قەدەم يۈكىنى ئۈستىغە يۈكلەپ.

بارغاي ھەمىشە خىزمەتكە جارى،
تېزلىك ئاياغىم ئىش ئۈستىكارى،
بەرگەي ھىدايەت ئۇل بىرۇ بارى،
تەڭرى تەئالا زاتى ئېرۇرتاب.

تەڭرىمنى زىكرى تىللاردە مەزكۇر،
ئالسا نەسىبە نۇرى ئەلانۇر،
جەمئى گۇناھلار بولغۇسى مەغفۇر،
تەڭرىمنىڭ لۇتفى دەرياغا ئوخشاپ.

ئاقغاي ئۇلۇغ سۇ رويى زەمىنغە،
يەسىرغە كەلگەي ئاقىپ يەمىنغە،
ئەمر ئەيلەدى ھەق رۇھۇل - ئەمىنغە،
جەمئى جەھاننى قىلماققە سىيراب.

غۇت ئولسا ھەر كىم رەھمەتغە چومغاي،
گەۋھەرنى تاپسا ئاغزىنى يۇمغاي،
لەززەت تاتىپ ئۇل ئاغزىنى شۈمغاي،
خاس بولغۇسىدۇر خىلۋەتكە ھەم باپ.

كۆپ ۋەقتى ئۆتتى، بىلمەي يۈرۈپمەن،
كىم ئۆز كۆرۈنسە شۇنى كۆرۈپمەن،
تارىخقە قالاپ كۆڭلۈم ئويۇپمەن،
ئەللاھ ئۆزى بار چۈن زار يىغلاپ.

پۇشمان قىلۇرمەن تۇغۇلغانىمغە،
ئاقۇ قارانى تونۇلغانىمغە،
نەۋا تاپالماي يوقۇلغانىمغە،
قانداغ ئىرادە، قانداغ قازا دەپ.

# ھۆۋەيدا شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

XVII ئەسىر ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى — ھۆۋەيدانىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە خېلى ئۇزۇندىن بېرى تونۇش. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ كەلگەن. «كىتابى ھۆۋەيدائى چەمىيانى» ناملىق دىۋانى ئۇيغۇر مەدرىسلىرىدە ئەدەبىي دەرسلىك بولۇپ كەلگەن، بىر قىسىم غەزەللىرى ئۇيغۇر ھاپىزلىرىنىڭ ھۆكمەتلىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى ھۆۋەيدا XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلۇپ ھىجرىيەنىڭ 1194-يىلى (مىلادى 1780-يىلى) ۋاپات بولغان. «ھۆۋەيدا» — ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، «ئاشكارا، ئوچۇق، بەلگىلىك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بار. شائىر ئۆز دىۋانىنىڭ 128-بېتىدىكى بىر غەزىلىدە:

خاجە نەزەر ئاسىيغا قويدۇم ھۆۋەيدانى لەقەب،
بول غەرىبى مۇستەمەندنى شەھرى چەمىياندىن تىلە.

دەپ يېزىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ئوبلاستىدىكى «چەمىيان» دېگەن جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ چەۋرىلىرىدىن بولغان سالاھىددىن ۋە مىرزا ھاكىم ئىبنى مىرزا ئۆمىدىلەر دىۋانىنىڭ 155-بېتىگە قوشۇمچە قىلغان. شائىرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى مەرسىيىسىدە:

ئاتى خاجەم نەزەر، ئەمما تەخەللۇس،
ھۆۋەيدادۇر بەشېئىرى نامۇرادى.
ئاتاسىن ئاتلارى غايىب نەزەردۇر،
ئېرۇر ئوشدىن بۇلارنىڭ ئەسلى زادى.

دەپ يازىدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ئاتىسى ئۇشىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىكى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان، بىر مەزگىل ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ، كېيىن ئۈستۈن چىمىيانغا كۆچۈپ بېرىپ ئۆمرىنى ئىشانلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن، دىۋانىنىڭ 174—175-بەتلىرىدە مۇنۇلار زىكىر قىلىنىدۇ: «ھىدايىتۇللا خاجەم ئەئنى جەنابى ھەزرەتى ئاپاق خاجەم نەفەس تەبەررۇكلەرى ئىشان ھۆۋەيدانىڭ ئاتىلىرى غايىب نەزەر سوفىغە جارى بولۇپ، ئىسمەندىن پەرزەند تەۋەللۇد قىلىسە ئاتىنى خاجە نەزەر قويى، مېنىڭ نەزەرىم ئاندادۇر» دەپ ئىلتىفاتى بىغايەت قىلىپ، ئول جەنابىنىڭ ئوغۇللارى ھەزرەتى خاجەم پادىشاھنىڭ نەزەر ۋە نەفەسلەرىنى تاپقان.» دېمەك، ئاپاق خوجىنىڭ ھۆۋەيداغا ئىسىم كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا ئاساسەن، بەزىلەر ھۆۋەيدانى قەشقەردە تۇغۇلغان دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدىن چىققان سىددىق، سالاھىددىن ساقىب، ئەزىزىددىن ۋىسالى قاتارلىق شائىر ۋە تەرجىمانلارنىڭ يەكەندە ياشاپ ئۆتكەنلىكىمۇ بۇ پەرەزنى تولۇقلايدۇ.

شائىرنىڭ «كىتابى ھۆۋەيدائى چىمىيانى» ناملىق دىۋانى ئۇنىڭ چەۋرىلىرى سالاھىددىن ۋە مىرزا ھاكىم ئىبنى مىرزا ئۇمىدلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1909-يىلى تاشكەنتتە تاش مەتبەئە بىلەن بېسىلغان، دىۋانغا شائىرنىڭ 351 غەزەل، 28 رۇبائى، 41 تۆتلىك، 3 مۇخەممەس، 1 مۇسەددەس، 1 مۇسەممەن، 2 مۇستەھزاد ھەمدە مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان بىرقانچە ھېكايەت، دىداكتىك داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر لىرىك پىكىر ۋە قايناق ھېسسىياتقا تولغان بولۇپ، ھەققانىيەت، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك غايىلىرى بىلەن سۇغىرىلغان، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىنساننىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى، روھىي گۈزەللىك ۋە پاكلىق، مۇھەببەت ۋە دوستلۇق، ۋاپادارلىق ۋە مېھرىبانلىق، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئىپادىلەپ، كىشىلەر قەلبىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى دىنىي ئۆلىما ۋە ئىشان بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنى ئاخىرەت ئۈچۈن تائەت-ئىبادەت قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئىلگىرى شائىرنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە ھالدا باھا بېرىلگەچكە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «سوفى — ئىشانلار دەستۇرى»، «تەركى دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىدۇ» دەپ قارالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەمەلىيەت مۇنداق ئۇقتىسىنەزەرلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نامى ئۆزبېك كلاسسىكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

تۆۋەندە ئۇنىڭ مول ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە بىر قىسىم غەزەللىرى رەتلىنىپ، نەشرگە بېرىلدى.

كىشىگە ئىشق تەگسە بولغۇسىدۇر ئاڭا غەم پەيدا،
ۋە لېكىن بولماغاي بىدەردلەر كۆزىدە نەم پەيدا.

سەھەر دەردلىك كىشىنى كۆزىغە ئۇيقۇ بولۇر ئاچچىغ،
بولۇر بىدەردلەرغە خابى شىرىن سۇبھىدەم پەيدا.
خۇدانى زىكرىنى قىلغىل تۇنۇكۈن ياتمىغىل زىنھار،
فەراغەت بىرلە ياتقانلار قىلالماس بىر دىرەم پەيدا.
ياتارنى خۇشلامە چەندان ياتارسەن يەر ئاراسىدە،
خۇداغە يىغلاغىل بولماي ساڭا خابى ئەدەم پەيدا.
ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلساڭ سەۋاب ھاسىل بولۇر، لىكىن،
سىتەم قىلساڭ بولۇر ئەلبەتتە ئالدىڭدە سىتەم پەيدا.
جەھان بىر مەھزى ھەسرەتخانەدۇر ھەسرەتتە ئەل كەتتى،
كۆزۈڭدىن ئەشكى ھەسرەتنى قىل ئەمدى دەمبەدەم پەيدا.
بۇ دۇنيا راھەتىنى ئەي ھۇۋەيدا، ئىختىيار، ئەتمە،
كى ھەر راھەت ئاراسىندە بولۇر ئەلبەتتە غەم پەيدا.

× ×

ئول يارى مېھرىبانىغە كۆپ ئەيلەدىم تەۋەللا،
يۈزدىن نىقاب ئال دەپ مەن ئەيلەيىن تەماشا.
ئالدى نىقاب يۈزىدىن بىر پەرتەۋى كۆڭۈلغە،
تۈشكەچ شۇئائە ئاندىن بولدى جەھان ھۇۋەيدا.
تاپتىم ھەياتى جاۋىد مانەندى خىزرۇ ئىلياس،
ئىشقى تەجەللى نۇرى قىلغاچ دىلىم مۇسەففا.
ئىشق مەكتەبى قۇرۇلغاچ تەكرار زۇلفىن ئەتتىم،
قاشى، قارا كۆزىدىن بەردى سەبەقنى موللا.
لەۋھىمىغە يەتىمىش ئىبردى ئول كاتىبى كەرامىن،
جەۋرۇ جەفا مەلامەت ھەم كاھىشى بۇ دۇنيا.
ئىككى رەقىب نىگارا، سەندىن مېنى ئايىردى،
بىرىسى ئەھل ئەۋلاد، بىرىسى مېھرى دۇنيا.
بىردەم تىرىكلىكىڭنى بىل مۇغتەنەم ھۇۋەيدا،
ئىشقى سەنەمنى دائىم كۆڭلۈڭغە ئەيلەگىل جا.

× ×

باغ ئارا كۆرسەتمەدىك گۈلدەك جەمالىڭدىن ماڭا،
شەممەئى يەتكۈرمەدىڭ بۇيى ۋىسالىڭدىن ماڭا.
ئەيلەدىم قەددىڭ نىھالىنى نىشان دىل باغىدە،
تەگمەدى بىر مېۋەئى نەۋبەر نىھالىڭدىن ماڭا.
ۋادىئى غەمدىن كېلىپ مەن تەشنەلەب مەجنۇن كەبى،
بەرمەدىڭ بىر قەترەئى ئابى زىلالىڭدىن ماڭا.

سۆرمەئى چەشم ئەيلەسەم تاپمام ئىزىڭنى گەردىنى،
بولمادى ھەرگىز مۇيەسسەر پايمالىڭدىن ماڭا.
بول ھۆۋەيداغە مۇيەسسەر بولسە دۇنيا مۇلكەتى،
ئايتادۇر: «ئۆزگە كىبرەكمەس زۇلفى خالىڭدىن ماڭا.»

× ×

يار دىمەڭلار، دوستلار، ئىرۇر بۇ جانىمغە بەلا،
بىر قاراپ ئالدى كۆڭۈلنى دىلبەرى قاشى قارا.
ئەقلۇ ھۇشۇم ئالدى، كەتتى، تەلبە ئەيلەپ ئەل ئارا،
ۋە نىچۈك ئافەت ئىرۇر سالدى ماڭا بۇ مەجەرا.
غەمزە ئوقى بىرلە دىلبەر قاشى ياسىنى قۇرۇپ،
سىنەنى سەد پارە ئەيلەپ، ئەتتى باغرىمنى يەرا.
مەن نىچۈك تاقەت قىلاي مۇنداغ جەفالىق يارغە،
ھەسرەتىدە ئاھ تۇرۇپ بولدى ئەلق قەددىم دۇتا.
كۆرمەدىم ئالەمدە مۇنداغ دىلبەرى زالىم سىفەت،
يا فەرەڭگىزادەدۇر، بىلمەم، ئىرۇر قانداغ بەلا؟
ئەي ھۆۋەيدا، يارنىڭ دەردىدە يىغلاپ زار-زار،
كوچاۋۇ بازارلاردە قىلماغىل شەرمۇ ھەيا.

× ×

نىگارا، ساڭا جان بەرمەي بولۇرمۇ ماڭا جان پەيدا؟
كۆلۈپ ئايدىكى: «جان بەرمەي بولۇر جانان قاچان پەيدا؟
جەفاۋۇ جەۋر چەكمەي، كىم بولۇپتۇر يارغە ۋاسىل،
جەفاسىز چەكمەگۈنچە بولماغاي بىر پارچە نان پەيدا.
ئىشكىڭدە ياتىبدۇر پۇشتە-پۇشتە كۈشتەئى ئاشىق،
سىنىڭدەك بولمىغاي ئاشىق كۈشى ساھىبقىران پەيدا.»
ئەجەب قاتتىغ كۆڭۈللۈكسەن، كىلىپ ئاشىق سەرى رەھمىڭ،
دىمەسسەن «بول غەرىب كويۇم ئارا بولدى قاچان پەيدا؟»
كۆرۈپ ئايىنەدە نەۋبەر خەتىڭنى بولماغىل مەغرۇر،
مۇبادا بولمىغاي بۇ سەبزەئى خەتغە خەزان پەيدا.
كويۇڭدىن كەلمەس، ئەي يارىم، نەسىمى ئاشنالىقدىن،
يۈرەكدە بولماغۇنچە غۇنچەدەك زەردابۇ قان پەيدا.
كۆڭۈلنىڭ باغىدا مىھرىڭ گۈلىنى پەرۋەرىش قىلدىم،
بولۇرمۇ ھىچ گۈل، ئەي نازەنىن بىباغىبان پەيدا؟
ھۆۋەيدايى غەرىبىڭ ھەسرەتۇ دەردىڭ بىلە يىغلاپ،
قىلۇر ھەر سۇبھىدەم بۇلبۇل كەبى ئاھۇ فىغان پەيدا.

× ×

ئشقنى مەنسۇبەسىن مەجنۇن ھەيراندىن تىلە،
لەيلدەك خالى سىيەھ زۇلفى پەرىشاندىن تىلە.
نە سورارسەن ئاشكارا ئول سەنەمنى دەردىنى،
كەل شەبى خىلۋەت ئىچىندە ئاھۇ ئەفغاندىن تىلە.
ھەر نىچۈك نادان تەبىبدىن سورما دەردىڭغە دەۋا،
ئىزلەگىل ھازىق تەبىب، دەردىڭغە دەرماندىن تىلە.
ھەر تىكەندە تازە گۇل، ھەر بەھرىدە يوقتۇر سەدەف،
گەۋھەرى قىيمەت بەھالى بەھرى ئۇممانىدىن تىلە.
نە بىلۇر زاغۇ زەغەن رەفتارى گۇل ئىشق قەدرىنى،
بۇلبۇلى ئاشۇفتەنى قەدرى گۇلىستاندىن تىلە.
لەززەتى دۇنيانى خۇشلار، نە بىلۇر تەن ئۆزگەنى،
زەۋقى شەۋقى يارنى دىل ئۆيىدە جاندىن تىلە.
لەئلى مەقسەت ھەر قايۇ تاغدىن تاپىلماس ئىستەسەڭ،
ئۇر رىيازەت مىتىنىن كۆھى بەدەخشاندىن تىلە.
خاجە نەزەر ئاسىيغە قويدۇم ھۆۋەيدانى لەقەب،
بۇ غەرىبى مۇستەمەندنى شەھرى چىمياندىن تىلە.

× ×

دەردۇ غەممغە ھەرگىز قىلمە دەۋا ھۆۋەيدا،
ئىچكىل مەيى مۇھەببەت بىمۇددەئا ھۆۋەيدا.
زۇھىد ئىلە قىلما تەقۋا، مەيخارەلىق شىئارەت،
مەيخانەدە مۇقىم ئول، قىلمە رىيا ھۆۋەيدا.
ئشقى مۇھەببەت ئىچرە ئۆلدۈك مۇبارەك ئولسۇن،
شەرتى مۇھەببەت ئولدۇر، بولماق فەنا ھۆۋەيدا.
مىلك ئەقبەئى پۇر ئاشۇب ئىشقلىق يولىدە باردۇر،
يا ھادىيەل — مۇزەللىن دەر ئەھدىنا ھۆۋەيدا.
ھەيرەتدە مەن، نىگارا، يوق قولدە ئىختىيارىم،
سەرمايە يوق قولۇمدە غەيرىي رىزا ھۆۋەيدا.
گەرتەۋفى كەئبە قىلماق، ئەي كۆڭلۈم، ئىستەر ئىسەڭ،
قىل تەۋفى كەئبەئى دىل، ئەي پارسا ھۆۋەيدا.
ئىشقىدە بىر سەنەمنى دىۋانە بولماسەدى،
ۋەسفىغە قىلماس ئىردىم تىل ئاشنا، ھۆۋەيدا.

× ×

قول سالىب كەلدى سەنەم بىر - بىر باسىب،
بىلىغە خەنجەر ھەمايىلدەك ئاسىب.
ئايدىم: ئەي جانىم تەسەددۇقدۇر ساڭا،
باش كىبرەك بولسا رىزامەن ئال كىسىب.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆلدۈرۈر بولساڭ مەنى بىچارەنى،
زۇلفى زەنجىرلىك بىلەن ئۆلدۈر ئاسىپ.
خاھى ئۆلدۈر، خاھى كۆيدۈر، ئەي پەرى،
قىلماغىل ئەمما يۈزۈڭدىن بىنەسىپ.»
كۈلدى ئايدى: «بۇ كېچە خىلۋەتدە مەن،
شۇم رەقىبلەر بىلمەسۇن بارغىل بۇسىپ.»
بول ھۇۋەيدايى كۆرۈڭ بىبەختىنى،
بارغالى قويماس رەقىبلەر يول توسىپ.

× ×

كۆرمەسەم دىلبەر يۈزۈڭنى بولدى ئەھۋالىم خەراب،
رەھم ئېتىپ كەلسەڭ نە بولغاي خەستە ھالىمنى سوراب.
ھالى بىمارۇ غەرىب سورماق سەۋابى بىتەدەد،
ئېرمىش ئەي يارىم، ساڭا ھەرگىز كېرەكمەسمۇ سەۋاب؟
سايەئى غەمدە قالىپمەن كۆلفەتىمدۇر بىھىساب،
تەگمەدى مەن زەررەنى باشىغە ھەرگىز ئافتاب.
تالئى بەختى زەبۇنۇمدۇر نېتەي، ئەي دىلرەبا،
كەلمەدىڭ ئايا نېچۈكسەن، دەپ مېنىڭ ھالىم سوراب.
ئاھ ئۇرسام سەقفى گەردۇنغە تېگەر ئاھىم ئوتى،
شىددەتىدىن ئوت چىقىپ تەيلەپ سەرا يىغلار سەھاب.
قىل ھەزەر ئاھىم ئوتىدىن، ئەي نىگارا نازەنىن،
بولسە جەۋشەن يەرۇ كۆك ئاھىمغە قىلماس ھېچ تاب.
نەچچە يىلدۇركىم، نىگارا، ئاستانەڭ ياستانىپ،
سۈپۈرۈپ مىژگان بىلەن، سەپتىم كۆزۈم ياشىدىن ئاب.
قىلمادىڭ ھېچ لايىقاتى خىزمەتىڭ، ئەي ماھ روي،
ئارى - ئارى باقمادىڭ بىتالئىدىن ھېچ باب.
ئەي ھۇۋەيدا، يۈرمەدىڭ سەن بىردەمى بىغەم بولۇپ،
خاتىرىڭ بولدى سەرەنجام ئاقىبەت بولغۇڭ تۇراب.

× ×

قاشىڭغە سەجدە قىلدىم مىسلى مېھراب،
قارا زۇلفۇڭغە قويدۇم جاننى چىرماب.
كۆزۈڭنىڭ غەمزەسى تىيرى بەلائى،
سەفەر قىلسام ئاڭا جان تۇتمىغاي تاب.
خەدەڭگى كىرپىكىڭدۇر خەنجەرى تىيز،
قويار ھەردەم مېنى قانىمغە بۇلغاب.
نىگاھىڭ مىسلى ئاھۇي رەمىدە،
يانىپ بىر باقىشىڭدىن بولدى دىل ئاب.
يۈزۈڭ گۈل، لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان،

سۆزۈڭ شېرىنلىغى نېبدىن ئالۇر ئاب،
دەھانىڭ غۇنچەئى گۈل، تىشلارىڭدۇر،
قەدىڭدۇر سەرۋ، رەفتارىڭ ئېرۇر ئاب.
ئەلىفدەك قامەتىڭنى، ئەي نىگارىم،
سەلامىڭ «لامئەلىف» دەك سالدى تولغاب.
سېنىڭدەك نازەنىنغە بول ھەۋەيدا،
نېچۈك جان بەرمەسۇن، ئەي دۇررى ناياب.

× ×

ئاگەھان ئەقلىمنى ئالدى بىر پەرى تەرسا كېلىب،
تەلبە ئەيلەپ ئەل ئارا ئول شوخى بىپەرۋا كېلىب.
كۆرۈنۈپ ئەۋۋەل ئۆزى، سۇڭرە ياشۇندى پەردەغە،
دىل ئالىپ بىر شىۋەدە قىلدى مېنى رەسۋا كېلىب.
ئۆيدە مەن، ياباندا مەن ئېرمەس خەيالىمدىن يىراق،
كۆرۈنۈر جانىم كۆزىمە دىلبەرى بەرجا كېلىب.
سۇدىن ئايرىلغان بەلىقدەك ياتەمەن باشىم ئۇرۇب،
سورمادى ھالىمنى ئول بىرەھم، بىپەرۋا كېلىب.
قالمادى سەبرۇ قەرارىم بىر زەمان ئولتۇرغىدەك،
قىلدى سەرگەردان ھەۋەيدانى ئوشۇل بەرنا كېلىب.

× ×

بەرمە دىل دۇنيايى دونغە باغۇ بوستانىن كۆرۈب،
ئېبرەت ئالغىل بارچەنى جايى گورىستانىن كۆرۈب.
ھېچ كىشىگە قىلغانى يوقتۇر ۋەفا بۇ روزگار،
دىنۇ دىل بەرباد بەرمە، كاخۇ ئەيۋانىن كۆرۈب.
جۇملەسىن ھەسرەت بىلەن تاشلاپ كېتەرسەن ئاقىبەت،
كۆپ سۆيۈنمە دۇنيانى مالى فەراۋانىن كۆرۈب.
دۇنيا مانەندى ئۆلۈمسە تىشلەپ ئۆتتى نەچچە ئىت،
تىشلەيۇ سەن ھەم ئۆتەرسەن ئەمدى قالغانىن كۆرۈب.
بۇ ئۆلۈمسەنى تالاشىپ، بىر-بىرىنى تىشلەشىب،
ئۆتتىلەر كۆرمەي ۋەفاسىن، كاھىشى جانىن كۆرۈب.
«مەن سېنىڭ» دەپ ۋەئدە بەرگەن نەچچەلەرگە بۇ بەلدە
يوق ۋەفاسى بىلدىلەر گۈل ئەمدى يالغانىن كۆرۈب.
تالىبى دۇنيا ھەۋەيدا، بولمىغىل، بول ھەق تەلەب،
يۇم كۆزۈڭنى دۇنيادىن، تاڭلا پۇشايمانىن كۆرۈب.

www.uyghurkitap.com

× ×

ئەي بەرادەرلەر، مەن ئۆلسەم يىغلىماڭ ئىززەت قىلىپ،
ساقلىماڭ، بارۇر يېرىمغە يول بېرىڭ سۇرئەت قىلىپ.
بۇساغا ئاستىغە تاشلاڭ، خار ئېتىپ ئاسى تەنىم،
ئايتىڭىز: «نېگە خۇداغە ئۆلمەدىڭ تائەت قىلىپ؟»
ئاسى تەنغە يۇماغان بۆز ھەيپدۇر قىلماڭ كەپەن،
ئەيلەڭىز ئەسكى چاپانىمنى كەپەن رىغبەت قىلىپ.
ئېپ سالىپ سۆدرەڭ ئاياغىمدىن لەھەدكە بارغۇچە،
كىم مېنى كۆرسە خۇداغە يىغلاغاي ئىبرەت قىلىپ.
شۇملۇغۇڭدىن بىز قۇتۇلدۇق دەپ ھەمە پىرۇ جەۋان،
تابۇتۇمنى ئارقەسىدىن تاش ئاتىڭ كۈلپەت قىلىپ.
بول ھۆۋەيدا گەرچە ئاسىيدۇر خۇدا دەرگاھىدە،
قول ئاچىپ ئەيلەڭ دۇئا، رەھمەگە سىز شەفقەت قىلىپ.

× ×

ئەي سېنى ئىشقىڭ بىلەن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،
شەمئى ھۇسنۇڭ ئۈستىدە پەرۋانە بولدۇم ئاقىبەت.
تۈشتى كۆڭلۈم ئىچرە دەردىڭ تەلبەلەردەك، ئەي پەرى،
كۆللى ئالەمدىن كېچىپ، بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئاي جەمالىڭ شەۋقى بىرلەن غەم شەرابىدىن ئىچىپ،
بىلمەدىم جانۇ جەھان، مەستانە بولدۇم ئاقىبەت.
تەلبەئى ئىشقىڭ بولۇپ ئەيپۇ قەباھەت سۆزلەدىم،
ئەلگە كۆلكۇ بازىئى تىفلانە بولدۇم ئاقىبەت.
قاي كۈنى سۆيدۇم سېنى كەتتى كۆڭۈلدىن شادلىق،
تۈنۇكۈن غەم خەيلىغە ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئەلۇ يۇرتۇمدىن كېچىپ ئۇزلەت نىشىنلىق خو قىلىپ،
چۇغز يەڭلىغ ساھىبى ۋەيرانە بولدۇم ئاقىبەت.
ۋالەھۇ ھەيران، سەراسىمە بولۇپ، ئەي جانۇدىل،
بىلمەيىن ئەيلەر ئىشىم ھەيرانە بولدۇم ئاقىبەت.
دىل بېرىپ ساڭا ھۆۋەيدا، كۆرمەيىن دىل جەمئىنى،
چۇن خەزان يافراغىدەك ھەريانە بولدۇم ئاقىبەت.

× ×

زىلەيخائى زەمان ئىشق ئافەتى دەۋراندۇرۇر ئول شوخ،
مەلاھەت مىسرى ئىچرە يۇسۇفى كەنئاندۇرۇر ئول شوخ.
ئۆتۈپدۇر بۇ جەھاندىن شىرىنۇ، ئۇزراۋۇھەم لەيلى،
ئۆلاردەك نازەنىن سىيمىن بەدەن چىمياندۇرۇر ئول شوخ.

كىلەدۇر قول سالىپ بىر ـ بىر باسىپ مەستانە ـ مەستانە،
ئەجايىب نازەنىن شىرىن لىقا جاناندۇرۇر ئول شوخ.
كيىپدۇر خىلئەتى گۇلگۇن سالىپ تارتقۇ ياراشۇققە،
باشىدە دانە ـ دانە گەۋھەرى غەلتاندۇرۇر ئول شوخ.
ھۇۋەيدا ئۇشبۇ ھالەتنى كۇرۇپ ھەيران بولۇپ قالدى،
دىدى: «كۇڭلۇمگە جەننەت ھۇرى ياغۇلماندۇرۇر ئول شوخ.

× ×

ئاشىقى سادىقنى قىلغان ئاھۇ ئەفغانى لەزىز،
ئىشق ئوتىدا كۇيگەن ئەلنى باغرى بەريانى لەزىز.
كۇيدۇمۇ ياندىم فىراقىڭ ئوتىدا، ئەي نازەنىن،
رەھم قىل مەن خەستەغە، ئەي لەئلى خەندانى لەزىز.
جەننەتۇ ھۇرىڭ كىرەكمەسدۇر ماڭا، تاكۇرمەسەم،
گۇل يۇزۇڭنى ئاندا ئەي كويى گۇلىستانى لەزىز.
ھەجر سەھراسىدە مەن ھەيرانۇ سەرسان، تەشنەلەب،
قەترەئى تۇتمە دەرىغ، ئەي ئابى ھەيۋانى لەزىز.
ئەي سەبا، يەتكۇر سەلامىمنى ئوشۇل جانانەغە،
بىر ـ بىر ئەيلەي رازى دىل، ئەي شەرھى ھىجرانى لەزىز.
ئىستەدىم ئەرزۇ سەماۋاتى ئەلادىن تەئسىرى،
ھاشەلىللاھ، ئولسە سەندىن غەيرى جانانى لەزىز.
كۇپ پەرى ئىشقۇ ھەۋاسىدە، ھۇۋەيدا، بار ئىدىم،
تاپمادىم سەندىن، نىگارا، غەيرى بىر جانى لەزىز.

× ×

سىنى لەيلى ئايا دىلبەر، مىنى مەجنۇن گەدا دەرلەر،
گەدالارنى تەرىقى ئىشق ئىچىدە پادىشا دەرلەر.
قايۇ ئاشىق تاپىپدۇر بۇ جەھان مۇلكىدە راھەتنى،
ئانىڭ ئۇچۇن بەلانى ئىشق خەيلىغە رەۋا دەرلەر.
ئەگەر تىيرى بەلا كەلسە ئاچىپ كۇكسىن سىپەر ئەيلەپ،
تۇرۇرلار ئۇترۇغە ھەردەم نە كەلسە مەرھەبا دەرلەر.
بەلاۋۇ مىھنەتى دۇنيا نەسىبى بولدى ئاشىقنى،
ئەزەلدىن مەرد ئاشىقنى بەلالارغە رىزا دەرلەر.
بۇ ئىشقنىڭ دەردىغە، ئەي دوستلار، ھەرگىز دەۋا يوقتۇر،
تەمامى دەردلەرغە ئىشق دەردىنى دەۋا دەرلەر.
ھۇۋەيدا، دۇنيادىن بىئىشق ئۇتكەرمە ھاياتىڭنى،
نەچەكۇن ئىشق ھاسىل قىل، بۇ ئۇمرى بىۋەفا دەرلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



× ×

سىنى ھەجرىڭدە، ئەي دىلبەر، ئەجايىپ خەستە ھالىم بار،
يۈرەكىم قۇۋۋەتى كەتتى، يۈرەكتە نە مەجالىم بار؟
يىگىتلىك قايتا كەلسە، كاشكى تارتسام سىنى دەردىڭ،
قىرىپ مەن قۇۋۋەتىم كەتتى ئەجەب كارى مەھالىم بار.
مۇرادىم نەخلى ھەرگىز بەرمەدى، بەرمەن نېتەي ئەمدى،
كۆرۈڭ بىتالئىمىنى بىسەمەر زايىئ نىھالىم بار.
باشىڭدىن ئۆرگىلەي، يارىم، مېنىڭ ئالدىمغە كەلسەڭچۇ،
چىقارغە جان ياۋۇشتى بىر ئاغىز سەنگە سۇئالىم بار.
ئۆلەرمەن بىگۇمان ئەمدى مېنى كۆمگىل يولۇڭ ئۈزرە،
باسارسەن دەپ مەزارىمنى ئۆتەردە بۇ خەيالىم بار.
مېنىڭ دەردىم بىلەن ئۆلگەن ھۆۋەيدانى مەزارى دەپ،
دۇئادە ياد ئېتەرسەن دەپ، ساڭا كۆپ ئېھتىمالىم بار.

× ×

دىلبەرا ماڭا سېنىڭدەك يارۇ جانان قايدەدۇر؟
ساڭا ھەم مەندەك ئەل ئىچرە زارۇ ھەيران قايدەدۇر؟
يۈرەكىم بولدى جەراھەت، باغلادى زەردابۇ، قان،
سەن كەبى مەرھەم قىلغۇر يارى قەدىردان قايدەدۇر؟
خەستەۋۇ بىمار ئولۇپ يولۇڭدە ياتسام مۇردەۋار،
سورغۇچى ھالى غەرىبىن مەرھەمى جان قايدەدۇر؟
ئەرز ئېتەي دادىمنى ساڭا، ئەي پەرى دادىمغە يەت،
كىشىۋەرى ئىشق ئىچرە ساڭا ئەدل سۇلتان قايدەدۇر؟
لۇتف ئېتىپ، جانا، كۆتەر ئايدەك جەمالىڭدىن نىقاب،
كۆرگەلى ھۆسنىڭنى مەندەك زار ھەيران قايدەدۇر؟
غۇنچە يەڭلىغ قان يۇتۇپ، ئىشقىڭ بىلەن خامۇش مەن،
بول ھۆۋەيدادەك ساڭا باغرى تولە قان قايدەدۇر؟

× ×

بىخەبەرلىق بىرلە ئۆتتى نە قىلاي ئەييامى ئۆمر،
ۋەقتى خۇفتەن بولدىيۇ ھەم قارشۇ كەلدى شامى ئۆمر.
ساچ ئاقاردى، كۆز ياشاردى، ۋادەرىغا، ۋادەرىغ،
نە تەرىقە بىرلە ئۆتتى نەقىلاي مادامى ئۆمر.
ئۆمر دامىنى قويۇپ، قىلدىم ھەۋەسنى سەيدىنى،
خالى قىلدى، ئەي بەرادەرلەر كۆرۈڭلار دامى ئۆمر.
خانەئى خىشتىنەدەك بىلدىم ئۆمۈر مەئمۇرەسىن،
كۆندە بىر خىشتىن ئەجەل ئالغاچ تۈگەندى تامى ئۆمر.

ئۆمر نەخلىغە كىلىپ تەگدى ئەجەلنى سەلقىنى،
پىشمايىن بولدى خەزان بول مىۋەھايى خامى ئۆمر،
شەربەتى دۇنيانى، ۋەقتى نۇش ئېتەردە، دوستلار،
بۇ قولۇمدىن تۇشتىۋ سىندى، كۆرۈڭلار، جامى ئۆمر.
سىچ ئاقاردى بىلمەدىلىق، سارغاردى تۇشتى تىشلاردىلىق،
بۇ نىشانى مەرگ دەپ بەردى ئۆلۈم پەيغامى ئۆمر.
تۇت ياقاڭنى تەۋبە دەپ، دائىم خۇداغە يىغلاغىل،
كەلگۇسى دەپ بۇ ئۆلۈمنى ئەرتە يا ئاقشامى ئۆمر.
تاڭلا ئول شاھى ئەجەل دىسە نە كەلتۇرۇڭ ماڭا،
فىسقۇ ئىسيان بىرلە ئۆتسە نە دېگۈم مادامى ئۆمر.
يارغە ئىلتىسەڭ، ھۇۋەيدا، تۇھفەئى ئاھى سەھەر،
بەرگۇسى ھۆرۈ قۇسۇر تاڭلا ساڭا ئىنئامى ئۆمر.

× ×

سىنى ۋەسلىڭ يەقىن ئانداق كۆزۈم ئاقۇ قاراسىدۇر،
مىنى سەندىن يىراق سالغان بۇ نەفسىمنى بەلاسىدۇر.
نەزەر گاھىڭ ئىدى يارىم مىنى ئائىنەئى كۆڭلۈم،
قارا قىلغان قارا كۆڭلۈم گۇناھىمنى قاراسىدۇر.
سىنى ۋەسلىڭغە ھەر چەند ئەيلەپ يېتەئالماسمەن،
ئاياغىم باغلاغان زەنجىر ئولۇپ دۇنيا ھەۋاسىدۇر.
نە تەدبىرۇ ئىلاج ئەيلەي، ئارا يوللاردە قالدىممەن،
ئاداشتۇرغان يولۇمدىن روزگارىم ماجەراسىدۇر.
كىمە داد ئەيلەيىن، يارىم، كۆرۈپ رەھم ئەتمەسەڭ ھالىم،
يۈرەكىم شەرھە - شەرھە خەنجەرى ھىجران ياراسىدۇر.
مۇبادا گەر قەدەم قويساڭ مىنى بەيتۇلھەزانىمغە،
ئىزىڭنى تۇپراغى جانىم كۆزۈمنى تۇتىياسىدۇر.
جەمالىڭنى كۆرۈبان داد دەپ، جان بەرسەم ئەرزاندۇر،
سىنى بىر تارە مويۇڭ ئىككى ئالەمنىڭ بەھاسىدۇر.
مەئازەللاھ، غەلەت ئايدىم، بەھاسىز بىبەھا ئىركەن،
يانىپ بىر باقىشىڭغە يۈز تۈمەنمىڭ جان فىداسىدۇر.
مۇشەققەتلىك ئىكەن سەۋدايى ئىشق، مەن ئۆزگەسىن ئايتماي،
بۇ سەۋدانى ھۇۋەيدا، جاندىن ئۆتمەك ئىپتىداسىدۇر.

× ×

سىنى ئىشقىڭدىن، ئەي دىلبەر، ئەجايىب كاربارىم بار،
يۈرەكىم قۇۋۋەتى كەتتى، يۈرەرگە نە مەدارىم بار.
تاپار رەۋزانە كۆڭلۈم يارۇ دوستلارنى كۆرۈپ تەسكىن،

www.uyghurkitap.com

كېچە سەييارەلەر يەڭلىغ نە ئارامۇ قەرارىم بار،
مېنى ئەفئى يىلان چاقتى، كۆزۈمنى ئۇيقۇسى كەتتى،
تاڭ ئاتقۇنچە يۈرەرمەن، نە ياتار، نە ئولتۇرارىم بار؟
مەنى بىچارە بۇلبۇلغە تەرەھھۇم ئەيلەگىل، ئەي، گۇل،
كېچەدىن تا سەھەر غەم شاخىدە فەريادۇ زارىم بار.
ئايا بادى سەبا، يەتكۈر، غۇبارى كوي يارىمدىن،
كۆزۈمگە سۈرمە ئەيلەي دەپ، ئاڭا كۆپ ئىنتىزارىم بار.
ھۆۋەيدانى مەزارىمغە بارىپ يارىم تەماشا قىل،
ئۈنۈپدۇر لالەئى ھەسرەت، خەزان بولماس بەھارىم بار.

× ×

نىگارا، ئىككى ئالەمدە سېنىڭدەك دىلرەبا يوقتۇر،
فىراقىڭ ئوتىدا مەندەك ئەسىرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.
بەلالەرغە دۇچار ئولدۇم ۋىسالىڭ ئىزلەبان تۈن - كۈن،
مېنىڭدەك ئەل ئاراسىدە گىرىفتارى بەلا يوقتۇر.
ئۆزۈڭدىن ئۆزگەنى ھەرگىز ۋەفايى تاپمادىم ئەسلا،
مەنى مىسكىن بەلاكەشغە سېنىڭدەك با ۋەفا يوقتۇر.
جەمالىڭنى تىلەپ، ئەي گۇل، نەۋاۋۇ نالەلەر قىلغان،
گۇلىستاندە مېنىڭدەك بۇلبۇلى شىرىن نەۋا يوقتۇر.
كۆيۈپ كۈل بولدۇمۇ ئەسلا يانىپ بىر كەلمەدىڭ يارىم،
سېنىڭدەك كۆڭلى قاتتىغ رەھم كەلمەس پۈرجەفا يوقتۇر.
يۈز ئۆگۈرمە، مەنى مىسكىندىن، ئەي يارى قەدىردانىم،
كويۇڭنى ياستانىپ بولغان مېنىڭدەك زىرى پا يوقتۇر.
باشىم بىرلە يۈرۈپ خىزمەت قىلاي دەرمەن بەھەم بولسە،
نىگارا، كويۇڭ ئىچرە ئۆزگە ھەرگىز مۇددەئا يوقتۇر.
كويۇڭ دەرۋازەسى يۈرسە كۆزۈمنى كاسەسى ئىچرە،
ئەگەر بىر يول يۈزۈڭ كۆرسەم مېنىڭدەك پادىشا يوقتۇر.
رەقىبى رو سىيەھ قويماس جەمالىڭغە نەزەر سالسام،
نېچۈك ئەيلەيكى، ئەي دىلبەر، جەفاكەشغە ۋەفا يوقتۇر.
ئېرۈرسەن پادىشاھى ھۇسن، ئىشىكىڭدە ھۆۋەيدادەك،
يۈزۈڭنى كۆرگەلى مۇشتاق، ئەي گۇلرۇخ، گەدا يوقتۇر.

× ×

دەردى يوق بىدەرد كىشىلەر دەرد قەدرىن نە بىلۇر،
دۇنيادە نامەرد كۆپدۇر مەرد قەدرىن نە بىلۇر.
زەئفەران بولدى چىرايىم يار ئۈچۈن، ئەي دوستلار،
بىلمەگەنلەر بۇ چىرايى زەرد قەدرىن نە بىلۇر.

جان ئۈزۈپ جاننى ئۆلادىم كاكۆلى جانانەغە،
فەھمى يوق بىفەھملەر پەيۋەند قەدرىن نە بىلۇر.
ئاز ئىرۇر جانانەغە سەرف ئەيلەسەم مەن مالۇ جان،
قىلماغان نادان كىشى جان مەرد قەدرىن نە بىلۇر؟
يىغلادى ھەر چەند ھۆۋەيدا، بىلمەدى ئەل قەدرىنى،
تۈشمىگەن دەرد باشىغە بادەرد قەدرىن نە بىلۇر.

× ×

يىگىتلىكتە مەي ئىچمەكلىك نەخۇش بەخت - سەئادەتدۇر،
قەرىلىق مەۋسۇمى مىھنەت، يىگىتلىك ۋەقتى راھەتدۇر.
گۈلىستان مەۋسۇمى بولدى، مەي ئىچمەكنى غەنىمەت بىل،
تىرىكلىك كۆپ ئەمەس بىر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە سائەتدۇر.
كەل ئەي ساقى، كەتۇر جامى پەيا - پەي بادەنى ساف ئەت،
يۈرۈتكىل كاسەئى دەۋران، بۇ دەملەر ھەم غەنىمەتدۇر.
دەۋۇ تەنبۇرۇ بىنەي بادە ئىچمەك ئانچە خوپ ئىرمەس،
قىل، ئەي مۇترىب، غەزەلخانلىق بۇگۇن ئەييامى ئىشرەتدۇر.
گۈلىستانلار ئاراسى بەرگلەرنى ياستانىپ ياتىپ،
تەماشايى چەمەن ئەيلەپ، مەي ئىچمەك خۇش نازاكەتتۇر.
تىرىكلىكنى غەنىمەت بىل، مەي ئىچ ئۆمرۈڭنى خۇش ئۆتكەرە
تىپىپ ئۆت دۇنيا مالىنى ھەمە رەنجۇ فەلاكەتدۇر.
ھۆۋەيدا، تەۋبە قىلمە بادە ئىچمەكدىن قىرىدىم دەپ،
مەي ئىچمەكلىك قىرىغاندا غىزايى روھى راھەتدۇر.

× ×

ئاھ، ئۆلۈم باغرىمغە قويدى يۈز تۈمەنمىڭ داغلار،
قەترە - قەترە سۇ بولۇپ ئاقتى يۈرەكدىن ياغلار.
ناگەھان تەن باغىغە يەتسە زىمىستانى ئەجەل،
جان دەرەختىدىن تۆكۈلگەي ھەر تەرەپ ياپراغلار.
مالۇ مۈلكۈڭغە قۇۋانمە، ئەي ئەقىلسىز ئادەمى،
ناگەھان كەلسە ئەجەل قالغاي بۇ مۈلكۈ باغلار.
دۇنيا مالىنى يىغارسەن تويمىغاي چەشمى ھەرىس،
كاسەسىغە تولماغۇنچە گورئارا تۇپراغلار.
ئەلگە زىرەكلىك قىلۇرسەن يەتمەس ئەقلىڭ فەتھىغە،
تاڭلا بولغاندە قىيامەت تەلبە بولغاي ساغلار.
سايەئى رەھمەت تىلەر بولساڭ قىيامەت دەشتىدە،
كىم ئالۇر ھەق رەھمەتىنى تۈن كېچە ئويغاغلار.

www.uyghurkitap.com

تەۋبە دەپ ئۆشلا ياقاڭنى، ئەي ھۆۋەيدا، يىغلاغىل،
زەررەچە يوقتۇر گۇناھىڭ ئالدىدە بۇ تاغلار.

× ×

سەھەرلەردە مېنىڭ ھالىمغە مۇرغانى چەمەن يىغلار،
فىغانىمدىن سەبا يىرتىپ قىزىل گۈل پىرەھەن يىغلار،
جىگەر ئۇدى كۆيۈپ دۇدى بەيابان كەردىغە تۇشسە،
ئۇشالدى قەدرى مۇسكىم دەپ غەزالانى خوتەن يىغلار،
يۈرەكدە ئاتەشىن دەردىن ئالىپ بارسام لەھەد ئىچرە،
قىيامەت تاڭى ئاتقۇنچە كۆيۈپ گورۇ كەفەن يىغلار،
سېنى دەردىڭ بىلەن يىغلاپ فىغانۇ نالەلەر قىلسام،
كېچىپ پەرزەندۇ مالىدىن بولۇپ ئەل بىۋەتەن يىغلار،
تاپالماي ئىۋەئى مەقسەد ئۆۋىسىن جان ئېرۇر ھەيران،
چىدالماي جۇستىجۇيىمغە بەيابانى قەرەن يىغلار،
سەھەرلەر يۇسۇفىم دەپ ئاھ ئۇرسام پىرى كەنئاندەك،
فىغانىمدىن فىغان ئەيلەپ كۆيۈپ بەيتۇل-ھەزەن يىغلار،
ھۆۋەيدا زار يىغلاپ، يار دېپ يۈزلەنسە سەھراغە،
بۇياپ لالە كۆزۈم قانىغە گۈلگۈن پىرەھەن يىغلار،

× ×

دىلبەرا، كويۇڭدا يۈرگەن ئاشىقىڭ بىسىياردۇر،
كىم مېنىڭدەك كېچە-كۈندۈز مۇبتەلائى زاردۇر؟
بىر سەگى بىمار يەڭلىغ ئاستانەڭ ياستانىپ،
ئاي يۈزۈڭغە كىم مېنىڭدەك ئىنتىزارۇ زاردۇر.
ئۆلتۈردۇر ھەم كۆيدۈرۇر گەر مەقسەدىڭ بولسە سەنەم،
ھەر جەفا قىلساڭ نىگارىم ئاشىقىڭ تەيياردۇر.
سىلكىنىپ ئۆيدىن چىقىبان بىر قىيا كۆزۈڭ سالىپ،
بۇ غۇلامى زەر خەرىدىم دىمەكىڭ دەركاردۇر.
بىر نىگاھىڭگە، نىگارا، جان تەسەددۇقتۇر سېنى،
نە ئېمىش بىر جان، تۈمەنمىڭ جان ساڭا ئىساردۇر.
ھەر تەرەپ بارسام جەمالىڭ شەۋقىدە كۆڭلۈم ئارا،
بولسە سەھرالار ماڭا ھەممخانە ۋۇ بازاردۇر.
كىمكى ساڭا ئاشىق ئولمىش، ئەي نىگارى نازەنىن،
مېھنەتۇ، رەنجۇ مۇشەققەت ئول كىشىغە باردۇر.
ئۆلۈمگە بەرسۇن، ئۆلۈم كەلمەس ھۆۋەيداغە نە دەپ،
جان بېرىپ كۆرسەم يۈزىن ئالەم نەخۇش گۈلزاردۇر.

× ×

ئايماغىل سىرىڭنى سەن ھەر كىمگە، سىرداش ئۆزگەدۇر،
دەردى يوق بىدەردعە مۇڭ ئايما، مۇڭداش ئۆزگەدۇر.
ھەمرەھى قابىل بىلە يۈر، بىر قەرىشلىق بولسە يول،
يۈرمەگىل ناجىنس بىرلە، يولدا يولداش ئۆزگەدۇر.
قولدا مالىڭ باردە يارۇ بەرادەر خىيش كۆپ،
ئارى باش ياستۇقغە يەتكەندە قارىنداش ئۆزگەدۇر.
بارچە يىغلار ئاھ دەپ، دەردلىق كىشىدۇر بەلگۈلۈك،
دىل كۆيۈپ، كۆزدىن تۆكۈلگەن دەردلىق ياش ئۆزگەدۇر.
ئەي ھۇۋەيدا، بەرمە دىل ھەر بىۋەفانى يار دەپ،
ئىككى ئالەم باۋەفا يارى قارا قاش ئۆزگەدۇر.

× ×

بەيابانلارغا چىقسام ئاھ ئۇرۇپ جۇملە گىيا يىغلار،
فىغانۇ نالەشىمدىن تاغلار ئەيلەپ سەدا يىغلار.
سەنەمنى دەردى تۇشسە كۆڭلۇم ئىچرە بەرقى رەخشاندەك،
كۆيۈپ جانىم، بۇلۇت ئاھىم قىلىپ كۆكدە نەۋا يىغلار.
سەنى نادان تەبىب ئايتمە، بۇ دەردىڭغە داۋا قىل دەپ،
داۋاغە يۈز ئەگەر ئۇرسەم، كۆرۈپ دەردىم داۋا يىغلار.
بولۇر دەردىم مىنىڭ دەپ، ئەلغە شايىئ ئانچە سەبر ئەتتىم،
قىلالماي سەبرۇ تاقەت سەبرىمە سۇبھۇ مەسا يىغلار.
ھۇسەينى ۋەقتى ئىردىم مەن، شەھىد ئەتتى يەزىدى ئىشق،
قىزىل قانىم كۆرۈپ ھالىمغە دەشتى كەربەلا يىغلار.
كىزىپ سەھراغە يۈرسەم، لەيلى دەپ مانەندەئى مەجنۇن،
كۆرۈپ ھالىم ھەمە جانلار قىلىپ ۋاھەسرەتا يىغلار.
يۈرۈسەم كوھبە كوھ يىغلاپ سەنەمنى دەردىنى ئايتىپ،
ھەمە ئالەم ياقا يىرتىپ سەمەكدىن تاسەما يىغلار.
مەيى دەرد نەشئەسىن بىلمەس، ھۇۋەيدا ھەر نىچۈك ئادەم،
ئەگەر چەندىكى يىغلار نەشئەسىز بادى سەبا يىغلار.

× ×

ئايا، ئەي شامىمە ،نەمگى شەب ئەفرۇز،
سىنى ئىشقىڭدە قىلدىم جانۇ دىل سوز.
يۈرۈپدۇرمەن سىنى دەپ تەلبەلەردەك،
يامان - ياخشىغە كۈلكۈ ھەم بولۇپ سۆز.
خەلايىقلار ئارا شەرمەندەلەردەك،
بولۇپ، ئەلگە باقارغە مەندە يوق يۈز.

www.uyghurkitap.com

مېنى كۆرگەچ كۈلەر ھەر قايسى مەۋجۇدە،
مەلامەتلەر قىلىبان كېچە ـ كۈندۈز.
بەلالارغە دۇچار ئولدۇم سېنى دەپ،
ئايا ئەي دىلبەرى، شىرىن قارا كۆز.
سېنى ئىشقىڭ مېنى كۆڭلۈمدە بولسە،
غەمىم يوق كۈللى ئالەم قىلسەلەر سۆز.
بولۇر كۆرسەم تەجەللىسى جەمالىڭ،
ماڭا ھەركۈن بەھارۇ ئىيدۇ نەۋرۇز.
فەلەكنى كۆيدۈرۈر ھىممەتلى ئاشىق،
سەھەرلەردە ئۇرۇپ ئاھى جىگەر سوز.
ھۆۋەيدا ھەركىشىنى دوست تۇتاي دەر،
ئانى بىھىممەتىدىن يات بولۇر ئۆز.

× ×

يولۇقتى تۈن ئاراسىدە كۆزۈمگە دىلرەبا يالغۇز،
كۈلۈپ باقىپ، قاشىن قاقىپ، قىلىپ ئۆتتى ئىما يالغۇز.
ئاياغى نەقشىغە سۈرتۈپ يۈزۈم، بۇسۇ كەنار ئەيلەپ،
غۇبارى راھىدىن قىلدىم كۆزۈمگە تۇتىيا يالغۇز.
مېنى ئەھۋال دەردىمدىن باسىپ ئەلبەتتە ئايغايسەن،
سەنەمنى ئالدىغا بارساڭ، ئايا بادى سەبا يالغۇز.
ياتىپدۇر گۈشەئىمدە يار ـ يار دەپ بىر غەرىبى زار،
باشىن يەرگە ئۇرۇپ يىغلار دىگىل ئەيلەپ نەۋا يالغۇز.
شىكەستە مۇزتەرىب ئەھۋال دەردىمدىن بەيان ئەتكىل،
ئانى كۆڭلىغە شايەد رەھمىنى سالغاي خۇدا يالغۇز.
سېنى ھۆسنى كەمالىڭغە ھۆۋەيدايى غەرىب مىسكىن،
قىلۇر دىگىل سەھەرلەردە ئاچىپ ئىلكىن دۇئا يالغۇز.

× ×

تۈن ئاقشام كەلدى كۈلبەمغە نىگارى مېھرىبان يالغۇز،
ئالىپ بۇقەد جەمالىدىن ئۆزىن قىلدى ئەيان يالغۇز.
كۈلۈپ ئاھىستە ـ ئاھىستە كېلىپ ئۇيقۇدىن ئويغاتتى،
«سەھەر بولدى ياتۇرسەنمۇ؟» دىدى شىرىن زەبان يالغۇز.
قولۇمدىن ئۇشلابان ئايدى: «نە ھالىڭ كەچتى يازۇ كۈز،
كۆيۈپ ھەجر ئوتىدە بولغان، ئايا ئەي ناتەۋان يالغۇز.»
ئۆزۈمدىن باردىم ئول سائەت، يۈرەكدە قالمادى ھالەت،
قىلالمادىم ئاڭا ئەھۋالى دەردىمدىن بەيان يالغۇز.
يانىمدا ئولتۇرۇپ چەندان، تەرەھھۇم بىرلە سۆز قاتتى،
بىرەلمەدىم جەۋاب ئاڭاكى لال ئولدى زەبان يالغۇز.

كېلىپ ھالىمغە لەۋ ئاچتىم، قولۇمغە كاسەنى بەردى،
مەي ئىچ دەپ ئول پەرى كەتتى، بولۇپ يولغە رەۋان يالغۇز.
ھۆۋەيدايى غەرىبىن ئول پەرى شىردىن سۆزى بىرلەن،
يۈرەكىمغە سالىپ ئوت ئۆرتەدى جانۇ جەھان يالغۇز.

× ×

يارىم يۈزىغە ھېچ كىشى باقىپ قارايالماس،
كۆزى قاماشىپ يۈزىنى ھەرگىز كۆرەيەلمەس.
ئوتدەك تۇتاشىپ شۇئلەئى ھۇسنى بۇ جەھانغە،
تەپتىمغە ئانى بەلكى سەمەندەر چىدايالماس.
يۈزىنى كۆرۈپ بولدى خىجىل ئاي بىلە كۈن،
ھۇسن مۇلكىتىدە يۈسۇف ئانىڭدىن بولايالماس.
كۆرسەڭ قەددىنى راست ئېرۇرمىش ئەلفدەك،
مانەندى ئانى سەرۋۇ سەنەۋبەر بولايالماس.
نەرگىسلەرى ئاھۇيى خوتەندەك چۆرمىدە،
قاش ئەگمەسىغە يايى مۇشابىھ بولايالماس.
مۇنداق سەنەمى دىلبەرى مەھۋەشغە ھۆۋەيدا،
كۆڭلىنى بېرىپ ئەمدى ئوتىغە چىدايالماس.

× ×

بىۋەفا يارغە كۆڭۈل بەرگەن كىشى ئادەم ئەمەس،
مېھنەتۇ، جەۋرۇ جەفا ئاندىن زەمانى كەم ئەمەس.
دائىما رەنجۇ مۇشەققەت ئول كىشىنى باشىدە،
بارچە بولغاي شادۇ خەندان، ئول كىشى بىغەم ئەمەس.
تىل ئۇچىدە كال بېرىپ ئايتۇر ساڭا دىلدارمەن،
زەررە غەم كەلسە باشىڭغە لەۋزەئى ھەمدەم ئەمەس.
رازى دىلنى ئايتماغىل ھەركىمنى سەن مەھرەم بىلىپ،
بولماسە ئەھلى مۇھەببەت دەردىڭە مەھرەم ئەمەس.
ئەي ھۆۋەيدا، بىۋەفانى يار دەپ بەرمە كۆڭۈل،
ئاقىل ئېرسەڭ سەن ئەگەر ئۇشبۇ نەسىھەت كەم ئەمەس.

× ×

سەنەمنى دەردىنى دەپتەر قىلىپ خەتكە پىتىپ بولماس،
ئانى ئەسرارىنى بىغەمەلەرگە شەرھ ئېتىپ بولماس.
جۇدالىق خەنجەرى بىرلە يۈرەكىم چاك-چاك ئولدى،
يۈرەك زەخمىن ئاچىپ بىدەردلەرغە كۆرسەتىپ بولماس.
فەلەكنى ئەختەرىن قىلسە بولۇر دەرلەر ھىسابىنى،
يۈرەكىم زەخمىنى ھەرگىز ھىسابىنى بىلىپ بولماس.

www.uyghurkitap.com

ئەلەم تارتىپ، يۈرەك كۆيمەي قىرا كۆزدىن تۆكۈلمەس ياش،
قازاننى ئاستىغە ئوت ياقماغۇنچە قايناتىپ بولماس.
ھۆۋەيدا، ھەر ئىشىكىم بىمۇشەققەت بولماغاي ھاسىل،
مۇشەققەت تارتماغۇنچە يار ۋەسلىغە يېتىپ بولماس.

× ×

ئاي يۈزۈڭنى نۇردە شەمئى شەبىستان ئوخشاماس،
كۆزلەرىڭنى شوخىغە مىرىخۇ چولپان ئوخشاماس.
سىلكىنىپ بىر-بىر باسىپ كىرسەڭ گۈلىستانلار ئارا،
قامەتىڭنى نەخلىغە سەرۋى خىرامان ئوخشاماس.
گەر تەبەسسۇم ئەيلەسەڭ گۈلشەندىكى گۈللار ئارا،
لەبلەرىڭنى رەڭگىغە گۈل بەرگى رۇممان ئوخشاماس.
كاكۈلىڭنى بۇيىغە شەرمەندە ئىبرۇر مۈشكى چىن،
تىشلەرىڭغە گەۋھەرى دەريايى ئۇممان ئوخشاماس.
بول ھۆۋەيداغە باقىپ بىر-بىر تەكەللۇم ئەيلەسەڭ،
نەرمۇ شىرىن سۆزىڭە تۇتىنى خۇشخان ئوخشاماس.

× ×

بارساڭ، ئەي بادى سەبا، ھالىمنى قىل يارىمغە ئەرز،
مەن غەرىبۇ خەستەدىن يارۇ جەفاكارىمغە ئەرز.
گۇشەئىدە يار-يار دەپ بىرغەرىبىلىك قان يۇتۇپ،
ياتەدۇر دەپ زار يىغلاپ، قىل سىتەمكارىمغە ئەرز.
كېچەۋۇ كۈندۈز ئىبرۇرمەن تەشنەئى ئابىھەيات،
خىزردەك مەيگۇن لەبى ئىلە شەكەر بارىمغە ئەرز.
ئەمدى دەردىدىن ئۆلەرمەن، يوق ئۇمىدى سىھھەتىم،
چۇن دەمى ئىيسا كەلامى دۇررى شەھۋارىمغە ئەرز.
كۆز ئۇچى بىرلە باقىپ، ھەر گۇشەدە قانىم تۆكۈپ،
غەمزەسى جەللاد يەڭلىغ كۆزى خۇنخارىمغە ئەرز.
بىر كۆيۈپ ئۆلسەم، قۇتۇلسام كاشكى پەرۋانەدەك،
كۈندە يۈز كۆيدۈرگۈچى قىل شەمئى رۇخسارىمغە ئەرز.
كويىدە مىسكىن ھۆۋەيدانى فەراۋان يىغلاتىپ،
ھېچ ھالىن سورماغان قىلغىل جەفاكارىمغە ئەرز.

× ×

ئەي سەنەم، ۋەسلىڭنى ئىزلەپ دەر بەدەر سالدىم سوراغ،
بارچە ئايدى، ئول ساڭا جاندىن يەقىندۇر سەن يىراغ،
ۋالەۋۇ ھەيران بولۇپ سۆزلەر سۆزۈمنى بىلمەيمەن،
تاپمادىم قايدە بارىپ كىمدىن سورارىمدىن ياراغ.
كىمگە ئايتىپ، كىمگە يىغلاي داد دەپ ئىشق دەردىنى؟

يۈرەكىمدىن قەترە-قەترە يار-يار دەپ سىزدى ياغ.
تاپمادىم بەھر ئىلە بىر ئىزلەپ سېنى ئەرزۇ سەما،
قالمىدى مەن يۈرمىگەن يەر، تاغۇ تۈز ھەم باغۇ راغ.
ئەي فىراقىڭ ئوتىغە كۆيمەككە تابىم قالمادى،
ھالى دىلنى كىمگە دەپ، كىمدىن سېنى ئەيلەي سوراغ.
ئىستەدىم جان شەھرىنى، ئاندىن سوراپ تاپدىم ئىزىڭ،
ئايدىلار يارىڭ يەقىن ئەمما ئانى يولى يىراغ.
ئۆشبۇ ھەسرەت بىرلە ئۆلسە، بول ھۆۋەيدايى غەرىب،
قالغۇسى كۆڭلىدە ئارمان، لالەدەك باغرىدە داغ.

× ×

كۆرگەلى ھۆسنۈڭنى جانا، تۈرفە زار ئولدۇم دەرىغ،
چۈن قەفەسدە تۈتى يەڭلىغ ئىنتىزار ئولدۇم دەرىغ.
تەلبەلەردەك ھەر تەرەپ ئىفتانۇ ھەيران يۈگۈرۈپ،
گويى-چەۋگان خوردە يەڭلىغ بىقەرار ئولدۇم دەرىغ.
ئاتەشى ئىشقىڭ بىلە ئىچىمدەدۇر بەرقى جۇنۇن،
ئەشكى رىزان يۈگۈرۈپ، ئەبرى بەھار ئولدۇم دەرىغ.
ئىشق بازارىدە قىلدىم غەم مەتائىدىن خەرىد،
زەرشۇناسلار قاتىدە ئېتىبار ئولدۇم دەرىغ.
تاپمادىم بىر ھەمدەمى دەردىمنى ئىزھار ئەتكۈدەك،
قىسسەئى پۈرغۇسسەدە لەيلۇ نەھار ئولدۇم دەرىغ.
نىم بىسمىل مۈرغىدەك باشىم ئۈرۈپ تاڭ ئاتقۇچە،
جان ئۆزۈپ دەردۇ غەمىڭدە خارۇ زار ئولدۇم دەرىغ.
بىر نەزەر قىلساڭ نە بولغاي مەن غەرىبى خەستەغە،
كىم ھۆۋەيدا ئاھ تارتىپ، بىقەرار ئولدۇم دەرىغ.

× ×

ئەي مەھى نامىھرىبانىم نالەئى زارىمغە باق،
ھەم خەزان ياپراغى يەڭلىغ زەردى رۇخسارىمغە باق.
لالەۋۇ گۈل بىرلە خۇن ئالۇدە بولدى نەۋبەھار،
دىمەگىل يەرنى يۈزىنى چەشم خۇنبارىمغە باق.
ئەي سېنى ئىشقىڭدە جانا، لەھزە-لەھزە قان يۇتۇپ،
غۇنچەدەك كۆكسۈمدەكى زەرداب ئىلە خارىمغە باق.
ھېچ زالىم تاپمادى مەزلۇم ئاھىدىن ئامان،
قىل ھەزەر، ئەي نازەنىن، ئاھى شەرەر بارىمغە باق.
ئەيكى دەپسەن بول ھۆۋەيدانى ماڭا بىئېتىقاد،
ئەي مەھى نامىھرىبانىم نالەئى زارىمغە باق.

www.uyghurkitap.com

× ×

ھېچكىم ئىشق ئوتى ئىچرە مەن كەبى كۆيگەنى يوق،
ئۆشبۇ ئوتقە، دوستلار، كۆيمەكلىكىمنى سانى يوق.
نەچچە مۇددەتلەر ئېرۇر ئىشق ئوتى تۈشتى كۆڭلۈمە،
قىلمىدىم بىر زەررە زاھىر ھېچ كىشى بىلگەنى يوق.
ئىشقنى ھەر چەند پىنھان ئەيلەسەم دىل مۈلكىدە،
ئاشكارا بولمايىن، ئەي دوستلار، ئىمكانى يوق.
غەم سەھابىدىن تۈشۈپدۇر جان ئۆيىغە بەرق ئىشق،
يۈرەكىمدە شورىسى بىردەم قارار ئالغانى يوق.
تاپۇرەك كۆيمەي قارا كۆزدىن تۆكۈلمەس قەترە ياش،
ئول كىشىنى دەردى يوقدۇر نالەۋۇ ئەفغانى يوق.
بولماسا ئول تەن ئارا ئىشقى مۇھەببەت زەررەئى،
سۈرەتى دىۋار ئېرۇر، بىلگىل ئۆتەننى جانى يوق.
ئول نىگارۇ نازەنىننى ئىشقى بىرلە ھەر سەھەر،
كور بولسۇن ئول كىشىنى دىدەئى گىريانى يوق.
ئەي ھۇۋەيدا، چەھد ئېتىپ ئەمدى كېتەر فىكرىنى قىل،
ھېچ كىشى بۇ دۇنيادە تۇرماقغە جا ئالغانى يوق.

× ×

ھېچ كىشىغە سۆزلەمەسدىم داد ئەتدۇردى فەلەك،
كۆپ خەلايىق ئالدىدە فەرياد ئەتدۇردى فەلەك.
ئەرز-ھالىم ئايتقۇدەك بىر يارۇ ھەمدەم تاپمادىم،
شاد كۆڭلۈمنى نېتەي ناشاد ئەتدۇردى فەلەك.
مەن غەرىبۇ خەستەنى ھەردەم فىراق ئوتى بىلەن،
كۆيدۈرۈپ كۆككە كۆلۈم بەرباد ئەتدۇردى فەلەك.
سالدى كۆڭلۈم سەيدىغە ھەرلەھزە غەم شەھبازىنى،
غەمنى مەن بىچارەغە سەييياد ئەتدۇردى فەلەك.
ئەي ھۇۋەيدا، بولما گول بۇ چەرخى كەجرەفتارغە،
لەھزەدە يۈز شىيۋەلەر بۇنياد ئەتتۇردى فەلەك.

× ×

ھۇش كەتتى، ئەقلىم ئازدى، قالمادى تابىم مېنىڭ،
يار-يار دەپ ئاقتى كۆزدىن ئەشكى خۇنابىم مېنىڭ.
تەن سىزىپ، ئەي دوستلار ھەم رەكدەكى قانىم قۇرۇپ،
قالمىدى كۆزدىن چىقارغە قەترەئى ئابىم مېنىڭ.
قىسسەئى پۇرغۇسسەدە ئاۋارە بولدۇم ئاقىبەت،
كەلمەدى ھالىم سوراپ، بىر يار ئەھبابىم مېنىڭ.

غەم فۇزۇن هالىم زەبۇن، قىسسەئى دەردىم ئۇزۇن،
رەھم قىل، هالىمغە باق، ئەي شاھى نايابىم مېنىڭ.
ھەجر ئاشىم، غەم قۇياشىم مۇنىسىمدۇر دەردى ئىشق،
ھەسرەتۇ خۇنى جىگەردۇر بادەئى نابىم مېنىڭ.
ئىشق كەلدى، كەتتى ئەقلىم، قاچتى مەندىن جۇملە ئەل،
يوقدۇرۇر دەرد ئايتقۇدەك بىر يار ئەھبابىم مېنىڭ.
دىلدە دەردىم، ئاھى سەردىم، رويى زەردىمنى كۆرۈپ،
رەھم قىل، ئەي نازەنىن، چەشمى شەكەر خابىم مېنىڭ.
ئۆلگۈچە بولدى ھۇۋەيدا دەرماڭا ئۇيقۇ ھارام،
بولمىغاي كۆرمەي سىنى ئارام ئىلە خابىم مېنىڭ.

× ×

مەن بولۇرمەن رۇزئىيد ھەيرانى رۇخسارىڭ سېنىڭ،
جان فىدا قىلماسمۇ ئاشىق كۆرسە دىيدارىڭ سېنىڭ.
كاكۇلىڭ بىر تارەسى ئەقلىمنى ئالدى چىرماشىپ،
دىنۇدىل بەرباد قىلدى زۇلفى زۇننارىڭ سېنىڭ.
جىلۋە بىرلە ناز ئەيلەپ تولغانىپ قىلساڭ سەلام،
ۋەھ مېنى دىۋانە قىلدى قەددۇ رەفتارىڭ سېنىڭ.
ئوسمەۋۇ ئەڭلىك ئۇپا قويماق نە ھاجەتدۇر ساڭا،
ئافتابۇ مەھ ئەممەسمۇ ئەكسى رۇخسارىڭ سېنىڭ.
قامەتىڭنى ئايتسالار چۇن تۇبىدۇر يا سەرۋ دەپ،
ئۇشبۇ سۆزدىن، ئەي سەنەم، كەلمەسمۇدۇر ئارىڭ سېنىڭ؟
بول ھۇۋەيدا ئايتەدۇر سەندەك گۇلى بىخارىنى،
تاپمىدىم ئەسلا قىلىپ مەن سەيرى گۇلزارىڭ سېنىڭ.

× ×

گۇنبەزى دەۋۋار ئىچىندە ئۆرگۈلۈر باشىم مېنىڭ،
يار ۋەسلىغە يېتەلمەي تۆكۈلۈر ياشىم مېنىڭ.
يۇرەمەن گىريانۇ نالان دەر بەدەر دىۋانەدەك،
ھېچ ھالىم سورمادى يارى قارا قاشىم مېنىڭ.
بارچە بىلدى ھالى دەردىم، بىلمەدىڭ ھالىمنى ھېچ،
سورمادىڭ ئايا نېچۈك سەن دەپ باغىر تاشىم مېنىڭ.
سەدقەئى دەردىڭ قىلۇرمەن دۇنيانى ئەيشى خۇشىن،
ئەيش ئېرۇر خابۇ خەيال دەرد يولداشىم مېنىڭ.
بۇ غەرىبلىق شەھرىدە مۇھتاج ئەمەسمەن خۇشىغە،
كۆلفەتىڭ بولدى ئاغا، دەردىڭ قېرىنداشىم مېنىڭ.
قاي كۈنى بەردى كۆڭۈل ساڭا ھۇۋەيدا، ئەي پەرى،
ھېچ فارىغ بولمىدى غەمدىن غەرىب باشىم مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

فىراقىڭ دەشتىدىن كەلدىم نىگارا قەترە سۇ بەرسەڭ،
نە بولغاي تەشنەغە ئابى زىلالىڭدىن بەھەم كۆرسەڭ.
غەرىبۇ خاكسارۇ بىنەۋا مىسكىن گەدادۇرمەن،
سەۋاب ئېرمەسمىدۇر مەيگۈن لەبىڭدىن جۇرئەئى بەرسەڭ.
قىزىل گۈلدەك يۈرەكىم ھەر تەرەپ سەد پارەلەر بولدى،
قاشىڭ قاقىپ، كۈلۈپ باقىپ، چەمەندە غۇنچەدەك كۈلسەڭ.
غەرىبنى كۆڭلىنى بۇزماق گۇناھى بىتەدەد ئېرمىش،
كەفارەت بولمىغاي يۈز كەئبەنى قاتىپ بەنا قىلساڭ.
ھۇۋەيدا، سەن گەدا بولساڭ، نىگارىڭ پادىشا بولسە،
يېتەرمۇ سەن فەلەكنى بامىغە يۈز نەردىبان قويساڭ.

× ×

داد ـ داد دەپ يىغلاسام كىمگە يېتەر دادىم مېنىڭ،
كىم ـ ئىشتكەي بۇ زەمانە ئاھۇ ـ فەريادىم مېنىڭ؟
ئۆمرى يەگلىغ تەشنەلەپ غەم چۆلىدە قالدىم ئازىپ،
ئۆت قولۇمدىن يولغە سال، ئەي سەرۋى، ئازادىم مېنىڭ.
بۇزدى كۆڭلۈم كىشۋەرىنى غارەت ئەيلەپ فەۋج ئىشق،
كەل ئەمرى مېھرىبانىم ئەيلە بۇنيادىم مېنىڭ.
تا جەمالىڭ كۆرمەگۈنچە، ئەي جەفاگەر دىلبەرىم،
شادلىقنى كۆرمەگەي بۇ تەبىئى ناشادىم مېنىڭ.
غەم بەيابانىدە كۆڭلۈم نەخلى ئېردى تەشنە لەب،
قىلمادىڭ ئەي بىمۇرۇۋۋەت خىزر ئابادىم مېنىڭ.
قويماغىل غەم ئىلكىدە دائىم ھۇۋەيدانى كەرۇ،
كەل قاشىمغە، قىل تەرەھھۇم ئەيلە ئازادىم مېنىڭ.

× ×

مەلاھەت باغىدە جانا لەبىڭ غۇنچە، يۈزۈڭدۇر گۈل،
بولۇپمەن ئاشىقى ھۆسنۈڭ، مەنى دىۋانەئى بۇلبۇل.
تەماشالار قىلىپ ھەردەم تەجەللىيۇ جامالىڭغە،
مىسالى مەست بۇلبۇلدەك قىلۇرمەن نالەئى غۇلغۇل.
مېنى بەختىم بېرىپ يارى چۇ بولسام ۋەسلىگە ۋاسىل،
قىلىپ خىزمەت ئىشىكىدە بولۇر ئېردىم ساڭا مەن قۇل.
قاراڭغۇچە قىلىپ جىلۋە ئەگەر شەمئى رۇخۇڭ يانسە،
قىلۇر ئېردىم ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈپ پەرۋانە يەگلىغ كۆل.
كىشى جانانە دەپ جاندىن گۈزەر قىلسا نە ئېرمىش جان؟
ھۇۋەيدا، جان سۈچۈك دەپ ئايتماغىل جان بەرمەكىم مۈشكۈل.



# «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى

روبېرت دانكوف، جامىس كېللى

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئامىنە ئابدۇراخمان

«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1982-يىلى ئامېرىكىدا هارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

بۇ نەشرىنىڭ تىتول بېتى تۆۋەندىكىچە:

شەرق تىللىرى ۋە ئەدەبىياتلىرىنىڭ مەنبەلىرى، 7. نەشر قىلغۇچى شىناسى تېكىن، گۆنۈل ئالپاي تېكىن. تۈركچە مەنبەلەر، مەھمۇد ئەلكاشغەرى «تۈرك دىئالېكتلىرى لۇغىتى» (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)، تەھلىل، تەنقىدىي تېكىست، ئىنگلىزچە تەرجىمە، ئىندېكسلەر روبېرت دانكوف، جامىس كېللىلەرنىڭ. I قىسىم (جىلد) بېسىلغان ئورۇن: هارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى مەتبەئەسى.

تۆۋەندە بىز «دىۋان»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە روبېرت دانكوف بىلەن جامىس كېللىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمىنىڭ مېنىڭ ياردىمىمدە ئامىنە ئابدۇراخمان تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى سەل قىسقارتىپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىمىز.

بۇ مۇقەددىمىدە «دىۋان» تەتقىقاتىدا كېيىنكى يىللاردا ئېرىشىلگەن بىرمۇنچە يېڭىلىقلار تونۇشتۇرۇلغان ۋە بىرمۇنچە يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كۆز قاراشلاردىن بەزىلىرىگە قوشۇلالمىساقمۇ، ئەمما تەنقىدىي تېكىست، دىۋاننىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى ۋە فونېتىك تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى بىرمۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنىڭ «دىۋان» تەتقىقاتىمىزغا مەلۇم يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. بۇ مۇقەددىمىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئىنگلىزچە نەشرىدە ئىشلىتىلگەن ترانسكرىپسىيە ئورنىغا «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئىشلىتىلگەن ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرىنى قوللاندۇق. ترانسلىتېراتسىيە ئورنىغا «دىۋان» دىكى ئەسلى ئەرەبچە يېزىلىش شەكلىنى ئالدۇق.

ئىبراھىم مۇتىئى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## نەشرىيات مۇقەددىمىسى

### 1. يازما نۇسخا ھەققىدە ئىزاھات، ئىلگىرىكى نەشرلىرى ۋە لۇغەتلەر

بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر يازما نۇسخىسى ئىستانبولدىكى مىللەت گېنەل(باش) كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدۇر. (ئەلى ئەمىرى، ئەرەبچە №4189)، ئۇ كۆنچە قارا تېرە مۇقاۋىلىق بولۇپ، بۇ مۇقاۋا يىگىرمىنچى ئەسىرگە تەئەللۇقتۇر. قەغىزى شەرق ئۇسلۇبىدىكى قېلىن ئاق-سېرىق قەغەز بولۇپ، بەزى يەرلىرى نەملىك ۋە ئوكسىدلىنىش نەتىجىسىدە سۇس جىگەرەڭ بولۇپ قالغان. بەزى ۋاراقلىرىنىڭ كېسىلگەن ۋە يىرتىلغان جايلىرىغا تار قەغەز پارچىلىرى چاپلىنىپ تۈزىتىلگەن. بەزى بەتلەرنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن جايلىرى باشقا بەتلەرگە تەڭ قىلىپ قاتلاپ قويۇلغان. بەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى 239 × 165 مىللىمېتىر؛ ھەر بىر بەتنىڭ خەت يېزىلغان قىسمىنىڭ كۆلىمى 175 × 115 مىللىمېتىر، ھەر بىر بەتكە 17 قۇر خەت يېزىلغان. پۈتۈن تېكىست روشەن ۋە ئېنىق خەتتى نەسخ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ھەممە ھەرپلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان دىئاكرىتىك بەلگىلەر (ھەرىكىلەر) قويۇلغان. تولۇق ئاساس بىلەن شۇنى ئېيتالايمىزكى، بۇ ھەرىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋە بىر قىسىم تۈزىتىشلەر كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغان. ۋاراقنىڭ چېتىگە ۋە قۇر ئارىلىرىغا يېزىلغان تۈزىتىشلەر كېيىنكى ئادەملەرنىڭ قەلىمىگە خاستۇر. تىتولدا خېلى ئۇزۇن بىر ئىزاھات بولۇپ، ئۇ گەرچە ئەسلى تېكىست بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئەمما ئەسلى تېكىستكە ئوخشاش قەلەم بىلەن يېزىلغان. كىتابنىڭ خاتىمىسىدە ئاپتور بۇ ئەسەر ھ466/م1074-يىلى يېزىلدى (بۇ ھ469/م1077-يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك) دەپ يېزىپ قويغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان قول يازما ھ664/م1266-يىلى ئاپتورنىڭ ئۆز قول يازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن. پۈتۈن قول يازما 319 ۋاراق، 638 بەتتۇر. بەت نومۇرى XX ئەسىرگە تەئەللۇق. يازما نۇسخىنى تۈپلىگەندە 463—464-بەتلەر بىلەن 477—478-بەتلەردىن ئىبارەت ئىككى ۋاراق باشقا ئورۇنغا تۈپلىنىپ قالغان.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى نەشرى كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان (بىرىنچى نەشرى 1917—1919-يىللىرى نەشردىن چىققان). بۇنىڭغا ھېچقانداق تەقرىز ياكى ئىزاھات بېرىلمىگەن.

كارل بروكېلماننىڭ سۆزلۈكى( MPW 1928-يىل). كارل بروكېلمان ئەسلى يازما نۇسخىنى كۆرەلمىگەچكە بۇ سۆزلۈكنى پۈتۈنلەي دىۋاننىڭ (ئەرەبچە) بىرىنچى نەشرىگە ئاساسلىنىپ تۈزۈپ چىققان. شۇڭا ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق خاتالىقلىرىدىن باشقا يەنە بىرىنچى نەشرىدە كەتكەن ھەرپ خاتالىرىمۇ شۇ پېتى ساقلانغان.

بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن دىۋاننىڭ ئۈچ توملۇق تۈركچە تەرجىمىسى (تەرجىمە

1934–1941-يىلى)، بىر تولۇق فاكسىمىل نۇسخىسى (تىپىكباسمى 1942-يىل) ۋە ئىندېكسى (دىزىن 1943 يىل) نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دىۋان تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى. بېسىم ئاتالاي نەشرى دىۋاننىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خېلى تولۇق نەشرىدۇر. ئەمما بېسىم ئاتالاي بەزى چاغلاردا ۋە بىر-بىرىگە زىت ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ئەسلى نۇسخىغا مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئاددىيلا دىۋاننىڭ بىرىنچى (ئەرەبچە) نەشرىگە ئاساسلانغان. يازما نۇسخىنىڭ فاكسىمىل (سۈرەتكە ئېلىپ بېسىلغان) نۇسخىسىنىڭ بىرمۇنچە جايلىرى ئوچۇق ئەمەس، ئاسان ئوقۇغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاراقنىڭ چېتىگە يېزىلغان ماتېرىياللار قىرقىپ تاشلانغان.

ئاتالاينىڭ ئەمگىكى دىۋاننىڭ ئەسلى يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ئەرەبچە ئىندېكس (دېلچىن 1957-يىل) بىلەن تولۇقلاندى. لېكىن ئۇنىڭدا تۈركى سۆزلەرنىڭ يېزىلىش فورمىسى (دىۋاننىڭ) ئەسلى نۇسخىسىغا ئوخشاش ئېلىنماي، (تۈركچە) تەرجىمە نۇسخىسىدىكىگە ئوخشاش ئېلىنغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىندېكس (دىزىن)دىمۇ سۆزلەر دىۋان تەرجىمىسىدىكىگە ئاساسەن ئېلىنغان. شۇڭا بۇلاردىن پايدىلانغاندا ئەسلى يازما نۇسخىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر.

مۇتەللىپوف تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان دىۋاننىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىگە كەلسەك، ناھايىتى روشەنكى ئۇ ئاساسەن بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن.

سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تۈركى سۆزلەر لۇغىتى» (ДТС 1969-يىل) دىۋاندىكى ھەممە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنىڭ كۆپچىلىكى دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىن ئېلىنغان. ئەلۋەتتە، ئايرىم جايلاردا مۇنداق نەقىللەرنىڭ ئەسلى يازما نۇسخىدىن ئېلىنغانلىرىمۇ بار. بۇ لۇغەت ئاساسەن بىر توپلامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار پۈتۈنلەي دېگۈدەك دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە ئاساسلانغان.

لېكىن، گ. كلاۋسوننىڭ لۇغىتى (ED 1972-يىل)نى ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ لۇغەت بېسىم ئاتالاينىڭ ئەسەرلىرىدىن كېيىن دىۋان تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى مۇھىم تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كلاۋسون بۇ لۇغىتىدە دىۋاننىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىدىكى ئەسلى تېكىستىنى نەقىل كەلتۈرگەن (گەرچە بۇنىڭدا دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىكى توم ۋە بەتلەر كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ). بۇنىڭدا ئۇ ئومۇمەن ھەر بىر مۇھىم سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتنى ئەرەبچە پېتى تولۇق ئالىدۇ، بەزىدە باشقا مىساللارنى ياكى بۇ سۆزنىڭ دىۋاندا كۆرۈلىدىغان ھەممە شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ ئۆز ئەسىرىدە سۆزلەرنىڭ تارىخىي پرىنسىپ ئاساسىدىكى توغرا تەلەپپۇزىنى تىكلەشكە تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىروكىلمان سۆزلۈكى، دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ۋە قەدىمكى تۈركى سۆزلەر لۇغىتى (ATC) دىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئەمما

كلاۋسون بۇ جەھەتتە ئانچە ئىزچىل ئەمەس. ئۇ كۆپ چاغلاردا ئەرەبچە سۆزلەرنى خاتا نەقىل كەلتۈرىدۇ ۋە خاتا تەرجىمە قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كلاۋسون لۇغىتىنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، ئۇ دىۋاندىكى ھەممە لېكسىكولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى قاراپ ئۆتۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## 2. بۇ نەشرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرجىمە پرىنسىپى

تۆۋەندىكى پرىنسىپلار دىۋاننىڭ توغرا ۋە مۇكەممەل تېكىستى ۋە تەرجىمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، تەتقىق قىلغۇچىلارنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ئىشلەپ چىقىلدى.

(1) ئورىگىنالغا ئىمكان قەدەر يېقىن قىلىش، تەنقىدىي شەرھ بېرىش. ئەسلى يازما نۇسخىنىڭ ئەڭ ئوچۇق فاكسىمىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا دىۋاننىڭ توغرا تېكىستىنى تىكلەپ چىقىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا سۆزلەرنىڭ ئەسلى ئەرەبچە يېزىلىشىنى بېرىش زۆرۈر بولماي قالىدۇ. مۇنداق تەنقىدىي شەرھ تەرجىمىگە ھاشىيەدە بېرىلگەن ئىزاھاتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. دىۋاندىن كەلتۈرۈلگەن بارلىق نەقىللەر يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرى بىلەن كۆرسىتىلدى. ئىنگلىزچە تېكىستە بارلىق تۈركچە ماتېرىياللارنىڭ چوڭ ھەرپ بىلەن بېسىلغان ترانسلىتېراتسىيىسى ۋە كىچىك ھەرپ بىلەن بېسىلغان ترانسكرىپسىيىسى بېرىلدى. بۇنداق قىلىش ئەسلى ئورىگىنال بىلەن تەرجىمىنى سېلىشتۇرۇشقا ئوڭايلىق يارىتىدۇ. تۈركى سۆزلەرنىڭ تەبىرىنى بەرگەندە بىز ئەرەبچە تۈپ سۆز ۋە ئىبارىلەرنى① بەردۇق. بۇنداق قىلىش بىزنى تۈپ ئىندېكستا سۆزلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈش ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

① ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ھەرىكىسى ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى ئۆلچەملەرگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا «خاتا» ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇلار ئەرەبچە (تۈركچىگە قارىمۇ قارشى) لېكسىكوگرافىيىلىك ئىپتىدائى ماتېرىياللاردۇر. مەسىلەن: «ئەينۇلە»نىڭ ئەرەبچىسى «آجاش» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، ۋەھالەنكى، كلاسسىك ئەنئەنە بويىچە بۇ سۆز «اِجاش» دەپ ھەرىكىلىنىشى كېرەك ئىدى. تاۋۇزنىڭ ئەرەبچىسى دىۋاندا «بَطّخ» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، «بِطّخ» دېيىلمىگەن. قۇرۇق مېۋىنىڭ ئەرەبچىسى «فَلِيق» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، «فَلِيق» دېيىلمىگەن. تۆمۈرچىنىڭ بولقىسى دىۋاندا ئەرەبچە «فُطِّس» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، «فِطِّيس» دېيىلمىگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئەرەبچە سۆزلەردىكى ھەرىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەسلى كۆچۈرگۈچىنىڭ ياكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بولماستىن، بەلكى كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغاندۇر. بۇ ھەقتە «سىياھنىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قەلەم ئىزلىرى» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

(2) تۇركچە ماتېرىياللارنى ئېنىق تۇرغۇزۇشنىڭ ئۇسۇلى. دىۋاننىڭ بۇ نەشرىدە ئەسلى تېكىست ئۇستىدە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان مېتودولوگىيە پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىندى («سىياھنىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى»، «ئىملا خاتالىرى»، غەلىتە يېزىلغان سۆزلەر ۋە تېكىستقا كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىشلەر» دېگەن ماۋزۇلارغا قارالسۇن). مۇشۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلغاچقا، بىز نۇرغۇن كۆچۈرمە خاتالىرىنى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قەلىمىگە ئائىت خاتالىقلارنى تېپىپ چىقالىدۇق ۋە تۈزىتەلىدۇق.

(3) ۋاراقنىڭ چېتىدىكى ئىندېكىستىن پايدىلىنىش. بۇ ئۆز ئىچىگە: سۆزلەم قىلىپ ئېلىنغان سۆز (يەنى ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ تومۇرلىرى، بۇلار دىۋاندا ئىشلىتىلگەن سۆز تىزىش سىستېمىسى تەرتىپىدە بېرىلدى)، دىئالېكت ماتېرىياللىرى (بۇنداق ماتېرىياللار «D» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، گرامماتىكىلىق ماتېرىياللار (بۇلار «G» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، شېئىرلار (بۇلار «V» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، ماقال-تەمسىللەر (بۇلار «P» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، ناملار، بۇلار ئۆز ئىچىگە شەخس ناملىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارنىمۇ ئالىدۇ (بۇلار «N» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى.) مۇنداق ئىندېكس تۈزۈشتىن مەقسەت كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ھەر خىل مەخسۇس تېمىلار ۋە مەخسۇس ماتېرىياللارغا جەلىپ قىلىشتىن ئىبارەت. مۇنداق ماتېرىياللارنىڭ زور كۆپچىلىكى مەزكۇر ساھەلەرگە خاس ئىندېكسلاردا بېرىلگەن (مەسىلەن، دىئالېكتلار ئىندېكسى، (ناملار ئىندېكسى دېگەندەك.)

(4) ئىندېكس. ئاساسىي ئىندېكستا دىۋاندا ئۇچرايدىغان تۈركچە سۆزلەرنىڭ ھەممە شەكىللىرى بېرىلدى ۋە بىر تومۇردىن كەلگەن ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرى كۆرسىتىلدى. ناملار ئىندېكسىدا بارلىق سۆزلەر مەنە تۈرلىرى بويىچە گۇرۇپپىلاشتۇرۇلۇپ، سۆزلەرنى ئۇقۇملار بويىچە ئىزدەپ تېپىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇلدى. بۇلار خاس ئىسىملار، يەر ناملىرى ۋە ئەرەبچە نەقىللەر ئىندېكسلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىئالېكتلار ئىندېكسىغا دىۋاندا ئۇچرايدىغان ھەممە دىئالېكتلارغا ۋە سۆزلەرنىڭ دىئالېكتولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك ۋارىيانتلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلاندى، ماقال-تەمسىللەر ۋە شېئىرلارنىڭ گرامماتىكىلىق ئىندېكسى ۋە گرامماتىكىغا ئائىت بايانلاردا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋاندا بايان قىلغان ھەممە گرامماتىكىلىق ماتېرىياللىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. يازما نۇسخىدا يىغىنچاقلانغان بارلىق تۈركچە ماتېرىياللارغا ترانسلىتېراتسىيە (چوڭ ھەرپ بىلەن) ۋە ترانسكرىپسىيە (كىچىك ھەرپ بىلەن) بېرىلدى. ترانسلىتېراتسىيە ئەرەبچە ھەرپلەرنىڭ لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ھەرپمۇھەرپ كۆچۈرمىسىدىن ئىبارەت. ترانسكرىپسىيە بولسا مەھمۇد قەشقەرى تەسۋىرلەپ بەرگەن تىلنىڭ بىز تولۇق ئىشەنگەن فونېتىكا سىستېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا خۇددى بىز ئىملا قائىدىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇم چەكلىمىلەرمۇ بار (بۇ

هەقتە فونېتىكا ۋە |d, d̲| |ë| ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرگە قارالسۇن)① (بۇ ترانسكرىپسىيەدە)بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە خېلى زور دەرىجىدە تارىخىي پرىنسىپ ئاساس قىلىندى (يەنى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى تارىخىي پرىنسىپ بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى — ت)

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز يازما نۇسخىدا ئانا ھەرپلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن كۆرسىتىپ ئۆتتۇق (يەنى، سوزۇق تاۋۇش ئانا ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا، بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە سوزۇقلۇق ئالامىتى قىلىپ بىر سىزىقچە قوشۇۋالدۇق. بۇ ھەقتە فونېتىكا قىسمىغا قاراڭ.) لېكىن بۇ نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئۇزۇن سوزۇقلۇقنى كۆرسەتمەيدۇ، تەكىتلەشنى كۆرسەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. تېكىستتا قىسقارتىلغان ياكى قوشۇلغان سۆزلەرنى ترانسكرىپسىيەدە تىرناق ئىچىدە بەردۇق.

ئەسلى تېكىستتا (يازما نۇسخىدا) سۆزنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان تۇرغۇچ ئالامىتى (O) نى بىز ھەممە يەردە ساقلاپ قالدۇق. بۇ خىل تۇرغۇچ يالغۇز سۆز ۋە جۈملە ئاخىرىدىلا ئەمەس، باشقا جايلاردىمۇ كېلىدۇ. ئەرەبچىدە مىسال بىلەن ئىزاھلاشنى كۆرسىتىدىغان «يقال» (يۇقالۇ) سۆزىنى بىر قوش بايان ئالامىتى (:) بىلەن ئىپادىلىدۇق. ئەرەبچىدە شېئىرلارنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا ئىشلىتىلگەن «قال» (قالۇ) دېگەن سۆز ئورنىغا بىر V (شېئىر) دېگەن بەلگىنى قوللاندۇق.

بىزنىڭ بارلىق ئىنگلىزچە تەرجىمىمىز تۈركچىنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئەرەبچىنىڭ تەرجىمىسى. مەھمۇد قەشقەرى تۈركچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلغان جايلارنى بىز ئىنگلىزچىدە قوش تىرناق ئىچىدە بەردۇق. ئەگەر تەرجىمە تۈركچىنىڭ بىۋاسىتە تەرجىمىسى بولماي ئاپتور تەرىپىدىن قىلىنغان ئىلاۋە بولسا بىز بۇلارنى تىرناق ئىچىدە بەردۇق. قەشقەرى تەرجىمىدە قىسقارتىپ ئالغان ياكى تولۇق بەرمىگەن جايلارنى بىز تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغان بولساق ئۇنىمۇ تىرناق ئىچىدە بەردۇق②.

تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن ئىلاۋىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭكى، مەھمۇت قەشقەرى بەرگەن ئىزاھاتلارنىڭ ھەممىسىنى

---

① بۇ يەردە شۇنى ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، بىز بۇ جەھەتتە كىلاۋسون ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە زاكاۋىتىگە قايىلمىز. لېكىن، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بەزى مىساللاردا بىز كىلاۋسوننىڭ تەرجىمىسىگە مۇخالىپلىقمۇ قىلدۇق.

② بەزى سۆزلەردە مەھمۇد قەشقەرى تۈركچە سۆزنى ئەرەبچە سۆز بىلەن ئىزاھلاپ، ئاندىن بۇ ئەرەبچە سۆزگە تەبىر بېرىپ، بۇ ئىزاھنى «وَهُوَ» (ۋەھۇۋە) سۆزى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللاردا بىز بىرىنچى ئىزاھاتنى ئاساسىي ئىزاھات قىلىپ، ئاندىن ئاپتور بەرگەن تەبىرنى بەردۇق. مەسىلەن: 33-بەتتىكى «irk» دېگەن سۆزگە ««الضان»» دەپ مەنە بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا «تۆرت ياشلىق قوي» دەپ تەبىر بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەرەبچە تولۇق تەبىر «الضّان من الغَنم وهُو اذا طعَن في الرّابعة» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

بىز قىسقارتمىدۇق. تىرناق ئىچىدە قوش تىرناققا ئېلىپ قويۇلغان گۇمان ئالامىتى بىز تەرەپتىن قويۇلغان. بۇ ئالامەت تۈركچە سۆزنىڭ تەلەپپۇزى، مەنىسى ياكى ئەرەبچە سۆزنىڭ مەفھۇمى ھەققىدىكى گۇمانىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

دىۋاننىڭ باشقا قىسىملىرىدىكى ئېچكى ئىزاھاتلار تىرناق ئىچىدە بېرىلىپ، بەتنىڭ چېتىدە بېرىلگەن ئاساسىي ئىندېكسقا دەسلەپ ئۇچرىغاندىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

ھاشىيە ئىزاھاتلىرىنىڭ نومۇرى يازما نۇسخىنىڭ ھەر بىر بېتى ئۈچۈن يېڭىدىن باشلىنىدۇ. ھاشىيە ئىزاھاتلىرى ئۆز ئىچىگە ئەرەبچە تېكىستتا بېرىلگەن تەقرىز خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى، بەزىدە تەقرىز خاراكتېرىدىكى ئەسلەتمىلەرنى ئالىدۇ.

يازما نۇسخىنىڭ ھەر بىر يېڭى بېتىنىڭ مەزمۇنى باشلانغاندا، مۇناسىۋەتلىك توم ۋە ئۇنىڭ فاكسىمىل نۇسخا ۋە تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى بەت نومۇرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

«تۈرك» («turk») سۆزى «تۈرك» («türk») شەكلىدە يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ (ئوغۇزتۈركمەنلەرگە قارىمۇقارشى قويۇلغان) مەلۇم دىئالېكتلار گۇرۇپپىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىپادىلەندۈرۈلدى.

قۇرئان (قىسقارتىپ Q بىلەن ئېلىنىدى) دىن ئېلىنغان تەرجىمىلەر ئا.ج ئاربېرىنىڭ قۇرئان تەرجىمىسى (نيۇيورك، 1955-يىل) دىن ئېلىندى.

3. ئۇمۇمىي مەلۇمات: ئاپتور، تىتول، مۇندەرىجە. 1917-يىلدىن ئىلگىرى ئىستانبۇلدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىردىنبىر يازما نۇسخىسى دۇنياغا مەلۇم بولدى. «دىۋان» نەشر قىلىنىش نەتىجىسىدە ئىلىم دۇنياسى ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۇنياسى ھەققىدە ناھايىتى مول تىل ۋە ئېتنوگرافىيە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن قىلىندى①.

«دىۋان» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد ئىبن ھۈسەيىن ئىبن مۇھەممەت بولۇپ، «قەشقەرى» (الكاشغرى)② دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر. ئۇ XI ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا... دۇنياغا كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرى شۇ دەۋردە مەركىزىي ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمران بولغان قاراخانىلار

① كلىملى رىففەت 1945-يىلى «يېڭى ساباھ» گېزىتىدە (9-ئاينىڭ 30-كۈنى، 10-ئاينىڭ 4، 7، 11، 14، 18-كۈنلىرىدىكى سانلىرىدا) ئەمرى ئەپەندىنىڭ «دىۋان» يازما نۇسخىسىنى قانداق سېتىپ ئالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى قانداق نەشر قىلدۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن، بۇ مەلۇمات م. شاكىر ئۇلكۈ تاشىرنىڭ «قەشقەرى مەھمۇد» ناملىق ئەسىرىنىڭ (ئىستانبۇل، 1946) 39 — 62-بەتلىرىدە تولۇق تېكىستى بىلەن بېرىلگەن.

② ئاپتورنىڭ نامى دىۋاندا قانچە قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا ناملار ئىندېكسىغا (XI قىسىم) قارالسۇن. الكاشغرى دېگەن تەخەللۇس دىۋاننىڭ تىتول بېتىدىلا ئۇچرايدۇ...... ئاپتورنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئومېليان پرىتساكنىڭ تۈركىيات مەجمۇئەسىنىڭ X سان (1953/1951) 243 — 246-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر؟» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

سۇلالىسى جەمەتىگە مەنسۇپ①.

قەشقەرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇزۇن يىل كېزىپ يۈرگەن، خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياغ كېزىپ» چىققان، «ئۇلارنىڭ شېۋىلىرى ۋە قاپىيىلىرىنى» ئۆگەنگەن. (يازما نۇسخا 3-بەت). قەشقەرى كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتى بويىچە يۈكسەك تەلىم ئالغان ئېسىلزادە مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئۆز يۇرتىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ۋە سارايلاردىكى ئىسلام ئەنئەنىلىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەردە كېيىنكىلەرنىڭ (ئەرەبلەرنىڭ) تىلى بىلەن ئاۋۋالقىلارنى (تۈركىي خەلقلەرنى) چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا بارغاندا تۈركلەر ئىسلام دۇنياسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بىر تەبىقىگە ئايلانغانىدى. بۇ دەۋر خۇددى قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك «تەڭرى دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغان ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەنگەن» دەۋر ئىدى (يازما نۇسخا 2-بەت). «دىۋان» خەلىپە ئەلمۇقتەدى (1075 — 1094) گە تەقدىم قىلىنغاچقا ئۇنىڭ (ئاپتورنىڭ) بىۋاسىتە مەقسىتى باغداتتىكى ئاببا[illegible]سىغا تۈرك تىلىنى، شۇ جۈملىدىن سەلجۇقىي فېئوداللىرىنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش بولسا كېرەك.

كىتابقا نام قىلىپ ئېلىنغان «دىۋان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشىسى «ئېنسىكلوپېدىيىلىك سۆزلۈك» دەپ چۈشەنسە ئوبدان بولار. ئالدى بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكتولوگىيە ۋە لۇغەتشۇناسلىق قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭغا يەنە بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسى ئىلاۋە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى دىئالېكت گۇرۇپپىلىرىنىڭ① جۇغراپىيىۋى ئورنى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. «دىۋان» تېكىستىنىڭ زور كۆپچىلىكى لۇغەتتۇر. ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ نەمۇنە سىستېمىسىدىن تەركىب تاپقان. «دىۋان» ئۆز دەۋرىدىكى ناھايىتى زور بىر ئەرەب تىلى لۇغىتىنى ئۈلگە قىلىپ تۈزۈلگەن. ئاپتور ئۆزى تەسۋىرلىگەن تىلنى «تۈركىي» دەپ ئاتايدۇ (بۇ كىتابتا بىز بۇنى «تۈركىي» دەپ تەرجىمە قىلدۇق). ئۇنىڭدا ئاساسەن قارا خانىلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى چىگىل قەبىلىسىنىڭ تىلى ئاساس قىلىپ ئېلىنغان.

① بۇ ھەقتە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (يېڭى نەشرى) دىكى «ئىلەك خانلار» (بوسۋورتېس)، «الكاشغرى» (ھازاي) دېگەن ماددىلارغا قارالسۇن.

② مۇقەددىمىسىنىڭ كۆپ قىسمى كارل بروكېلمان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «كوما ئارخىۋم» ژۇرنىلى I-I (1921-يىل) 26 — 40-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «مەھمۇد ئەلكاشغەرى XI ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ تىلى ۋە ئەنئەنىلىرى توغرىسىدا» دېگەندىن ئىبارەت. خەرىتە يازما نۇسخىنىڭ 22 — 23-بەتلىرىگە قىستۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئا. ھېرمانىنىڭ «تۈركچە دۇنيا خەرىتىسى (1076-يىللىرىدىكى) توغرىسىدا» نامىدا «ئىماگو مۇندى» دېگەن مەجمۇئەنىڭ 21 — 28-بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىغا (1935-يىل) قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەزى سۆزلەرگە «خاقانىيە»① تىلى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ «قاراخانىلار ئوردىسى»غا خاس سۆزلەر دېگەنلىك بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك باشقا دىئالېكت گۇرۇپپىلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئىبارىلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. بولۇپمۇ قەشقەرى ئىككى مۇھىم دىئالېكتلار گۇرۇپپىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇلار «تۈركلەر» (بۇ ئۆز ئىچىگە چىگىل، توخسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئالىدۇ) ۋە «تۈركمەنلەر» ياكى «ئوغۇزلار» (بۇنى ئوغۇزىيە دەپ ئاتايدۇ. قىپچاق ۋە باشقا قەبىلىلەرمۇ كۆپىنچە مۇشۇ تۈركۈمگە كىرگۈزۈلىدۇ). كېيىنكىلەر ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بولغان قىنىقلارغا كىرىدىغان سەلجۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، قەشقەرى قەبىلىلەرنىڭ تەركىبى ھەققىدە بەرگەن كۆپچىلىك ماتېرىياللار ئاساسەن ئوغۇز قەبىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قەشقەرى يەنە نۇرغۇن جۈملىلەر، ماقال-تەمسىللەر ۋە شېئىر-بېيىتلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇلارنى سۆزلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان، بۇنىڭدا ئۇ ئەرەب لۇغەتشۇناسلىرىنى② ئۈلگە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈشتە ئالاھىدە بىر يول تۇتقان. يەنى بىر خىل قوشۇمچىلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنى بىر يەردە بەرگەن. بۇ ھال قەشقەرىگە كىتابىنىڭ مەلۇم جايلىرىنى گىراماتىك بولۇپمۇ مورفولوگىيىلىك ئىزاھاتلار بىلەن بېزەشكە ئىمكانىيەت ياراتقان. بۇنىڭدا بولۇپمۇ دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى I-جىلدنىڭ 4-قىسمى (يازما نۇسخا 279 — 304-بەتلەر) دا ئۇزۇندىن ئۇزۇن بايان قىلىنغان پېئىللار سىستېمىسى ھې-

① بۇ ھەقتە كارل بىروكېلماننىڭ «Donum Natalicum Schrijnen» ژۇرنىلىدىكى «Hof Sprache in Altturkistan» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىغا قاراڭ، (1929-يىل 7-222-بەتلەردە.

② بۇ يەردە ئەرەب لۇغەتشۇناسلىرى دائىم ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بېدۇئىنلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلەن باشقا قەبىلە سۆزلىرىنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەرەب تىلشۇناسلىرى بولۇپمۇ قەدىمكى شېئىرلارنى ئىزاھلىغاندا مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پ. فوچېكنىڭ ئارابىيە، ئۈچىنچى توم، Din, zu (پارىژ 1955-يىل) 46-بەتكە قاراڭ.

دىۋاندىكى شېئىرلار توغرىسىدا كارل بىروكېلماننىڭ «Altturk estanische Volkspoesie» ماۋزۇلۇق ماقالىسىغا قاراڭ. بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى قىسمى Asia Major, Probeband (ھىرىسنىڭ تۇغۇلغان يىلى خاتىرىسىگە بېغىشلانغان سان 1923-يىل) 1-22-بەتلەردە، 2-قىسمى I. Asia Mjor (1924-يىل) 22 — 44-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئى. ۋ. ستېبلېۋانىڭ «XI ئەسىردىكى تۈركى شېئىر فورمىلىرىنىڭ تەرەققىياتى» (موسكۋا 1971-يىل) دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ. ماقال-تەمسىللەر توغرىسىدا كارل بىروكېلماننىڭ «Altturkstanische Volks Weisheit» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.

«Ostasiatische Zeitschrift» ژۇرنىلى VIII، (1920-يىل) 50 — 73-بەتلەر ۋە ف. بىرتەكىننىڭ «ئېسكى تۈرك ساۋلارى» (قەدىمكى تۈرك ماقال-تەمسىللىرى) دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ. ئەنقەرە (1944-يىل).

سابلىندۇ①. مۇقەددىمە قىسمىدىكى دىئالېكت ماتېرىياللىرى، لۇغەتنىڭ ئۆزى ۋە گرامماتىكا ھەققىدىكى قوشۇمچە ماتېرىياللار، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار بىزگە XI ئەسىردىكى تۈركى قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

دىۋاندىكى تىلغا ئائىت بولمىغان ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئېتنوگرافىيە ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ماتېرىياللار بەك مۇھىم. مەسىلەن، ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى ھەققىدىكى بايانلار (يازما نۇسخا 40 — 41 - بەتلەر) ۋە 12 مۇچەل كالېندارى توغرىسىدىكى مەخسۇس بايانلار (يازما نۇسخا 173 — 175 - بەتلەرگە قاراڭ)، ئېغىز ئېتىمولوگىيىسىگە ئائىت مۇھىم ئاتالغۇلارنى شەرھلەيدىغان ماتېرىياللار ئەنە شۇنداق. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىگە ئائىت داستانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك (بۇ ھەقتە يازما نۇسخىنىڭ 622 — 625 - بەتلىرىدە «تۈركمەن» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن). بۇنىڭدىن باشقا يەنە جەمئىيەت [illegible]لى ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسىغا ئائىت ماتېرىياللار، دورىگەرلىك رېتسېپلىرى، خەلق تېبابىتىگە ئائىت مەلۇماتلار، ئاۋام ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرگە تەئەللۇق مەلۇماتلار بار③.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۇنياسى ھەققىدىكى بۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدىكى «بىۋاسىتە كۆزەتكۈچى» بىر مۇتەخەسسىس تەرىپىدىن توپلانغان. بۇ مۇتەخەسسىس ئۆلارنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەگى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىگە ئىشىنىپ، تۈرك بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرك قېرىنداشلىرىنىڭ تىلى ۋە ئەنئەنىلىرىنى چۈشىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ توپلىغان. خۇددى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىكى ئەرەب فىلولوگلىرىغا ئوخشاش مەھمۇت قەشقەرى تۈركلەرنىڭ تىلى، شەجەرىسى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە بايان قىلىشتا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

① بۇ قىسىم كارل بروكېلماننىڭ «Kelere Szemle» مەجمۇئەسىنىڭ XVIII سانىدا (1918 — 1919 - يىل) 29 — 49 - بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «مەھمۇد قەشقەرى تۈركچە پېئىللار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان. قەشقەرى (يازما نۇسخا 18 - بەتتە) ئۆزىنىڭ «كتاب جواهرالنحوفى لغات الترك» (تۈركى تىللار گرامماتىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) دېگەن كىتابىنىمۇ يازغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

② ر. دانكوۋنىڭ «Humaniora Islami» مەجمۇئەسىنىڭ I (1973 - يىل) 233 — 44 - بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركتىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن رىۋايىتى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن.

③ بۇ ھەقتىمۇ ر. دانكوۋنىڭ «ئوسمانلى تارىخى» نىڭ IV تومى (1972 - يىل) 23 — 43 - بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «قەشقەرى تۈركلەرنىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. يەنە شۇ ئاپتورنىڭ JAOS نىڭ 95.1 سانىدا (1975) 68 — 80 - بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «قەشقەرى دىنىي ئېتىقاد ۋە خۇراپىي كۆزقاراشلار ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن.

## 4. ئەسەرنىڭ يېزىلىش ۋاقتى

قەشقەرى دىۋاندا تۆۋەندىكى تۆت ئورۇندا يېزىلىش ۋاقتى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ ئۆتىدۇ:

(1) خەلىفە ئەلمۇقتەدىرغا تەقدىم قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن (يازما نۇسخا 3-بەت). ئىسلام مەنبەلىرىدىن بىزگە مەلۇمكى، ئەلمۇقتەدى ھىجرى 467-يىلى شەئبانىنىڭ 13-كۈنى (مىلادى 1075-يىل، ئاپرېل) تەختكە ئولتۇرۇپ، 487-يىل، مۇھەررەم (1094-يىلى فېۋرال) دا ۋاپات بولغان.

(2) كالېندار (تەقۋىم) ھەققىدىكى مۇھاكىمىدە «بارس» دېگەن سۆزلەمىگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قاراڭ. (يازما نۇسخا 174-بەتنىڭ ئاخىرىدا): «بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز تۆتيۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى (بۇ مىلادى 1073-يىلى سېنتەبىر-ئۆكتەبىر ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ) بولۇپ، يىلان يىلى كىرگەنىدى. بۇ يىل ئۆتۈپ تۆتيۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلغا (ۋاراقنىڭ چېتىگە باشقا بىر ئادەم 67 دەپ تۈزىتىپ قويغان) قەدەم قويغاندا، ئات يىلى كىرگەنىدى.»

(3) 513-بەتتىكى «نەك» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىمىز (تۆتيۈز) ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى — نەك يىلىدۇر.» دېيىلگەن (بۇ يىل نەك ياكى يىلان يىلى بولىدۇ).

(4) خاتىمە قىسمىدا (يازما نۇسخا 638-بەتنىڭ تۆتىنچى قىسمىدا «كىتابنى 464-يىلى جۇمادەل ئۇۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن (بۇ 1072-يىلى يانۋارنىڭ 25-كۈنى چارشەنبىگە توغرا كېلىدۇ) تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ، 466-يىلى جۇمادەل ئاخىرنىڭ 10-كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم. (بۇ 1074-يىلى 10-فېۋرالغا توغرا كېلىدۇ)».

بۇنىڭ 2-ماددىسىدىكى زىددىيەتنى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى (توغان) ھەل قىلدى①. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە يىلان يىلى ئەمەلدە 464-يىلى باشلىنىدۇ. ئات يىلى 470-يىلىدۇر. بۇنداق بولغاندا «466» دېگەن رەقەم 469 نىڭ خاتا يېزىلغانلىقىدۇر. 469-يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى، مىلادى 1076-يىلنىڭ 8-، 9-ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ۋاراقنىڭ چېتىدىكى ئاتالمىش تۈزىتىش، يەنى 69 نى 70 دەپ تۈزىتىش، بىرىنچى خاتالىق ئاساسىدا قىلىنغان مېخانىك «تۈزىتىش» بولۇپ، بۇ خاتا.

ئۆيس بازىن توغان ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ھەققىدە بەك ماھىرانە بىر شەرھىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى②. بازىننىڭ ئېيتىشىچە، «466 مۇھەررەم» دىۋاننىڭ دەسلەپ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ بىر ئىزى ئىكەن، 466-يىلى مۇھەررەم خۇددى يۇقىرىدا 4-ماددىدا كەلتۈرۈلگەن

① ئە. ۋەلىدى (توغان) نىڭ «ئاتىمىز» مەجمۇئەسىنىڭ 16-سانىدا 1932-يىلى 77-، 78-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ.

② بازىن «قەشقەرى دىۋانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا» «Acta orientalia» مەجمۇئەسى، ۋېنگرىيە 7 (1957-يىل) 21-، 25-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

«خاتىمە» دىمۇ بار. بازىن «466» بىلەن
«469- يىللار» دىۋانىنىڭ قەشقەرى
تەرىپىدىن تۆت قېتىم يېزىشىنىڭ ئاۋۋال-
قى ئۈچىنچى قېتىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ،
شۇڭا بۇ يەردە دېيىلگەن «466» يىل
دىۋان ئەمەلدە تاماملانغان 476 نىڭ
كۆچۈرمە خاتالىقى بولسا كېرەك. بۇ ھەق-
تە بازىننىڭ ئۇقتۇرمىنەزەرى تۈۋەندىكى-
لەردىن ئىبارەت: 466- يىلىنىڭ دىۋاننى
يېزىپ تاماملىغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
مۇددىتى بولالماسلىقىنىڭ ئىككى سەۋەبى
بار: بىرىنچىدىن، بۇ ۋاقىت چوقۇم 469-
يىلدىن كېيىن بولىدۇ. چۈنكى بۇ يىل
دىۋاننىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ تىلغا ئېلى-
نىدۇ. ئاپتور بۇ كىتابىنى مۇشۇ يىلى
يازغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ (يۇقىرىقى
2-، 3- نۇقتىلار) ئىككىنچىدىن، ۋاقىت
(تاماملانغان ۋاقىت) چوقۇم 467- يىلدىن
كېيىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى 467- يى-
لى مۇقتەدى تەختكە چىققان (يۇقىرىقى
بىرىنچى نۇقتىغا قاراڭ). 466- يىلى
يىلان يىلى بولغانلىقتىنلا خاتىمىدىكى
469 - يىلىنىڭ كۆچۈرمە خاتالىقى بولالا-
مايدۇ. قەشقەرى كىتابىنى 469- يىلىدىن
ئىلگىرى يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى-
ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ ئەسەرنى رەجەب
ئېيىغا كەلگەندىلا يېزىشقا باشلىغان. ①
بازىننىڭ خاتىمەدىكى 466- يىلىنى

476- يىل دەپ تۈزەتكىنىمىز [illegible] قى-
لىشقا بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئاي [illegible]-
لەر بايان قىلىنغان جۈملە مۇنداق ئو-
قۇلغان (638:15): «يوم الاثنين العاشرمن
جمادى الاخرة سنة ستة و سبعين». بازىن
بۇنىڭ مەنىسى «466- يىلىنىڭ
12- جۇمادەل - ئاخىرە دېگەندىن ئىبارەت-
لىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ بۇنى «يوم
الاثنين العاشرمن....» دەپ ئوقۇش لازىم
دەپ قارايدۇ. بۇ گەپ بويىچە بۇنىڭدىكى
« يوم الاثنين» نى پەقەت دۈشەنبە دەپ
ئوقۇشلا مۇمكىن. «العاشر» 10- كۈنى
دېگەن بولىدۇ. خورونولوگىيىلىك كالېن-
دار جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك 10-
جۇمادەل - ئاخىرە 466 - ۋە 469- يىل-
لارنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىكەن. (474، 477،
482 - يىللاردىمۇ شۇنداق) ئەمما 476-
يىلى بۇ كۈن چارشەنبە ئىكەن.
بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش
كېرەك، خاتىمەدىكى 466- يىل 469-
يىلىنىڭ كۆچۈرمە خاتاسىدۇر (تۆتىنچى
نۇقتىدا كۆرسىتىلگەندەك) ۋاقىت تەھلى-
لى بويىچە قارىغاندىمۇ 466- يىل 469-
يىلىنىڭ كۆچۈرمە خاتاسى (ئىككىنچى نۇق-
تىغا قاراڭ). 174:14-17 بەتلەردىكى
مۇجمەل ئىبارىلەرنى تۆۋەندىكىچە چۈشە-
نىش كېرەك: «بۇ كىتابىنى يېزىشقا كى-
رىشكەن ۋاقتىمىز 466 - يىلىنىڭ مۇھەر-

① بۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى كالېندارى ئاساس قىلىنغان. (ل. بازىننىڭ «ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى تۈرك كالېندارى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. «Lille» مەجمۇئەسى 1974 - يىل 554 - بەت) قەشقەرىنىڭ بۇ يىل بېشى نورۇزدىن باشلانغان دېگەن سۆزىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ئورنى يوق. (يازما نۇسخا 175- بەت نورۇز) ئۇ دەۋاتقان ۋاقىت 469- يىلى 15- شەئبان — 14- مارت بولسا كېرەك. ۋىستېنفلى - ماھلىر، 39- بەتتىكى ماتېرىيالغا ئاساسەن مۇلاھىزە قىلىغان (توغان 78 - بەتتە نورۇزنى = مارت، 22- مارت، يەنى 469 - يىلىنىڭ 23- شەئبانى دەپ خاتا قىلغان).

رەم ئېيى ئىدى. مۇشۇ يىل تۈگەپ 470 - يىلى باشلانغاندا يىلان يىلى باشلىنىدۇ» ئەسلى تېكىستنى مۇشۇنداق تۈزىتىپ ئوقۇساق ئەسلى - تېكىستتىكى زىددىيەت تولۇق ھەل بولىدۇ.①

بۇ مۇلاھىزىمىز توغرا بولغاندا دىۋاننىڭ خاتىمىدە كۆرسىتىلگەن يېزىلىپ بولغان ۋاقتىنى 469- يىلى جۇمادەل-ئاخىرەنىڭ 10 - كۈنى (1077- يىلى 1- يانۋار) دەپ تۈزەتكەن ياخشى.

| ھەپتىنىڭ كۈنلىرى | مىلادىيە | ھىجرىيە | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| چارشەنبە | 1072- يىلى 25- فېۋرال | 464 - يىل جۇمەدەل ئەۋۋەلنىڭ 1 - كۈنى | كىتاب يېزىشقا باشلىغان |
| | 1073- يىلى 14- مارت | 465 - يىلى 2 - رەجەب | كالا يىلى |
| | 1073- يىلى سېنتەبىر ئۆكتەبىر | 466 - يىلى مۇھەررەم | 469 - يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى |
| دۈشەنبە | 1074 - يىلى 2 - فېۋرال | 466 - يىلى جۇمەدەل - ئاخىرەنىڭ 10- كۈنى | بۇمۇ 469 - يىلنىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك |
| | 1075 - يىلى 4- ئاپرېل | 467- يىلى شەئبانىنىڭ 13 - كۈنى | ئەلمۇقتەدىنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى |
| | 1076- يىل 14- مارت | 468- يىلى شەئبانىڭ 5 - كۈنى | بۇ لەھەك يىلى |
| | 1077- يىلى 14- مارت | 469 - يىل شەئبانىڭ 15 - كۈنى | بۇ يىلان يىلى |
| | 1078- يىلى 14- مارت | 470 - يىلى شەئبانىڭ 26- كۈنى | بۇ ئات يىلى |
| | 1076- يىلى ئاۋغۇست - سېنتەبىر | 469 - يىلى مۇھەررەمگە توغرا كېلىدۇ | |
| دۈشەنبە | 1077 - يىلى 9- يانۋار | 469 - يىلى جۇمادەل - ئاخىرەنىڭ 10 - كۈنى | بۇ كۈننى ئاخىرقى تەھرىر كۈنى دېسەك بولىدۇ |

① شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك، ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسىدىكى «الكاشغري» دېگەن ماددىدا (گ. ھازاي IV توم 699 - بەت) خاتىمىدىكى يىل 1094/476(!) دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| چارشەنبە | 1083 - يىلى 25 - ئۆكتەبىر | 476 - يىلى جۇمەدەل - ئاخىرەنىڭ 10 - كۈنى | |
| جۈمە | 1083 - يىلى 27 - ئۆكتەبىر | 476 - يىلى جۇمادەل - ئاخىرەنىڭ 12 - كۈنى | بۇ بازىغىنىڭ كىتاب پۈتكەن يىل ھەققىدىكى پىكرى |

## 5. تىتول بەت

تىتول بېتىدىكى نەرسىلەرنىڭ (يازما نۇسخا 1 - بەت) ھېچ بىرسى قەشقەرىنىڭ ئەمەس، شۇڭا بىز ئۇنى ئاساسىي تېكىست تەرجىمىسى قاتارىغا كىرگۈزمىدۇق. ئەمما بۇ بەتتىكى ماتېرىياللار ئەسلى تېكىستىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقا نۇرغۇن پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. تا مۇشۇ كۈنگىچە بۇ ماتېرىيال ناتوغرا چۈشىنىلىپ كەلمەكتە، شۇڭا بۇ بەت ھەققىدە تەلتۆكۈس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ بەتنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى قۇرىدا ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە ئاپتورى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ تامامەن كۆچۈرگۈچىنىڭ قەلىمىدىن چىققان.

ئەسەر ماۋزۇسى بىرىنچى قۇردا بولۇپ بۇنىڭ تولۇق تېكىستى: «كتاب ديوان لغات الترك» دېگەندىن ئىبارەت.

ئىككىنچى قۇردا «تاليف محمود ابن الحسين ابن محمد الكشغرى رحمة الله» (مۇھەممەد ئوغلى ھۈسەيىنىنىڭ پەرزەنتى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

ئاندىن ئىككى قۇر بوش قالدۇرۇلۇپ 15 قۇرلۇق بىر ئۇزۇن تېكىست يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەتتىكى ئومۇمىي قۇرسانى 17 بولۇپ، باشقا بەتلەردىكى قۇر سانىغا تەڭلەشكەن.

قەلەم ئىزىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەر يازما نۇسخىنىڭ باشقا قىسىملىرىنى كۆچۈرگەن ئادەم قەلىمىدىن چىققان (پەرقى پەقەت ئىشلەتكەن قەلىمى سەل ئىنچىكىرەك). شۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، كۆچۈرگۈچى ياكى ئۇنىڭ ھامىيسى بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى پۈتۈن ئەسەرنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يازغان ۋە ئۇنىڭ ھەجمىنى قالغان بەتلەرنىڭ ھەجمىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈشكە تىرىشقان (بۇ بەتتىكى تېكىستنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تۆۋەندە توختىلىمىز).

بۇ بەتتە ئىككى جايدا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ۋاراق چېتىگە يېزىپ قويۇلغان سۆزلەر بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ۋاراقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇقتا، 2 - قۇر بىلەن 3 - قۇر ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى

مەزكۇر تېكىستنى ئىزاھلاشتىن ئىبارەت①. ئىككىنچىسى بەتنىڭ ئۈستىدىكى بوش جايدا بولۇپ، «(بۇ كىتاب) مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد كاتىپ دەرەييانىغا خاسدۇر، تەگرىم ئۇلار (ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن) نى ئەپۇ قىلغاي» دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت. ئاندىن بىر ئاز بوش جاي قالدۇرۇلۇپ «س» ھەرپى يېزىلغان (بۇ «سەنە» ـ يىل دېگەن سۆزگە ئىشارەت بولسا كېرەك). ناھايىتى روشەنكى بۇ كىتاب ساھىبىنىڭ كىتابقا ئىگىدارلىق قىلىش ئىمزاسىدۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ خېتى مەزكۇر بەتتىكى ئۇزۇن تېكىستنىڭ ۋە يازما نۇسخىنىڭ خېتىغا پۈتۈنلەي ئوخشمايدۇ (دىققەت: ئاخىرقى «ھ» ھەرپى الله شەكلىدە يېزىلغان)، كىتاب ساھىبىنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى يېنىغا «بالقاهرة» (قاھىرەدە) دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئاستىدا «سنة» («يىل») دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىسىغا 803 (بۇ مىلادى 1400 - 1401 يىلغا توغرا كېلىدۇ) دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ يەرگە بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە يېزىلمىغان، ئەگەر يېزىلغان بولسا، ئۇنى تونۇۋالغىلى بولاتتى.

كلىسلى رىفئەت (بىلگە): بۇ دەرەييانىنى مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ئىبنى سۇلايمان ئەلئەنسارى ئەددەمەشقى ئەددارانى، ھ 745-810 (م. 1344-1407) ② نىڭ نەق ئۆزىدۇر دەيدۇ.

بۇ پىكىر تامامەن توغرا.

رىفئەت يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇكى، بۇ دەرەييانى / دارانىنى تىتول بەتتىكى تېكىستنىڭ ئاپتورى دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق.

ئىتتور روسمۇ تىتول بەتتىكى بۇ تېكىست ھەققىدە بىر ماقالا يازغان. ③ بۇ ماقالىدە رىفئەتنىڭ تېكىست مەزمۇنى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى يەنە بىر

① بۇ ئۇزۇن تېكىست: «لاينبغي أن يعرج على من يقول ... «دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلانغان. مۇشۇ قۇرلارنىڭ چېتىگە يېزىلغان سۆز بولسا: «بمعنا لا ينبغي أن يعتمد على من يقول الى آخرة»، دېگەندىن ئىبارەت.

② «ديوان لغات الترك» نىڭ بېشىدىكى ماقالە، تۈركىيات مەجمۇئەسى VI (1936-39) 355-360. رىفئەت بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى ئەسئەد ئەفەندىنىڭ 2196 نومۇرلۇق 213 بەتلىك قول يازمىسىدىكى ئەبۇلئابباس مۇھەممەد ھىبەتۇللاھ ئەنتاقىنىڭ ھ 1200 (مىلادىيە 1785-1786-) يىلى يېزىلغان «ھەدىقەتۇر-رىياھىن» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئەسسەقاۋى (902/1496-1497) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى «ئەددەۋەللامى» (قاھىرە 1354—1935. VI توم 1031 № 310-312-بەتلەر) دىمۇ بۇ ئادەم ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. سەقاۋىنىڭ يېزىشىچە ئىبن كاتىپ دارراۋى بەك قابىل، ناتىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا بىر كىمايە سۆزلەپ قويۇپ دەمەشقتە تۇرالماي قېچىپ كەتكەن. كېيىن قاھىرەدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، سۇرىيىنىڭ بايىسان شەھرىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ھىجرىيە 811- يىلى (مىلادى 1408- يىلى) رەبىئۇل- ئەۋۋەل، سەفەر ئايلىرىدا ۋاپات بولغان.

③ «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» يازما نۇسخىسىدىكى بىر ئىلاۋە ھەققىدە»ج خرستوماتىيىسى» (پىراگا، ئانىر نەشرىياتى). 280—284- بەتلەر.

قەدەم ئىلگىرىلەپ تولۇقلىدى. ئۇ رىفئەتنىڭ بۇ سۆزلەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد دەرەبىيانى دېگەن كۆز قارىشىنى تامامەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە گەرچە مەن بۇ يەردىكى يىل، ئاي، كۈن ئاستىغا يېزىلغان ئىمزانى كۆرەلمىگەن بولساممۇ دەپ ئىلاۋە قىلىدۇ (بەللى!) بۇ سەۋەپ مەقىقەتەن توغرا، ئىمزا، يىل، ئاي، كۈنىنىڭ ئاستىدا ئەمەس بەلكى يۇقىرىدىكى ئاق جايدا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ يەردىكى تېكىست بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، بۇ ئەھۋالنى روسى 1924- يىلى يازما نۇسخىنى كۆرگەندە چوقۇم كۆرگەن، لېكىن 30 يىل ئۆتۈپ بۇ ماقالىنى يازغاندا بۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا رىفئەتنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندا ئۇ خاتا چۈشىنىپ قالغان.

رىفئەت بىلەن روسلار ئەرەبچە تېكىستنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن، بەزى جايلارنى سەل ئۆزگەرتكەن، بولۇپمۇ روسى بۇنىڭدا بەزى خاتالىقلارغا يول قويغان...

بىزگە مەلۇم بولغاندەك، روسمۇ رىفئەتكە ئوخشاش بۇ تېكىست تەخمىنەن ھىجرىيىە 803- يىل، (مىلادى 1400 - 1401- يىلى) قاھىرەدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىدۇ. بىز بولساق بۇ تېكىست ھىجرىيىە 644- يىلى (مىلادى 1265-1266 - يىلى) دەمەشقتە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇ تېكىست ئاساسىي تېكىستنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان (گەرچە مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر بولمىسىمۇ). بۇ كاتىپ ئۆز ئىسمىنى دىۋاننىڭ خاتىمە قىسمىغا يېزىپ قويغان (يازما نۇسخا 638- بەت). ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى، مۇھەممەد ئىبن ئەبى بەكر ئىبن [illegible] بولۇپ ئەسلى يۇرتى ساۋا، كېيىن دەمەشقتە ياشىغان. دىۋاننىڭ بىرىنچى ۋارىقى كۆپ قېتىم قول تەگكەن بولغاچقا بۇ تېكىستنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئۇپراپ تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. بىز بۇ يەردە ئەسلى تېكىستنى پۇختا كۆزدىتىش ئاساسىدا بۇ تېكىستقا ترانسكرىپسىيە بېرىپ (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئەسلىنى ئالدۇق — ت) قايتىدىن تەرجىمە قىلدۇق. چاسا تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جايلار ئوقۇغاندا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغان جايلاردۇر. بىزنىڭ كۆپچىلىك كۆز قاراشلىرىمىز كىلىسلى رىفئەت بىلەن ئوخشايدۇ.

لا ينبغى ان يعرج على من يأول ان هذا الكتاب بلغة التركمان فان هذا القائل غير عارف بلغة ولا بلغة التركمان أيضا والذى يدلك على جهله بالتركمانية هو ان يحضر من يعرف التركمانية و يقرا عليه من ألفاظه فان أنكرها وقال ليس هذا بكلامنا عرفت ان القائل انه بلغة التركمانية جاهل بالتركمانية على ان اللفظ القفجاقية اذا نطقت بها التركمان لا يخرجها ذلك عن كونه قفجاقية وقد وقع ذلك فى ألفاظ كثيرة استعملها التركمان والقفجاق [بصفة] واحدة واما ما يدل على جهله بالقفجاقية واشعارها وامثالها ان غالب من يجىء من تلك البلاد يجىء صغيرا ومعلوم ان الصغير لا يحيط بلغة قومه لا ولا الكبير ايضا لان رأينا كثيرا ممن يولد فى بلاد العرب و يشتغل بالعلم تمر عليه الألفاظ الكثيرة من العربية لا يعرف لها معنى حتى يتطلبه فى الكتب لا بل قد يسمع الحافظ من الكتاب العزيز [لا يعرف لها معنى] حتى يتطلبه فى الكتب ايضا ولعمرى اذا سالت كثيرا من المستعربين بل من الفقهاء عن قوله [عز وجل] فضحكت فبشرناها باسحاق وعن قوله عز وجل [sic] و تبنون بكل ريع اية تعبثون لايعلم [ان الضحك الحيض] وريع المكان المرتفع والاية

العلامة و امثال هذا كثير واذا كان التقصر ((التصر؟) قد وقع فى [معانى] الفاظ كتاب الله عز وجل مع ان الله تعالى حض على تدبره ومعرفته فما بالك بلغة قوم اخر [. . . ؟ (مع انى)] تاملت مصنفات كثيرة فى التركية مع علمى باللسان فلم ار اجمع منه ولا اكثر [ايقاس . . .] ولا يعرف قدره الا من كان متميزا فى لغة الترك. فرحمة الله [مألفه] و جاوزعنه.

يۇقىرىقى تېكستنىڭ تەرجىمىسى:

«بىز بۇ كىتاب (دىۋان) تۈركمەن تىلى ئاساسىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرگە قوشۇلمايمىز. تۈرك تىلىدىنمۇ، تۈركمەن تىلىدىنمۇ بىخەۋەر ئادەملەرلا شۇنداق دېيىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىز تۈركمەن تىلىدىن خەۋەردار بىر ئادەمگە بۇ كىتابتىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ بەرسەك، ئۇ ئادەم «بىز تۈركمەنلەر مۇنداق دېمەيمىز» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى سۆزنى قىلغۇچىلارنىڭ تۈركمەنلەرنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ چىقىدۇ.

بىر سۆزنىڭ تۈركمەنلەردىمۇ قىپچاق تىلىغا ئوخشاش ئىشلىتىلىشىگە قاراپلا ئۇ سۆزنى قىپچاقلارنىڭ سۆزى ئەمەس، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن سۆزلەر تۈركمەنچە بىلەن قىپچاقچىدە ئوخشاش شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ مەزكۇر ئادەمنىڭ قىپچاقلارنىڭ تىلى، شېئىر-بېيىتلىرى ۋە ماقال-تەمسىللىرىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئادەملەر بۇرۇنقى يۇرتلىرىدىن ياش ۋاقتىدا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ياش بىر ئادەمنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ تىلىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن، ئەمەلىيەتتە بەزى چوڭ ئادەملەرمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز دائىم شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرىمىزكى، ئەرەب ئەللىرىدىن كېلىپ مەخسۇس تىل بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرمۇنچە ئادەملەرمۇ بەزىدە ئۆزلىرى ئەزەلدىن چۈشەنمەيدىغان بەزى ئەرەبچە سۆزلەرگە دۇچ كەلگەندە مۇنداق سۆزلەرنى لۇغەتلەردىن ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۇلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى دائىم ئوقۇيدىغان قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئىبارىلەرنىمۇ چۈشەنمىگەنلىكىدىن لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، نۇرغۇن يەرلىك ئەرەبلەردىن ھەتتا ئالىملاردىن كالامۇللادىكى مۇنۇ بىر ئىبارىسىنى، يەنى «فضحكت فبشرناها باسحاق» (قۇرئان 11- سۈرە، 71/74 ئايەتلەر) دېگەن ئىبارىنى سورىساق، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ، بىز ئۇلارغا ئىسھاق ھەققىدە بىر سۈيۈنچە ئېيتقاندەك بولىمىز، ياكى: «اتبنون ريع اية تعبثون» (قۇرئان، 26- سۈرە، 128- ئايەت) «سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن- كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (ئېگىز بىنا) سالامسىلەر؟» دېگەن ئىبارىنى ئېيتساڭ كۈلكە ئاۋازى چىقمايدۇ، چۈنكى «ئەلھەيز» دېگەن سۆز «ھەيز» دېگەنلىك بولىدۇ، «رىيئىن» دېگەن سۆز «ئېگىز جاي» دېگەن بولىدۇ، «اية» دېگەننىڭ مەنىسى «بەلگە» دېگەن بولىدۇ، مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر مۇنداق كەمچىلىك (قىيىنچىلىق) لار كالامۇللادىكى سۆزلەرنى [چۈشىنىشتە] كۆرۈلسە، يەنى تەڭداشسىز قەدىرلىك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «كىشىلەر ئۆگىنىڭلار» دېگەن كالاملىرىدا مۇشۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا،باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى مۇنداق ئەھۋاللاردىن ئەجەبلىنىشنىڭ ئورنى يوق.

مەن تۈركىي تىلدا تۈزۈلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇغانمەن، بۇ تىلنى ئوبدان چۈشىنىمەن، ئەمما بۇ كىتابتەك ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ھېچبىر كىتابنى كۆرگىنىم يوق، پەقەت تۈرك تىلىنى پۇختا بىلگەن ئادەملا بۇ (ئەسەر) نىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ، تەڭرى مۇئەللىپىنى يارلىقىغاي.»

www.uyghurkitap.com

# خۇشھال غەرىبىي ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار

(سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئا. جەلىلوپ

XIX ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىر خۇشھال غەرىبىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىلمىي ئىش قىلىنمىغان.

غەرىبىي مىراسىنى ئۆگىنىشتە ئەڭ ئاساسىي مەنبە شائىرنىڭ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان شېئىرلار توپلىمىدۇر. بۇ توپلامنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى زۇھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر نامىدىكى ئەنجان ئوبلاستلىق كىتابخانىدا، نادىر كىتابلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىكى نۇسخىنىڭ مۇقاۋىسى قېلىن كارتون چەمدىن نەقىشلىق قىلىپ ئىشلەنگەن، ئومۇمىي 144 ۋاراقتىن ئىبارەت. كۆللىياتنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمىدا ھەم بەزى شېئىرلىرىدا غەرىبىي ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ، جۈملىدىن خاتىمىدە كۆللىياتنىڭ يېزىلغان يىلى ئەبجەد ھېسابىدا ئۆۋەندىكى قىتئەدە «بەھالى غەرىبىي» سۆزى يەنى تارىخ ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدا:

ئەنجامىنى مەكتۇبىمە غۇربەت يېرىدە، «بەھالى غەرىبىي» تەئرىخى بولدى تەمام① دەپ يېزىلغان. ئىككىنچى مىسرادىكى «بەھالى غەرىبىي» سۆزى ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 1261 - يىل، مىلادى 1845 - يىل بولىدۇ. دېمەك، شائىر شېئىرلار توپلىمىنى 1845 - يىلى يېزىپ تۈگەتكەن. كۆللىياتتىكى مەلۇماتتا قارىغاندا غەرىبىي قەشقەر شەھىرىدە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلغان، قەشقەر مەدرىسىدە زامانىنىڭ ئەڭ مەشھۇر دانىشمەنلىرىدىن بىرى مەۋلەۋى خوجا مۇھەممەد ئاخۇنۇمنىڭ دەرسخانىسىدا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىببىي ئىلىم، مەنتىق، گراماتىكا، پەلسەپە پەنلىرىنى، ئىسلام دىنى قانۇنلىرىنى ئۆگەنگەن.

XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ 70 - يىللىرىغىچە شىنجاڭدا چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلار كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى.

قوزغىلاڭچىلار ھەر قېتىمدىلا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، خەلققە ئانچە - مۇنچە يېڭىلىكلەرنى يارىتىپ بەرگەن بول-

① ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇرەيھان بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندى.

سىمۇ، ئەمما قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ ھاكىمىيىتى خەلقنى، بولۇپمۇ قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىنى رەھىمسىز قىرىپ ئۆچ ئالدى. سېلىقلار، باجلار، فېئودال مەجبۇرىيەتلەر كۆپەيدى. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭدىن قوقان، بۇخارا، خارەزىم خانلىقلىرى ۋە يەتتەسۇ تېررىتورىيىسىگە يۈزلەپ-مىڭلاپ كۆچۈپ ياكى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق قوزغىلاڭلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى.

كۆللىياتنىڭ 1845-يىلى يېزىلىپ بولغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، شائىر ئېيتىۋاتقان قوزغىلاڭ 1825-1827-يىللاردىكى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى-كېيىن 1845-يىلغىچە مۇنچىلىك چوڭ قوزغىلاڭ بولمىغان. دېمەك شائىر 1827-يىلى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، قوقان خانلىقىغا قېچىپ چىققان، ئۇ ئۆز ئەسىرىدە كۆپچىلىك بىلەن جۈملىدىن ئۆز ئۇستازى بىلەن بىللە قېچىپ چىققانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

خۇشال غەرىبىي پەرغانە ۋادىسىنىڭ كۆپ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا مۇساپىرلىقتا ناھايىتى ئېغىر ھايات كەچۈردى.

ئۇچرادىم ئول دەردگەكىم بىدەۋا،
قىلدى مېنى ئۆز ۋەتەنىمدىن جۇدا.
يەنى ئېرۇر ئۆز ۋەتەنىم كاشغەر،
يىللار ئىدى ئول ماڭا جايىم مەقەر.

......................................

بەس، بۇزۇلۇپ، ۋەيران ئولۇپ كاشغەر،
ئېلكىدە قوپار ھەممە زىرۇزەبەر.
تاراج ئېتىپ نەقد ئىلە مارجانلارىن،
تاراج ئېتىپ بەلكى ئېزىز جانلارىن.
شەھرى ۋىلايەتغە ئانىڭدىن قاچىپ،
چىقتى مۇسلىملار ھەممە مۇلكدىن كېچىپ.
چىقتىم ئۇلار بىرلە كى چىققان چاغى،
چەرخ دىلىم بولسا نى تەن مەرھەمى.
ئۆز ۋەتەنىمدىن چىقىپ ئارام يوق،
بەلكى خۇنى شىممەتى ئاشام يوق.

دەپ ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

خۇشال غەرىبىدىن مىراس بولۇپ يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن «كۈللىيات غەرىبىي» قالغان. بۇ شېئىرلار توپلىمىغا شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلۈك بەھرىلىرىدە يېزىلغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلام 271 غەزەل، 53 مەسنەۋى، 37 رۇبائى، 14 مۇخەممەس، 14 ساقىنامە، 3 مۇستەزاد، 31 قىتئە، بىر تارىختىن تەشكىل تاپقان.

غەرىبىي شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىنى غەزەللەر تەشكىل قىلىدۇ، غەزەللىرىنىڭ نەپىس گۈزەللىكى، يۇقىرى بەدىئىيلىكى ئۇنىڭ لىرىك شائىرلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شائىرنىڭ غەزەللىرى كۆپىنچە مۇھەببەت ماۋزۇسىدا يېزىلغان.

غەرىبىي ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭ ئىجادىدا ۋەتەنپەرلىك غايىسىنىڭ كەڭ يورۇتۇلۇشىدۇر.

ئۆز ۋەتىنى، يارۇ-بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ مۇساپىرلىقتا سەرگەردان ھايات كەچۈرۈۋاتقان شائىر ئانا ۋەتىنىنى چەكسىز ئۇلۇغلايدۇ، ۋەتەن ئىشقىدا، ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئازابىدا يۈرىكى ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى، ۋەتەننى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئىنتىلىشلىرىنى يارقىن بەدىئىي بوياقلار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئەگەر بىر مەسنەۋىسىدە:

ئۇچرادىم ئول دەردگە كىم بىدەۋا،
قىلدى مېنى ئۆز ۋەتەنىمدىن جۇدا.

دەپ يېزىپ، دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىمىسۇن، چۈنكى دەردىنىڭ داۋاسى يوق، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئالغا سۈرگەن.

كېزەرمەن يولدا ئول ئاھۇ كۆزلۈكنى
نىشان كۆرگەچ،
ئېرۇر سەيياد يەڭلىغ ئەسەر ئاھۇدىن
نىشان كۆرگەچ.
بولۇپ غۇربەت يېرىدە جانىم ئانداغكىم
ۋەتەن كۆزلەر،
چۇ قۇش ئالتۇن قەپەسنى كۆزلەمەس،
ئۆز ئاشيان كۆرگەچ.

دەپ يېزىپ، شائىر ئۆزىنى تۇتقۇنلۇقتا يۈرگەن، ئالتۇن قەپەزگە چۈشۈپ قالغان قۇشقا ئوخشىتىدۇ.

غەربىي شېئىرلىرىدا مەرىپەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدا زۆرۈرلۈكى تەشۋىق قىلىنىدۇ. ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە بىر قاتار غەزەللەرنى يارىتىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەتەنپەرلىك، ئىنسانغا مۇھەببەت، چىن سۆيگۈ، ساداقەت، ۋاپادارلىق، دوستلۇق ۋە ئىلىم-مەرىپەتكە ئوخشاش غايىلەرنى تەرغىب قىلىش، شۇنىڭدەك بىۋاپا يار، ساختا دوستلۇق، مۇناپىق روھانىيلارنى، ئەپسانىۋى ھۇر-پەرى، جەننەت دەپ دۇنيانى تەرك قىلغان زاھىتلارنى تەنقىد قىلىش غەربىي شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي تېماتىكىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تېماتىكىنىڭ دائىرىسى خۇشھال غەربىينىڭ ئىلغار پىكىرلىك شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇشھال غەربىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى نەپىس ۋە بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەك غەزەللىرى بىلەن بېيىتتى. ئالاھىدە تەكىتلەيدىغان ئەھۋال شۇكى، غەربىي ئىشقى غەزەللەر بىلەن بىر قاتاردا ئىجتىمائىي غەزەللەرنىمۇ ياراتتى.

غەربىي غەزەللىرىنىڭ كۆپچىلىكى كومپوزىسىيە جەھەتتىن پۇختا ۋە ئىزچىللىق بىلەن يېزىلغان. ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا مەلۇم بىر تېمىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ، شۇ تېمىنى كەڭ يورۇتۇشقا ئىنتىلىدۇ. بىرىنچى مىسرادا ئېيتقان پىكىر كېيىنكى مىسرالاردا راۋاجلىنىپ بارىدۇ، بىزنىڭ ئېنىقلىشىمىزچە شائىر غەزەللىرىنىڭ كۆپچىلىكى رەمەل، ھەزەج بەھرىلىرىدە يېزىلغان.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇرەككەپ ئوخشىتىش، مېتافورىلار ۋە مۇبالىغىلەردىن ماھىرانە پايدىلىنىدۇ.

غەربىي غەزەللىرىنىڭ تىلى راۋان، ئوبرازلارغا باي، ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي روھىدىن، شۇ جۈملىدىن ئەسەر تىلىدىن شائىرنىڭ كۆپلىگەن پەنلەرنى ياخشى ئىگىلىگەنلىكى روشەن سېزىلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، XIX ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن خۇشھال غەربىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق لىرىك شائىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسىنى ئۆگىنىش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا، ئوقۇش كىتابلىرىغا كىرگۈزۈش كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەردۇر.

«سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ ئاكتۇئال مەسىلىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنىدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەبىجان تۇرسۇن



# ئىرشخان

(داستان)

خەۋەرلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھېكايە، داستان ئېيتقۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بەلىخ شەھىرىدە ئىرشخان دېگەن بىر پادىشاھ بار ئىكەن. نەسەبى كەيان شاھلىرىدىن ئىكەن. لەشكىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپ، خەزىنىسى قارۇندىنمۇ زىيادە ئىكەن. ئىززەت-ھۆرمەتتە تەڭداشسىز ئىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدىن ئەنسىرىگەن پادىشاھ ۋەزىر-ئۆمەرالىرىغا:

— ئەي ۋەزىر-ئۆمەرالار، مەن كېچە يامان چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمنىڭ كاپالىتىگە شەھەر خەلقىگە بىر ھەپتە نەزىر بېرەي دەيمەن، — دەپتۇ ۋە جاكارچىلارنى يىغدۇرۇپ شەھەر خەلقىگە جاكار قىلدۇرۇپتۇ.

جاكارچىلار كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ: «ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار، ئامۇ خاس، پادىشاھى ئالەم بىر يامان چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىنىڭ كاپالىتىگە پادىشاھ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە بىر ھەپتە نەزىر بەرمەكچى بولدى. شۇڭا بىر ھەپتىگىچە ھېچ كىشى ئۆيىگە قازان ئاسمىسۇن، ئوت قالىمىسۇن، تاماقنى پادىشاھنىڭ دەرگاھىدىن يېسۇن، ئۆيىگە مېھمان كەلسە پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا باشلاپ بارسۇن. سەككىز كۈنگىچە بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىدىن تۈتۈن چىقسا ئول كىشى ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر»، دەپ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى جاكارلاپتۇ.

پادىشاھ شەھەرنىڭ سىرتىغا نەچچە مىڭ ئاق ئۆي، چېدىرلارنى تىكتۈرۈپ، نەچچە مىڭلاپ داش قازانلارنى ئاستۇرۇپتۇ. قوي، كالا، تۆگىلەرنى ھەددى-ھېسابسىز ئۆلتۈرۈپتۇ. شەھەر خەلقى تەرەپ-تەرەپلەردىن توپ-توپى بىلەن كېلىپ پادىشاھنىڭ نەزىرىگە داخىل بولۇپتۇ.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ، سەككىزىنچى كۈنى-نەزىر تامام بولىدىغان كۈنى پادىشاھ ۋەزىر-ئۆمەرالىرى بىلەن چاھار بېغدا ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىغا ئاش كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ بىر كاپام ئاشنى ئاغزىغا سېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە



بىر قەلەندەرنىڭ تامغا ئېسىلىپ، پادىشاھنى كۆرۈپ ئۆزىنى تامدىن يەرگە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ دەرھاللا بىر ياساۋۇلغا «باغ تېمىنىڭ كەينىدە بىر قەلەندەر بار. دەرھال ئالدىمغا ھازىر قىل» دەپتۇ. ياساۋۇل چىقىپ، باغنىڭ ئارقىسىدىن قەلەندەرنى تېپىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قەلەندەر پادىشاھنى كۆرۈپ قورققىنىدىن سالام قىلىپ بېشىنى سىلىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئالدىدىكى تاماقنى قەلەندەرگە بېرىپتۇ. قەلەندەر ئاشنى يەپ قورسىقىنى توقلاپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي دىۋانە، سىز زامانىنىڭ ۋەيرانىلىقى، پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن دىۋانە بولغان ئوخشايسىز. ماڭا بېشىڭىزدىن ئۆتكەن-كەچكەنلىرىڭىزنى بايان قىلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. دىۋانە:

— يا پادىشاھى ئالەم، مەن بىر جاھانگەشتە ئادەممەن. مەن كۆرمىگەن ھېچ شەھەر، ھېچ قەلئە ۋە ھېچ يەر قالغان ئەمەس. يەتتە ئىقلىمنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەممىنى كۆردۈم. سىز پادىشاھ بولدۇم دەپ باشقا يۇرتلارنى كۆرمەي، پادىشاھلىققا مەست بولۇپ يۈرۈپسىز. ئەل ئىچىدە «يۈرگەن دەريا، ئولتۇرغان بورا» دېگەن ماقال بار. سىزنىڭ بۇنداق پادىشاھلىقىڭىزدىن مېنىڭ جاھاننى ئايلىنىپ يۈرگىنىم زىيادىدۇر، — دەپتۇ.

قەلەندەرنىڭ سۆزلىرى پادىشاھقا تەسىر قىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە جاھانگەشتىلىك ھەۋىسى قوزغىلىپ بىردەممۇ ئارام ئالالماپتۇ. شۇ كۈنى دىۋانىنى ئوردىدا قوندۇرۇپ قاپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ بارلىق ۋەزىر-ئۆمەرلىرىنى جەم قىلىپتۇ:

— ئەي ۋەزىر-ئۆمەرالار، مېنىڭ بېشىمغا جاھانگەشتىلىكنىڭ ھەۋىسى چۈشتى. ھەممىڭلار مەندىن رازى بولۇڭلار! — دەپ، ۋەزىرنى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپتۇ. ئۈچىسىدىن پادىشاھلىق كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ ئۈستىگە جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپتۇ. بېلىگە پوتا باغلاپ، قولىغا ھاسىنى ئېلىپ، ئول قەلەندەر بىلەن ئوردىدىن چىقىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ۋەزىر-ئۆمەرا ۋە لەشكەرلىرى پادىشاھنى ئۇزىتىپ چىقىپتۇ.

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ ئۈچ تاش① يول يۈرگەندىن كېيىن قەلەندەر:

— يا پادىشاھى ئالەم، مۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن قانداق جاھانگەشتىلىك قىلغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي ۋەزىر-ئۆمەرالار، سىزلەرنى ياراتقۇچى ئاللاغا تاپشۇردۇم، شۇبۇ يەردىن ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، — دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ.

— پادىشاھ بىلەن قەلەندەر بىر مەزگىل يول يۈرۈپ، بىر ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا، قەلەندەر كەينىدە ماڭغانىكەن، پادىشاھ بىر يولغا، قەلەندەر يەنە بىر يولغا كىرىپ بىر ھازا يول يۈرۈپتۇ. پادىشاھ قەلەندەردىن سۆز سورىماقچى بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا قەلەندەر كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ، ئەتراپقا قارىسا قەلەندەر باشقا يول بىلەن كېتىپ بارغانىكەن. پادىشاھ:

— ئەي قەلەندەر، مەن جاھانگەشتە بولىمەن دەپ پادىشاھلىقىمنى تاشلاپ چىقسام سەن مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. قەلەندەر:

① تاش — ئەينى زاماندىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يا پادىشاھى ئالەم، جاھانگەشتلىك دېگەن غۇربەتتە ياخشى، ئىككى كىشى بىر يۈرسە جاھانگەشتلىكنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، — دەپ ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. پادىشاھ يەنە ۋارقىراپ:

— ئەي قەلەندەر، ئارقاڭغا يان! مەن سېنى دەپ تاج-تەختىمنى، پادىشاھلىقىمنى تاشلاپ، دىۋانە بولسام، سەن مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن؟ — دەپتۇ.

قەلەندەر ئارقىسىغا قاراپ:

— يا پادىشاھى ئالەم «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دەپ ئارقىسىغا قارىماي كېتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. ئاچا يولغا كەلگەندە پادىشاھقا ۋەزىر-ئۇمەرالار ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىدىن:

— ئەي ۋەزىر، قەلەندەر «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دەپ مەندىن ئايرىلىپ كەتتى. مەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— يا پادىشاھى ئالەم، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىش ئۈچۈن ماڭا بىر يىللىق مۆھلەت بەرسىلە، مەن بىر يىلغىچە يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ چىقىپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ.

پادىشاھقا بۇ سۆز ماقۇل كەپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ بېرىپ تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرگە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

ۋەزىر خەزىنىگە كىرىپ ئالتۇن، كۆمۈش جاۋاھىرلاردىن ئالماي، قىرىق تۆگىلىك كۆك چاي ئېلىپ، تۆگىلەرگە ئارتىپتۇ. بىر قانچە خىزمەتكارنى ھەمراھ قىلىپ، سودىگەر قىياپىتىدە شەھەردىن چىقىپتۇ.

ئۇلار ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ سېھىرلى ئاسمانغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك بىر شەھەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ.

ئۇلارغا شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ۋەزىر ئۇ ئادەمدىن:

— بۇ قايسى شەھەردۇر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— بۇ شەھەر شەھرى ھىرماندۇر، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ۋەزىر:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى سەنۇبەردۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ۋەزىر كۆڭلىدە «مەن بۇ ئالەمدە سەنۇبەر دەپ ئىسىم قويغان كىشىنى ئاڭلىغان ئەمەسمەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى سەنۇبەر ئىكەن. قەلەندەر ئېيتقان سەنۇبەر بەلكىم مۇشۇ پادىشاھ بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، شەھەرگە كىرىپ كارۋان سارىيىغا چۈشۈپتۇ.

ئۇلار يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئات-ئۇلاقلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، ئۇ كېچە سارايدا قونۇپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر ئۈچىسىدىن ۋەزىرلىك لىباسىنى سېلىپ تاشلاپ ئۈچىسىغا جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپتۇ. مۈرىسىگە بىر خۇرجۇن ئارتىپ، خۇرجۇننىڭ ئىچىگە كۆك چاينى توشقۇچە قاچىلاپ تاڭ ئېتىشى بىلەنلا پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ۋەزىر ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قولىدا تۆمۈر نەيزە ۋە شەمشەر-قىلىچلارنى تۇتۇپ، سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغان باتۇر قاراۋۇللارنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپتۇ. بۇ يەردىن ئۇچار قۇشلار ئۆتمەسە قاناتسىزلارنىڭ ئۆتۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

ۋەزىر بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ئوردىنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ قاراۋۇللارغا سالام قىلىپتۇ. قاراۋۇللار سالامنى ئىلىك ئاپتۇ. ۋەزىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، شۇنداق بىر ھېكايە باشلاپتۇكى، ۋەزىرنىڭ ھېكايىسىگە ئاسمانۇ زېمىن ھەيران قاپتۇ.

سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغان قاراۋۇللار ۋەزىرنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ. ھېكايە ئاخىرلاشقاندا كىچىكىدىن كۆز يېشى قىلىپ باقمىغان زالىملار كۆزىدىن دەريادەك ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، بەدەنلىرى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىپتۇ.

قاراۋۇللاردىن بىرىنىڭ كۆڭلىگە پادىشاھ بەرگەن تونىنى «قەلەندەر»گە دۇئا قىلدۇرۇش ئويى كەپتۇ. يەنە بىرى «بىر تىللايىم بار ئىدى، ئۇنى دۇئا قىلدۇرسام» دېگەن ئويغا كەپتۇ. باشقىلارمۇ بىرەر نەرسىسىنى دۇئا قىلدۇرۇشنى ئويلىرىغا پۈتۈشۈپتۇ.

ۋەزىر ھېكايىسىنى تاماملاپ پۇل تىلەيدىغان ۋاقىتدا ئوتتۇرىغا خۇرجۇنىنى قويۇپ، قاراۋۇللارغا خۇرجۇنىكى چايدىن بىر چاڭگالدىن بېرىپ، خۇرجۇنىنى بىكارلاپتۇ-دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قاپتۇ. قاراۋۇللار «بۇ ئاجايىپ قەلەندەر ئىكەن. بىزدىن پۇل تىلىمەكتە يوق، تېخى بىزلەرگە بىر ئۈلۈشتىن چاي بېرىپ كېتىپ قالدى» دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ.

ئىككىنچى دەرۋازىدا تۇرغان قاراۋۇللارمۇ «قەلەندەر»نىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، ئۇلار بىرىنچى دەرۋازىدىكى قاراۋۇللارغا:

— ئەي بۇرادەرلەر، بىزلەر ئۆ[illegible] كىرىدىكى* دەرۋازىدا كۆڭلىمىز يېرىم تۇرماقتىمىز، ئەگەر ئۇ قەلەندەر كېلىپ قالسا بۇ دەرۋازىدا ھېكايە ئېيتقۇزايلى، — دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە دەرۋازا ئالدىدا «قەلەندەر» يەنە پەيدا بولۇپتۇ. قاراۋۇللار ئۇنى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئىككىنچى دەرۋازىغا ئېلىپ كىرىپ ھېكايە ئېيتقۇزۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە ۋەزىر يەتتە كۈندە يەتتە دەرۋازا ئالدىدا ھېكايە ئېيتىپتۇ. كۈندە بىر-بىرىدىن ياخشى چايلاردىن ئېلىپ كىرىپتۇ.

«قەلەندەر» يەتتىنچى كۈنى، يەتتىنچى دەرۋازا ئالدىدا ھېكايە ئېيتىۋاتقاندا ئىچكىرىدىن پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى چىقىپ قاپتۇ. قارىسا بىر «قەلەندەر» ھەدەپ ھېكايە ئېيتىۋاتقان، ئۆز ئۆمەرالىرى ئۇنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ تۇرغانىكەن. ۋەزىرمۇ بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپتۇ. ھېكايە ئاخىرلاشقاندا ئولتۇرغانلارنىڭ بەدىنى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر كۆڭلىدە «بۇ ئەسلى كاتتا ئۆتكەن ئادەم ئىكەن. زامانىنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇ ئادەم ھېكايىسىنى تاماملىغاندا قىرىق-ئەللىك يامبۇغا دۇئا قىلدۇرۇپ ئۇنى قەلەندەرچىلىكتىن ئازاد قىلاي» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ۋەزىر ھېكايىسىنى تاماملاپ پۇل تىلەيدىغان ۋاقىتدا خۇرجۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەممىسىگە بىر چاڭگالدىن چاي بېرىپتۇ. شۇ قاتاردا ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئېتىكىگىمۇ بىر چاڭگال چاينى تۆكۈپ

ويۇپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ چاي خۇش پۇراقلىق چاي بولۇپ ئىپار پۇراپ تۇرىدىكەن. ۋەزىر «مەن ئۆمرۈم بويى مۇنداق پۇراقلىق چاينى كۆرگەن ئەمەسمەن. بۇ قەلەندەر مۇنداق ياخشى چايلارنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قەلەندەر بىزدىن پۇل تىلىمەكتە يوق، بىزلەرگە بىر چاڭگالدىن چاي بېرىپ كەتتىغۇ» دېگەن خىيال بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

ۋەزىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشىغا خاس خىزمەتچىسى كىرىپ پادىشاھنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ. ۋەزىر دەرھال بارگاھقا بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن پادىشاھنى تاپالماي، چاھار باغ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ ئاتىسى شاھ خۇرشىددىن قالغان سەككىز پاتمانلىق يەرگە تەڭ كېلىدىغان بىر چاھار بېغى بار ئىكەن. ئۇ باغ جەننەتۇل مەئۋادىن نىشان بېرەركەن. باغنىڭ ئىچىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، بۇلاقنىڭ بىر تەرىپىدە مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر تەخت بار ئىكەن. پادىشاھ ھەر قانداق چاغدا باغقا كىرسە شۇ تەختتە ئولتۇرار ئىكەن. ۋەزىر پادىشاھنى ئىزدەپ شۇ يەردىن تېپىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، بۈگۈن مەن بىئارام بولۇپ تۇرىمەن. شۇڭا سىزنى كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بېرەرمىكىن دېگەن ئوي بىلەن چاقىرتقانىدىم، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— مەن ئەتىگەن دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقسام بىر قەلەندەر ھېكايە ئېيتىۋاتقانىكەن. مېنىڭ يەتتە ئىقلىمدا قەدىمىم يەتمىگەن يەر قالمىدى. بىراق مەن ھېچقانداق بىر يەردە مۇنداق شېرىن سۆزلۈك قەلەندەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن. بەلكىم شۇ قەلەندەر ئاجايىپ-غارايىپلارنى سۆزلەپ بەرسە كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ قالارمىكىن؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا شۇ دىۋانىنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ. ۋەزىر چىقىپ بىر نەچچە خىزمەتچىگە قەلەندەرنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەر شەھەرگە كىرىپ، تەرەپ-تەرەپنى ئىزدىگەن بولسىمۇ قەلەندەرنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. خىزمەتچىلەر قايتىپ كېلىپ ئوڭ قول ۋەزىرگە قەلەندەرنى تاپالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھقا دىۋانىنىڭ تېپىلمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە، قەلەندەر يەنە كېلىپ قالسا، ئىچكىرى بارگاھقا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، قەلەندەر ئەتىسى يەنە كەپتۇ. قاراۋۇللار قەلەندەرنى ئىچكىرىكى بارگاھقا باشلاپ كىرىپتۇ. دىۋانە بارگاھقا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بارگاھ خۇددى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بارگاھىغا ئوخشاش ئوتتۇز ئالتە پەلەمپەيلىك سېرىق ياقۇتتىن ياسالغان ھەشەمەتلىك تەخت ئۈستىدە پادىشاھ ئەزىم ئولتۇرغان؛ پادىشاھنىڭ ئوڭ سول تەرەپلىرىدە تۆت يۈز قىرىق تۆت تاجدار پادىشاھ ئۆز رەتلىرى بويىچە ئولتۇرغان. توقسان ئالتە لەك لەشكەر ئۆز دەرىجىلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقانىكەن. پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىگە ھاڭ-تاڭ بولغان قەلەندەر پادىشاھقا قول قوشتۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپتۇ. پادىشاھ قەلەندەرگە:

— ئەي قەلەندەر، مەن سېنى دۇنيانىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىرىدىن سۆزلەپ بېرەرمىكىن دەپ چاقىرتقانىدىم، — دەپتۇ.

«قەلەندەر» ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ شۇنداق بىر سۆز باشلاپتۇكى، ئۇنىڭ شېرىن-شېكەر سۆز-

www.uyghurkitap.com

لىرىدىن ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۇچار قۇشلارمۇ تەسىرلىنىپ، يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن چۇر-چۇر سايرىشىپ، بارگاھقا تۈگلۈكتىن ئۇچۇپ كىرىشىپتۇ.

پادىشاھ باشلىق ھەممە كاتتا ئۆلىمالارنىڭ بەدەنلىرى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ كۆڭلىدە «ئۆمرۈمدە مۇنداق شېرىن سۆزلۈك كىشىنى ئۇچراتماپ باقماپتىكەنمەن. قەلەندەر سۆزنى تاماملاپ مەندىن نېمىنى تىلىسە ئاغزىدىن چىققىنىنى بېرەي» دېگەن ئويغا كەپتۇ.

قەلەندەر سۆزنى تاماملاپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي قەلەندەر، مەندىن نېمە تىلەيسەن؟ — دەپتۇ. قەلەندەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن ئۆزلىرىدىن «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشنى تىلەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزدىن پادىشاھنىڭ بېشى قېتىپ خىيال دەرياسىغا غەرق بوپتۇ، قەلەندەر بارگاھتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى قەلەندەر يەنە كېلىپ سۆز باشلاپتۇ. سۆزنى تاماملىغاندا، پادىشاھ قەلەندەردىن: نېمە تىلىكىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. قەلەندەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن سىلىدىن «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشنى تىلەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بېشى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قەلەندەر ساقلاپ تۇرۇپ بېقىپ ئاخىرى بارگاھتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى قەلەندەر يەنە كېلىپ ھېكايەسىنى تاماملىغاندا، پادىشاھ قەلەندەرگە: نېمە تىلىكىڭ بولسا ئېيتقىن، — دەپتۇ. قەلەندەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن پەقەتلا «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؛ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشىڭلا تىلەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ، قەلەندەرنى تەختنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئىشىكتىن باشلاپ كىرىپتۇ. ئەللىك-ئاتمىش ئۆيدىن ئۆتۈپ بىر خاس ھۇجرىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي قەلەندەر، سەن ئۈچ كۈندىن بېرى ماڭا دۇنيانىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىرىدىن سۆزلەپ بەردىڭ، نېمە تىلىكىڭ بار دېسەم، مەندەك پادىشاھتىن شەھەر، خەزىنە تىلىمەستىن، قۇرۇق سۆزنى تىلىدىڭ. ئەگەر باشقا ئادەم شۇنداق دېگەن بولسا، ئاللىبۇرۇنلا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان بولار ئىدىم، چۈنكى «ھەر قانداق كىشى گۈل دېگەن سۆزنى تىلغا ئالسا، ئاغزىغا قوغۇشۇن قۇيىمەن» دەپ پۈتۈن شەھەرگە جاكار چىقارغانىدىم. شۇڭا يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە بۇ شەھەردە ھېچقانداق كىشى گۈل دېگەن سۆزنى ئاغزىغا ئالالمىغان. سەن نېمە ۋەجىدىن مەندىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سوراپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، پادىشاھقا ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن بەلخ شەھىرى پادىشاھىنىڭ بىر يامان چۈش كۆرگەنلىكىنى؛ چۈشىنىڭ كاپالىتىگە پۈتۈن شەھەرگە نەزىر بەرگەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ بىر قەلەندەر بىلەن جاھانگەشتلىككە چىقىپ كەتكەنلىكىنى؛ ئۇ قەلەندەرنىڭ «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دەپ قو-



يۇپ كەتكەنلىكىنى؛ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى
بەلخ شەھىرىدە ھېچكىم بىلمىگەنلىكى ئۇ-
چۇن بۇ سۆزنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن
پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرمۇ شەھەر
ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى سەنۇبەر پادىشاھقا
بىر-بىرلەپ بايان قىلىپتۇ. سەنۇبەر
پادىشاھ:
— ئەي ۋەزىر، سەن بەلخ شەھىرى
پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى ئىكەنسەن، مىنىڭ بۇ
سىرىمنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيت-
تى، خەير، ئەمدى ساڭا ئىزھار قىلىپ بې-
رەي! — دەپ ۋەزىرنى يەنە بىر ئىشىكتىن
باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار يەتمىش-سەكسەن
ئۆيدىن ئۆتۈپ بىر ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ۋە-
زىر ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا بىر تۈپتۈز سەھ-
نىنى كۆرۈپتۇ. سەھنە ناھايىتى چىرايلىق
زىلچە-گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ،
سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار ئى-
كەن. ئۇ راۋاقنىڭ ئىچىگە ئىككى ئالتۇن
تەخت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئالتۇن
تەختنىڭ بىرى قۇرۇق، يەنە بىرىدە بىر
سېرىق ئىت ياتقانىكەن. ئىتنىڭ ئالدىدا
ئىككى ئاي سۈپەتلىك كېنىزەك تۇرغان
بولۇپ، بىرسى قىل يەلپۈگۈچ بىلەن ئىت-
قا يېپىشقان پاشىلارنى قورۇسا، يەنە بى-
رى ياغلىق بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقلىرىنى
سۈرتۈپ تۇرغانىكەن.
راۋاقنىڭ سول تەرىپىدە بىر جۈپ
ئات باغلاقلىق ئىكەن. پادىشاھ ئۇ يەرگە
يېقىن كېلىپ:
— ئەي ۋەزىر، ئۇستۈڭگە قارىغىن، —
دەپتۇ. ۋەزىر يۇقىرىغا قارىسا، راۋاقنىڭ
بىر تال ياغىچىنىڭ ئۇچىدا بىر تۆمۈر
قەپەس ئېسىقلىق تۇرغانىكەن. قەپەسنىڭ ئى-
چىگە بىر ئاي يۈزلۈك مەلىكە بەنت قى-

لىنغان بولۇپ، مەلىكىنىڭ جامالىدىن ھۆرپەرىلەرمۇ تەپتارتىپ جەننەت ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. مەلىكە قەپەسنىڭ ئىچىدە يۇقىرى بەدىنى يالىڭاچ ھالدا ئولتۇرغان بولۇپ، قەپەسنىڭ تۆمۈرلىرى مەلىكىنىڭ بەدەنلىرىگە پېتىپ ئازابلىنىۋاتقانىكەن. ۋەزىرنىڭ مەلىكىگە رەھمى كېلىپ، كۆزىدىن بىئىختىيار ياشلار تۆكۈپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن، — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، شۇنداق گۈزەل مەلىكىگە مۇشۇنداق زۇلۇمنى سالغانلىقىڭىزغا چىدىماي يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، ھېلىقى قەلەندەر ئېيتقان «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن مۇشۇدۇر. بۇ ماڭا زۇلۇم قىلغان. شۇڭا مەن بۇنىڭغا مۇشۇنداق جاپانى سالدىم. ئەمدى مەن ساڭا بۇنىڭ ھېكايىسىنى ئىزھار قىلىپ بېرەي! — دەپ سەنۇبەر پادىشاھ سۆزگە كىرىشىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، بۇ گۈلپەرى يەتتىنچى ئىقلىم — كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزىدۇر. مەن بۇ قىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان. نەچچە يىللار چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، نەچچە ئۆلۈملەردىن قۇتۇلۇپ، كوھىقاپقا باردىم. شەھبال ئىبنى شەھرۇققا ئەرز ئەھۋالىمنى يەتكۈزۈپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، گۈلپەرىنى ئۆز نىكاھىمغا ئېلىپ، شەھىرىمگە ئېلىپ كەلدىم. بىر يىلدىن كېيىن ئاتام پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. مەن ئاتامنىڭ ئورنىغا تۆت يۈز قىرىق تۆت شەھەرگە پادىشاھ بولدۇم. گۈلپەرى-نىڭ كۆڭلىنى شۇنداق ئاسرايتتىمكى، كىيىمسىز قۇچاقلاپ ياتسام بەدىنى زەخىملىنىپ قالمىسۇن دەپ چىرايلىق يىپەكتىن كۆڭلەك كىيگۈزۈپ، كېچىسى كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن قۇچاقلاپ ياتاتتىم.

بىر كۈنى ئوينىشىپ ئولتۇرۇپ قىزىلگۈلنىڭ كامالچىسى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ قويسام ئاغرىپ قېلىپ، ئۈچ ئاي ياتتى. بەش-ئالتە يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى يېتىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا بارا-بارمايلا گۈلپەرى ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. مەن ئۇخلاپ قالىمەن. سەھەردە ئويغانغاندا يېنىمدا ياتقانلىقىنى كۆرىمەن. كەچتە كېلىپ ياتتىمۇ ياكى سەھەردە كەلدىمۇ بىلەلمەي قالىمەن. ئۈچ-تۆت يىل شۇنداق ئۆتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇنى بىر سىناپ بېقىش قارارىغا كېلىپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. مەلىكە ئورنىدىن قوپۇپ مېنىڭ تونۇمنى ئۇچىسىغا، تاجىمنى بېشىغا كىيدى-دە، توقۇقلۇق ئاتنىڭ بىرىنى مىنىپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قىلىچىمنى ئېلىپ بىر ئاتقا مىنىپ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈپ ماڭدىم. مەلىكە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا مەن كەلدىم. دەرۋازىۋەنلەر مېنى كۆرۈپ تونۇدى. مەن دەرۋازىۋەنلەردىن:

— دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەن كىم؟ — دەپ سورىدىم. دەرۋازىۋەنلەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۈچ-تۆت يىلدىن بۇيان ئۇ كىشى ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىت بىلەن كېلىدۇ. بىز تېخى ئۇ كىـ

شىنى ئۆزلىرى ئوخشايدۇ دەپ دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىمىز. كىملىكىنى بىزمۇ بىلمىدۇق، — دېدى.

مەن دەرۋازىدىن چىقىپ قارىسام مەلىكە شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغقا قاراپ كېتىۋاتقانىكەن. مەن كەينىدىن قارا كۆرۈپ ماڭدىم. مەلىكە تاغقا يېقىن كەلگەندە ئۇ غار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. غارنىڭ ئىشىكى يولغا قارايدىكەن. مەن بىتاقەت بولۇپ غارنىڭ ئىچىگە قارىسام، غار ئىچىدە قىرىق زەڭگى ئولتۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىغا بىر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى تەخسىلەردە قەنت-ناۋات، كاۋاپلار تىزىلىپتۇ. شىشىلەردە هاراق-شارابلار تۇرۇپتۇ. مەلىكە غارغا كىرىشى بىلەنلا زەڭگىلەرنىڭ چوڭى كايىپ تۇرۇپ:

— ئەي بۇزۇق، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراق قىلدى. مەلىكە:

— پادىشاھنى ئۇخلىتالماي كېچىكىپ قالدىم، — دېدى.

زەڭگىلەرنىڭ چوڭى مەلىكىنى بىر كاچات ئۇرغانىدى، مەلىكە يىقىلىپ چۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن مەلىكە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، زەڭگىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ يۈزىگە بىر قانچىنى سۆيدى. زەڭگى مەلىكىگە «شاراب تۇتقىن» دەپ بۇيرۇدى. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ قولىغا پىيالە ئېلىپ، شاراب قۇيدى. بىر قولىغا شاراب، يەنە بىر قولىغا كاۋاپلارنى ئېلىپ، زەڭگىلەرنىڭ ئاغزىغا شارابنى قۇيۇپ، ئارقىسىدىن كاۋاپلارنىمۇ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەڭگىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ سۆيگىلى تۇردى. مەلىكە ھەدەپ زەڭگىلەرگە شاراب ئىچۈرەتتى. مەن غارنىڭ ئالدىغىراق كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشۈمگە، مەلىكىنىڭ ئېتى مەن مىنىپ كەلگەن ئاتنى كۆرۈپ قېلىپ كىشنىدى. زەڭگىلەرنىڭ چوڭى ئاتنىڭ كىشنىگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

— ئات كىشنەۋاتىدۇ، چىقىپ قاراپ بېقىڭلار! بىرەر كىشى كېلىپ قالغان بولمىسۇن يەنە، — دېدى.

بىر زەڭگى غاردىن چىقتى. مەن دەرھال قىلىچىمنى يالىڭاچلاپ ئىشىكنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتۇم. زەڭگى ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىشىغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ بېشىنى يەرگە توپتەك چۈشۈردۈم. زەڭگى يىقىلىپ چۈشۈشىگە پۇتىدىن سۆرەپ نېرى ئاپىرىپ تاشلىۋەتتىم. زەڭگىلەرنىڭ چوڭى:

— ئۇ ھايال بولۇپ قالدى. سەن چىقىپ قاراپ باق، — دەپ يەنە بىر زەڭگىنى بۇيرۇدى.

مەن ئۇنىمۇ بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەنلا ئىشىنى تامام قىلدىم. شۇ تەرىقىدە قىرىق زەڭگىنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم. ئاخىرىدا زەڭگىلەرنىڭ چوڭى قالدى. بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسام غاردىن چىقمىدى، غەزەپ ئوتىدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي غارنىڭ ئىچىگە كىردىم.

زەڭگىلەرنىڭ چوڭى مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ قوپتى. ئىككىمىز غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىپ قالدۇق. زەڭگىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمنى سىناپ باقسام، زەڭگىگە كۈچۈم يەتمەيدىغاندەك ئەمەس. دىلىمدا ئاللا تائالاغا مۇناجات قىلدىم. ئاللا تائالا غايىبتىن كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. زەڭگىنى ناھايىتى تېزلا يەڭدىم. مەلىكە زەڭگىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن قوپتى-دە، غارنىڭ بۇلۇڭىدىن بىر خالتا تېرىق ئەكىلىپ پۇتۇمنىڭ ئارىسىغا تۆكتى. مەن

www.uyghurkitap.com

تېپىلىپ يېقىلىشىمغا چىراغ ئۆچۈپ ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

— ئەي مەلىكە، خەنجىرىمنى ئەكىلىپ بېرىڭ، — دېدى زەڭگى.

مەلىكە خەنجەر تېپىش بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا تىپىرلاپ، تىرمىشىپ تۇرۇشۇمغا زەڭگى ئۈستۈمدىن سىيرىلىپ چۈشتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ زەڭگىنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ تۇرسام مەلىكە قاراڭغۇدا مېنى تونۇيالماي خەنجەرنى قولۇمغا بېرىپ قويۇپلا ئۆزى چىراغ ياققىلى كەتتى. مەلىكە چىراغنى يېقىپ بولغۇچە ئارىلىقتا مەن زەڭگىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ بولدۇم. مەلىكە چىراغنى ياندۇرۇپ زەڭگىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى؛ مېنىڭ قولۇمدا خەنجەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خازان بولغان ياپراقتەك تىترەپ غارنىڭ تېمىغا چاپلىشىپ قالدى. ئارقامغا قارىسام ئەنە شۇ تەخت ئۈستىدە ياتقان ئىت ئارقامدا تۇرۇپتۇ. ئىتنىڭ ئاغزىدا زەڭگىنىڭ ئىككى بۆرىكى تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە زەڭگى مېنى بېسىپ مەيدەمگە مىنىۋالغاندا ئىتىم كەينىمدىن كېلىپ زەڭگىنى چىشلەپ بۆرىكىنى ئۈزۈۋالغانىكەن. زەڭگى ئۇنىڭ ئاغرىقىغا پايلىماي ئۈستۈمدىن يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. مەن مەلىكىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتىم. مەلىكە مىنىپ كەلگەن ئاتقا ئىتىمنى چىقىرىپ، ئۆزۈم مىنگەن ئاتقا مەلىكىنىڭ چېچىدىن مەھكەم باغلىدىم. ئىتىم مىنگەن ئاتنى يېتىلەپ كېچىچە يول يۈرۈپ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، مەلىكىنى ئاشۇ قەپەس ئىچىگە بەند قىلدىم. مانا بۈگۈن يىگىرمە يىل بولدى.

مەلىكىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ قىزىنىڭ بىۋاپالىق قىلغىنىنى ئاڭلاپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدى، — دەپ سەنۇبەر پادىشاھ ھېكايىسىنى تاماملاپتۇ. ۋەزىر پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپتۇ. سارايغا كېلىپ غۇلام خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. نەچچە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ مىڭ جەبىر-جاپالار بىلەن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ كۆرگەن، ئىشىتكەن جىمى ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سەنۇبەر دېگەن تۆت يۈز قىرىق تۆت شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىكەن. خوتۇنى يەتتە ئىقلىم كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەن. خوتۇنىنىڭ ئىسمى گۈلپەرى ئىكەن. گۈلپەرىنىڭ پادىشاھ سەنۇبەرگە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماپتۇ. شۇڭا ئۇ قەلەندەر «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەنىكەن، — دەپ پادىشاھ سەنۇبەردىن ئاڭلىغان ھەممە ئىشلارنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، سەنۇبەر پادىشاھ شۇنداق چوڭ خەزىنىگە، شۆھرەتكە ئىگە تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ خوتۇنى كەچۈرگۈسىز پەسكەشلىك ئىشلارنى قىلىپتۇ. مەن ئاتمىشتىن ئۆتۈپ، يەتمىشكە قەدەم قويدۇم. قىرىق خوتۇنۇم بار. بۇ قىرىق خوتۇن ھەر بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا يېتىپ نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. بۈگۈندىن ئېتىبارەن قىرىق خوتۇنۇمنىڭ ھەممىسىنى ئۈچ تالاق قىلدىم، — دەپ پادىشاھلىق لىباسىنى سېلىپ تاشلاپ، دىۋانىلىق لىباسىنى كىيىپتۇ. ئوردىدىن چىقىشقا ھازىرلانغاندا ۋەزىر ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئىلگىرى ھېلىقى قەلەندەر بىلەن چىقىپ كەتكەن بول-

شىلا جاھان خەلقى «پادىشاھ جاھانگەشتلىككە چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ قالغان بولاتتى. ئەمدى چىقىپ كەتسە جاھان خەلقى «پادىشاھ خوتۇنلىرىنىڭ زۇلمىدىن پادىشاھلىقىنى تاشلاپ قەلەندەر بولۇۋاپتۇ» دەپ مالامەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى شەھەرنىڭ ئىچىگە بىر قورغان سالدۇرساق. قورغان پۈتۈپ تەييار بولغاندا شەھەرگە «ھەر كىشىنىڭ خوتۇنى قىز تۇغسا پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلسە پادىشاھ شۇنىڭغا چوڭ سوۋغات تەقدىم قىلىدۇ» دەپ جاكارلىساق، كىشىلەر قىز باللىرىنى ئېلىپ كەلسە ئانىسى بىلەن ئول قورغانغا سولاپ، قورغاندا تەربىيىلىسەك، قىزلار چوڭ بولغاندا ئۇلاردىن بىرىنى ئەمىرلىرىگە ئالسىلا، چۈنكى ئۇنداق قىز ئانىسىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىنى كۆرمىگەچكە كۆزى قارىغۇ چوڭ بولۇپ ناھايىتى ئەخلاقلىق، ئەقىدىلىك چوڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، نىيىتىدىن قايىتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە شەھەرنىڭ سىرتىغا بىر قورغان سالدۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر جىمى يۇرتلاردىن ئۇستا تامچى، ياغاچچى ھۈنەرۋەنلەرنى يىغدۇرۇپ ئۈچ يىلدا سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكىنى قىرىق غۇلاچ، كەڭلىكى يىگىرمە غۇلاچ كېلىدىغان بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. قورغانغا بىرلا دەرۋازا بېكىتىپتۇ. قورغان پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھقا قورغاننىڭ پۈتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپتۇ.

پادىشاھ قورغاننى كۆرۈپ خۇش بولۇپتۇ. جاكارچىلارنى يىغدۇرۇپ، شەھەرگە جاكار قىلىپتۇ:

— ھەر كىشىنىڭ خوتۇنى قىز تۇغسا پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ بارسۇن! پادىشاھ ئۇلارغا سوۋغات تەقدىم قىلماقچى.

ئەلقىسسە، ھەر كىشىنىڭ خوتۇنى قىز تۇغسا پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ بارغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ئالتۇن، كۈمۈش سوۋغات قىلىپ، قىزنى ئانىسى بىلەن بىللە قورغانغا سولىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر ھەپتىدىلا قورغانغا ئۈچ مىڭ قىز يىغىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئايمۇ-ئاي، ھەپتىمۇ ھەپتە ئوزۇق-تۈلۈكى بىلەن كىيىم-كېچەكلىرىنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ. دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ ئاچقۇچىنى پادىشاھ ئۆزى ساقلاپتۇ. قورغاننى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەش يۈز كىشىنى قويۇپ قىزلارنى تەربىيىلەشكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئارىدىن ئون ئىككى يىل ئۆتۈپ ئون ئۈچىنچى يىلغا قەدەم قويغاندا ۋەزىر پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قىزلارنى قورغانغا سولاپ تەربىيىلىگىلى ئون ئۈچ يىل بولدى. قىزلارمۇ بالاغەتكە يەتتى، ئون ئۈچ يىلدىن بۇيان قورغاننىڭ ئىچىدە ئۈچ مىڭ ئايال ئەرسىز قالدى. شەھەردە بولسا ئۈچ مىڭ ئەر خوتۇنسىز قالدى. بۇلارغا ناھايىتى ئۇۋالچىلىق بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا كۆڭۈللىرىگە يارىغان قىزدىن بىرنى ئەمىرلىرىگە ئېلىپ قالغانلىرىنى قورغاندىن چىقىشقا رۇخسەت بەرسەك، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ، قورغانغا كېلىپتۇ. پادىشاھ شاھ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ۋەزىرگە:

— ھەر قايسى ئاياللار قىزلىرىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ مېنىڭ ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر ھەممە خوتۇنلارغا پادىشاھنىڭ

www.uyghurkitap.com

يارلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىغا ئۈپپا - ئەڭلىكلەرنى سۈرۈپ، ئۆز قىزلىرىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزنىڭ ئاجايىپ خۇلقلىرى بىلەن كېلىشكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئۇ قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ، ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىرىم، شۇ كېلىشكەن قىز بولىدىكەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۇ قىزنى ئىشارەت بىلەن ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، قالغانلىرىغا سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ قورغاندىن ئازاد قىلىپتۇ. پادىشاھ قورغاندا قىرىق كېچە - كۈندۈز نەغمە - ناۋالار بىلەن توي قىلىپ قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپتۇ.

پادىشاھ ئون ئۈچ يىلدىن بۇيان قىرىق خوتۇنىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئورنىغا يېڭى ئوردا سالدۇرۇپ قويغانىكەن. پادىشاھ يېڭى مەلىكىنى چىرايلىق زىننەتلەنگەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن يېڭى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئوردىنىڭ ئىچىگە خاھى ئەر، خاھى ئايال، خاھى قىز بولسۇن ئادەم سۈرىتى شەكلىدىكى ھېچقانداق مەخلۇقاتنى كىرگۈزمەپتۇ. ھەتتا پادىشاھ بارگاھقا، شىكارغا چىقار بولسا، دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سالدىغان، كىرگەندە قۇلۇپنى ئۆزى ئېچىپ كىرىدىغان بوپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە كۆڭلىدە «مېنىڭ ئېرىمنى پادىشاھ دەيدۇ. لېكىن مەن ئېرىمنىڭ شەھىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئېرىمنىڭ شەھىرى زادى قانداق شەھەردۇر. ھەممە ئەركىشى مېنىڭ ئېرىمگە ئوخشاش ئاقساقالمىدۇر ياكى ياشقىچىمىدۇر؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئوردىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ. ئوردىنىڭ ئارقىسىدا بىر كاتتا ئېرىق بولۇپ، ئېرىقتا ماتا توقۇيدىغانلار يىپلىرىنى يۇيۇپ تازىلايدىكەن. ئۇ كۈنى ماتاچى نەسرۇللا ئۇستام ئېرىقتا يىپلىرىنى يۇيۇپ تۇرغانىكەن. تۇساتتىن نەسرۇللا ئۇستىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشى مەلىكىنىڭ يەرگە قارىشى بىلەن توغرا كېلىپ قاپتۇ. نەسرۇللا ئۇستا ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدە تاڭ نۇردەك بىر مەلىكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا، مەلىكىنىڭ يادەك ئەگىم قاشلىرىدىن ئىشق ئوقى ئېتىلىپ چىقىپ نەسرۇللا ئۇستىنىڭ يۈرەك باغرىغا سانجىلىپتۇ.

نەسرۇللا ئۇستا ھوشىدىن كېتىپ موللاقچى كەپتەردەك يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ ياتقانچە نامازدىگەرگىچە يېتىپتۇ. ئېرىقنىڭ يۇقىرىسىغا يىپلىرىنى يۇيۇشقا كەتكەن باشقا ئۇستىلار يىپلىرىنى يۇيۇپ، ئېشەكلىرىگە ئارتىشىپ كېلىپ نەسرۇللا ئۇستىنىڭ كۆكرىكىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇستىلار نەسرۇللا ئۇستىنىڭ يۈز - كۆز، يۈرەكلىرىگە سۇلارنى سېپىپ مىڭ - مۇشەققەتتە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇستىلار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغان بولسىمۇ، نەسرۇللا ئۇستىنىڭ پۇت - قولىدا ماغدۇرى بولمىغانلىقتىن تۇرالماپتۇ. ئۇستىلار نەسرۇللا ئۇستىنى بىر ئېشەككە مىندۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پالاس توقۇيدىغان يىپلىرىنى يەنە بىر ئېشەككە ئارتىشتۇرۇپ نەسرۇللا ئۇستىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. نەسرۇللا ئۇستا ئۆينىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىپ، يەرگە سۇ سېپىپ باغرىنى ھۆل يەرگە يېقىپ كۆيۈك ئوتىدا ئاھ ئۇرۇپ ئۈچ

كېچە - كۈندۈز يېتىپتۇ. گېلىدىن ھېچقانداق نەرسە ئۆتمەپتۇ.

نەسرۇللا ئۇستىنىڭ بىر قېرى دەللە قوشنىسى بار ئىكەن. ئۇ دەللە قېرى كۆڭلىدە: «بۇگۈن تۆت كۈن بولدى. نەسرۇللانىڭ ئىشكى ئېچىلمىدى. بۇ ئۇستا سەھراغا چىقسا ئۆيۈمگە قاراپ قويۇڭلار دەپ قويىدىغان، ئۇ ئۇستىنىسى ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ گېلىنى بوغۇپ قويدىمۇ يا ئاغرىپ يېتىپ قالدىمۇ؟ تالا-تۈزگە ھېچ چىقمايدىغۇ؟ مەن ئۇنىڭ ھالىدىن بىر خەۋەر ئېلىپ قوياي» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئۇستىنىڭ ئۆگزىسىگە مۈشكۈلدە چىقىپ ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇستىنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھەي ئۇستا، ئىشىكنى ئاچقىن، — دەپتۇ. ئۇستا دەللىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

قېرى دەللە ئۇستىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭدىن:

— ساڭا نېمە ئىش بولدى. نېمە ئۈچۈن ئۈچ - تۆت كۈنگىچە تالا - تۈزگە چىقماي ئۆيدە يېتىۋېرىسەن، — دەپتۇ. نەسرۇللا ئۇستا بېشىدىن ئۆتكەننى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. قېرى دەللىنىڭ ئۇستىغا رەھمى كېلىپ:

— ئۇستام، مەن سىزنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرسام، يول ماڭغان ئەجرىم ئۈچۈن ماڭا بېرىدىغان بىر نېمىڭىز بارمۇ؟ — دەپتۇ. ئۇستا:

— ئانا، ئەگەر مېنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرسىلا، نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئوقەت قىلىپ تاپقان ئۈچ يۈز تەڭگە پۇلۇمنى سىلىگە ئاتايمەن، — دەپ ئۈچ يۈز تەڭگە پۇلنى دەللىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

دەللە پۇلنى قولىغا ئېلىپ:

— ئاز بولسىمۇ ئالاي، قالغىنىنى سەن ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىپ قويغان بولاي، — دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. قېرى دەللە ئۇستىگە بىر يىرتىق ئەسكى چاپاننى كىيىپ يۈز - كۆزلىرىگە كىرىم قىلىپ، چېكىسىنى ئەسكى ياغلىق بىلەن مەھكەم تېڭىپ ئۆزىنى ئاغرىق ئادەم قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ پادىشاھنىڭ شىكارغا ئۆتىدىغان يولىغا كېلىپ بىر كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە پۈتۈن بەدەن ئەزايىنى تىترىتىپ بىچارە قىياپەتكە كىرىپ يېتىپتۇ.

ئۇ كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىققانىكەن. نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە بىر بىچارە قېرىنىڭ تىترەپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە «بۇ قېرى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوخشايدۇ» دەپ رەھمى كېلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن شىكارغا چىققان ۋەزىر ئىلگىرىكى ۋەزىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولغانىكەن. ئۇ ۋەزىر پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۇ قېرى مۇساپىر ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغرىق ئىكەن. مەلىكەم يالغۇز بولغاچقا ئۇ مۇساپىرنى مەلىكەمگە ھەمراھ قىلىپ قويغان بولسىلا قېرىغا بۇ ئالەملىك، ئۆزلەگە ئاخىرەتلىك بولۇپ قالغان بولاتتى، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ سۆز پادىشاھقا ماقۇل كەپتۇ. پادىشاھ بىر ياساۋۇلنى كۆۋرۈك ئۈستىدىكى قىزنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ياساۋۇل قىزنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئوردىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. پادىشاھ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى ئۆزى ئېچىپ قىزنى ئىچكىرىكى ھەرەمخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ. مەلىكە قىزنى كۆرۈپ:

— ئەي پادىشاھ، بۇ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ:

— مەن سىزگە ھەمراھ ئېلىپ كىردىم، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ماڭا ئۇنداق ھەمراھنىڭ كېرىكى يوق، نەدىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە كەتسۇن، كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— «بېشى قارىنىڭ بارى ياخشى، بۈگۈنى قىچقىرسا ئەتىسى ھە دېسە نېخى ياخشى» تۇرۇپ تۇرسۇن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مەلىكە دەللىنىڭ قىياپىتىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ دەللىنىڭ يۈزىگە قارالماپتۇ. دەللىنى قوغلىۋېتەي دېسە پادىشاھتىن قورقۇپتۇ. ئاخىرى نائىلاج ئۇ قىزنى بىر ئۆيگە سولاپ كونا كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئوردىنىڭ ئارقىسىغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ قىزنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيگۈزگەنىكەن، خېلىلا ئوڭلۇق ئايلىكام بولۇپ قاپتۇ. قىزى دەللە ھەر كۈنى مەلىكىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ بېشىنى باقىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ قىزى دەللە مەلىكىنىڭ بېشىنى بېقىپ ئولتۇرۇپ «ئاھ خۇدايىم» دەپتۇ. مەلىكە:

— نېمە دەردىڭىز بار، نېمە ئۈچۈن خۇدايىمغا ئاھ ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ. قىزى دەللە:

— مەلىكەم، مېنىڭ ھېچ دەردىم يوق. ياشلىقىمدىن تارتىپ يەيدىغاننى يەپ، كىيىدىغاننى كىيىدىم، ئوينايدىغاننى ئويىنىدىم. مېنىڭ ھېچنېمىدە ئارزۇيۇم قالمىغان، مەن پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياشلىق ئۆمۈرلىرىگە ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۆمرۈمگە ئەپسۇسلىنىسىز، — دەپ سوراپتۇ. قىزى دەللە:

— ئۆزلىرى ئون گۈللىرىدىن بىر گۈللىرى ئېچىلمىغان ياش غۇنچىگە ئوخشايلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى بولسا سەكسەن، توقسانىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەم. بۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىش. ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق ياش گۈزەل جامالىرىغا يارىشا ئەدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان ياش يىگىت بىلەن ئەيش - ئىشرەتتە بولغان بولسا تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولغان بولاتتى، دەپ ئەپسۇسلاندىم، — دەپتۇ.

مەلىكە:

— ئەمدى ماڭا ئۇنداق سۆزنى قىلغۇچى بولماڭ، ئۇنداق كىشىنى ئېلىپ كىرگەن كۈنى پادىشاھ ئۇچىلىمىزنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلايدۇ، — دەپتۇ

قىزى دەللە:

— ئۇنداق كىشىنى ئېلىپ كىرگەن كۈنى ساقلاش مەندىن، ئويناش سىلىدىن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئۇنداق يىگىتنى قانداق ئېلىپ كىرگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. قىزى دەللە:

— پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتسىلا

ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىپ قويىدىكەن، شۇڭا پادىشاھ شىكارغا چىقار ۋاقتىدا ئاچقۇچنى سورىسىلا، پادىشاھ «ئاچقۇچنى نېمە قىلىسىز دېسە»، «قېرى دەللە ئۆيىدە بىر تۆگمە مونچىقىم بار ئىدى، ئۇنى ئانامنى كۆرگەن كۆزۈمدە كۆرۈپ ساقلاپ كەلگەنىدىم. شۇنى ئېلىپ كېلىۋالسام. بىر ھاجىي ئىنىم بار ئىدى. ئۇ ئىنىم بەش - ئالتە گەز ماتانى زەمزەم سۈيىگە چىلاپ، ماڭا كېپەنلىك قىلىش ئۈچۈن بەرگەنىدى. ئۇنىمۇ ئېلىپ كېلىۋالسام، دەيدۇ» دېسىلە، — دەپتۇ.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. مەلىكە دەللىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پادىشاھتىن دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ تاشقىرىغا چىقىپ دەرۋازىغا قۇلۇپ ساپتۇ. دەرۋازا باققۇچىلارغا:

— دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىچكىرىدە قويۇپ چىقتىم. قېرى دەللىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىۋالىدىغان نەرسىلىرى بار ئىكەن، قېرى دەللە نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ ئاچقۇچنى دەرۋازىنىڭ ئارىسىدىن سۇنۇپ بېرىڭلار، ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتسۇن، — دەپ ئېتىغا مىنىپ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىش بىلەنلا قېرى دەللە ئاچقۇچنى ئېلىپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپتۇ. قويۇندەك مېڭىپ نەسرۇللا ئۇستىنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ ۋە:

— ھەي نەسرۇللا، ئورنۇڭدىن تۇر. ساڭا ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. مۇرادىڭ ھاسىل بولىدىغان بولدى، — دەپ نەسرۇللانى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ يۇمىلاق سېۋەتنىڭ ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. نەسرۇللانىڭ بېشىغا كونا كۆڭلەك - تامباللىرىنى يۆگەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى پارچە ئاق ماتانى تۆت قاتلاپ سېۋەتنىڭ ئاغزىنى مەھكەم يېپىپتۇ. سېۋەتنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئوردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپتۇ. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن دەرۋازىغا قۇلۇپنى سالدۇرۇپ ئاچقۇچنى دەرۋازىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىۋاپتۇ. نەسرۇللا ئۇستىنى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ غۇسۇل تەرەت قىلدۇرۇپتۇ. بىر بوغچىدىن بىر قۇر شاھانە كىيىم ئېلىپ ئۇستىغا كىيگۈزۈپ چىرايلىق بىر يىگىتنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈپتۇ.

دەللە نەسرۇللا ئۇستىنى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. مەلىكە ئۆمرىدە بۇنداق كېلىشكەن ياش ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، خۇشاللىقىدىن ئىچ - ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. مەلىكە قېرى دەللىگە تاپا - تەنە قىلىپ:

— مۇنچىلىك ئىشنى بىلىدىغان ئادەم ماڭا نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق ئېيتمىدىڭىز، — دەپ نەسرۇللا ئۇستىنى پادىشاھ يېتىپ قوپىدىغان راۋاققا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇستا بىلەن ھەشقىپېچەكتەك چىرمىلىشىپ ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ شىكاردىن كەلسە مەلىكە نەسرۇللا ئۇستىنى ساندۇقتا سولاپ قويىدىكەن. پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتسە نەسرۇللانى ساندۇقتىن چىقىرىپ راۋاقتا ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشار ئىكەن. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

قازارا كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ

www.uyghurkitap.com

شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە «ئوردىنىڭ ئىچىدە بىر سىر-ئەسرار باردەك تۇرىدۇ، مەن بۇنىڭدىن بىر خەۋەر ئېلىپ باقاي» دېگەن ئوي كېچىپتۇ. شىكارغا چىقىدىغانلارغا «سىزلەر شىكارغا بارغاچ تۇرۇڭلار، مەن ئارقىڭىزلاردىن يېتىپ بارۇرمەن» دەپ ھەممىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئوردىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر تۈپ ئېگىز تېرەككە چىقىپتۇ. تېرەكنىڭ ئۈستىدىن ئوردىنىڭ ئىچىدە يىڭنە ئۇچىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ ھەم كۆرگىلى بولىدىكەن. پادىشاھ پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، تېرەكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئوردىنىڭ ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا ئۆزىنىڭ ئولتۇرىدىغان راۋىقىدا مەلىكە بىر نامەھرەم بىلەن قۇچاقلىشىپ زىنا قىلىشىپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. غەزەپ ئوتىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا تېرەكنىڭ تۈۋىگە بىر ئادەم كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم يېنىدىن بىر مىسۋاكنى چىقىرىپ ئايەت ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، چىرايلىق بىر چوكان پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئادەم چوكان بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم چوكاننى تېرەكنىڭ تۈۋىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى غۇسلى-تەرەت ئالغىلى كېتىپتۇ. ئۇ چوكان ياقىسىدىن بىر يىڭنىنى ئېلىپ ئايەت ئوقۇپ، يىڭنىسىگە دەم سالغانىكەن ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت پەيدا بولۇپتۇ. چوكان يىگىت بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ چوكان يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە بىر ئايەت ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، ئاۋۋالقىدەكىلا يىڭنە پەيدا بوپتۇ. يىڭنىنى چوكان ياقىسىغا سانجىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى ئادەم قايتىپ كېلىپ چوكاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە بىر ئايەتنى ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، چوكان شۇ زامان مىسۋاككا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم مىسۋاكنى غىلاپقا سېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال تېرەكتىن چۈشۈپ ھېلىقى ئادەمنى:

— ئەي بۇرادەر، بېرى كەل، — دەپ قىچقىرىپتۇ. ئۇ ئادەم ئارقىغا قاراپ پادىشاھنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

«ۋادەرىخ، پادىشاھ مېنىڭ دەرەخ تۈۋىدە قىلغان ئىشىمنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇ ئادەمنى باشلاپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىغا قايتقانلىقىنى بىلگەن مەلىكە نەسرۇللا ئۈستىنى دەرھال ساندۇققا سېلىپ ساندۇقنى سولاپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ ھېلىقى ئادەمنى ئۆزى ئولتۇرىدىغان راۋاققا باشلاپ چىقىپ قېرى دەللىگە دەرھال «بىر قازان ئاش تەييار قىلغىن» دەپ بۇيرۇپتۇ. قېرى دەللە ئاشنى تەييار قىلىپتۇ. پادىشاھ دەللىگە ئاشنى يەتتە تەخسىگە بۆلۈپ ئۇسۇشنى بۇيرۇپتۇ. قېرى دەللە ئاشنى پادىشاھنىڭ ھۆكمى بويىچە يەتتە تەخسىگە ئۇسۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قاتار قىلىپ تىزىپتۇ. پادىشاھ «مەلىكىنى قىچقىرغىن» دەپ دەللىنى بۇيرۇپتۇ. قېرى

دەللە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ «پادىشاھ سىزنى قىچقىردۋاتىدۇ» دەپ چاقىرىپ چىقىپتۇ. مەلىكە پادىشاھنىڭ قېشىدا ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ «ۋاي، نامەھرەم كىشى ئىكەنغۇ؟» دەپ ئارقىسىغا يېنىپ كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىگە بىرمۇنچە سىياسەت قىلغانىكەن، مەلىكەم قورقىنىدىن پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بىر تەخسە ئاشنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا، ئىككى تەخسە ئاشنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. يەنە بىر تەخسە ئاشنى قېرى دەللىنىڭ ئالدىغا، ئۈچ تەخسە ئاشنى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ مەلىكىگە قاراپ:

— بۇ بىر تەخسە ئاشنى سەن يەيسەن، يەنە بىر تەخسە ئاشنى يەيدىغان ئادەمنى تاپىسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە:

— مېنىڭ بۇ يەردە ئاتا-ئانام بولمىسا مېھماننى نەدىن تاپىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ شەمشىرىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ مەلىكىنىڭ بېشىغا تەڭلىگەنىكەن، مەلىكە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. ساندۇقتىن نەسرۇللا ئۈستىنى چىقىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، پادىشاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر تەخسە ئاشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

پادىشاھ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ:

— بۇ بىر تەخسە ئاشنى سىز يەيسىز، يەنە بىر تەخسە ئاشنى يەيدىغان ئادەمنى ئۆزىڭىز تاپىسىز، — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم كۆڭلىدە «يوشۇرغىنىم بىلەن بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەمدى يوشۇرسام بولماس» دەپ يېنىدىن مىسۋاكىنى چىقىرىپ بىر ئايەتنى ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، ھۆسن-جامالى كېلىشكەن چىرايلىق بىر چوكان پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ چوكاننى ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ئىككى تەخسە ئاشنى چوكاننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بىر تەخسە ئاشنى سىز يەڭ، يەنە بىر تەخسە ئاشنى يەيدىغان ئادەمنى تېپىڭ! — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇنى مەن مىسۋاك قىلىپ يېنىمدا ساقلىغىلى نەچچە يىللار بولدى. سىلى دېگەن ئادەمنى ئۇ نەدىن تاپىدۇ؟ — دەپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى ئادەمگە «سىز بىر ئاز شۈك ئولتۇرۇڭ. ئادەمنى مەن تاپتۇرىمەن» دەپ يېنىدىن شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ چوكاننىڭ گەدىنىگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئادەمنى دەرھال تاپقىن! بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. چوكان قورقۇپ-تىترەپ دەرھاللا ياقىسىدىن يىڭنىنى ئېلىپ ئايەت ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، شۇنداق كېلىشكەن بىر ياش يىگىت پەيدا بوپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇ ئىشقا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قىلىچ بىلەن مەلىكىنىڭ بوينىغا شاپ قىلىپ بىرنى ئۇرغانىكەن، شۇ ھامانلا مەلىكىنىڭ بېشى كېسىلىپ ئۇن قەدەم يەرگە چۈشۈپ سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىچ بىلەن نەسرۇللا ئۈستىنى بىرنى ئۇرغانىكەن، قەلەمچە قىلغان قۇمۇشتەك شۇ زامان جان تەسلىم قىلىپتۇ. ئاندىن قېرى دەللىنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىلىچ بىلەن تازا كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، قېرى دەل-

(داۋامى 149-بەتتە)



# ئەقىللىق دىلبەر

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا، مەلۇم بىر دەريانىڭ ياقىسىدا بىر شەھەر بولغانىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى تولىمۇ زالىم ئىكەن. خەلق ئۇنىڭ زۇلمىدىن زار-زار قاخشايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ھەرەم بېغىدىكى راۋاقتا چىقىپ ئولتۇرسا، بىر قاغا «قاق-قاق» قىلىپ قاقىلدىغىنىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال ۋەزىر-ۋۇزۇرالىرىنى چاقىرىپ ئۇلاردىن: «قاغا نېمە دەۋاتىدۇ» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر خىزمەتچىلىرى: «ئەي پادىشاھى ئالەم، سىلى ئەقىل-پاراسەتكە تولغان، بىلىملىك ئادەم. سىلى بىلمىسىلە بىز پەقەت بىلەلمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ: «بۇ بىكار تاپچىلارنىڭ دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن!» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئالىم-ئۆلىمالارنى چاقىرتىپ، ئۇلاردىن سوراپتۇ. لېكىن ئۇلارمۇ پادىشاھنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب تېپىپ بېرەلمەي بېشىدىن ئايرىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي پۈتۈن شەھەر بويىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ مەلىكە مېھرىئاي ئىسىملىك گۈزەل ۋە ئەقىللىق بىر قىزى بار ئىكەن. مەلىكە دادىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مېھرىئاي دادىسىغا: «ئەي دادا، سىز شۇنچە پەم-پاراسەتلىك، بىلەرمەن تۇرۇقلۇق، ئۆزىڭىز جاۋاب تاپالمىغان سوئالغا جاۋاب تاپقۇزىمەن دەپ، پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بالا-چاقىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ، شەھەردىكى ئادەملەرنى ئاز قويدىڭىز. ئۇلار سىزدىن بەزدى. سىز ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئاز قېلىۋاتىسىز. ناۋادا كۈنلەر ئۆتۈپ بېشىڭىزغا بىرەر پالاكەت كەلسە، سىزگە كىممۇ كېلىپ ياردەمدە بولار؟» دېدى. قىزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق خاپا بولۇپ قىزىنى دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئاق كۆڭۈل ۋەزىر: «ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قەدەر بىرەر ئاتانىڭ قىزىنى ئۆلتۈرگەن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى مەلىكىنى زىندانغا تاشلىساق» دەپ پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قىزىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ زىندانغا تاش-

لاپتۇ. لېكىن، ۋەزىر پادىشاھنىڭ مەلىكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ساندۇق ياسىتىپتۇ-دە، مەلىكىنى مەخپىي زىنداندىن ئاچىقىپ ئۇنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا ئېقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ. مەلىكە ساندۇققا كىرىش ئالدىدا ۋەزىرگە: «ئەگەر مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بىر كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ ئۇنى دادامنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن» دەپ قەسەم بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دەريادا بىر نەچچە كۈن ئاققاندىن كېيىن باشقا بىر قوشنا مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئوتۇنچى دەريا بويىدا ئوتۇن كېسىۋاتقان بولۇپ، دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان ساندۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ساندۇقنى قىرغاققا چىقىرىپتۇ. لېكىن ئاغزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساندۇقنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ساندۇقنى ئاچقۇزۇپ قارد-فۇدەك بولسا، ساندۇق ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر گۈزەل ساھىبجامال ياتقۇدەك. پادىشاھ بۇ قىزنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرتىۋېلىپ ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئىزھار قىلىپتۇ. مەلىكە: «ماقۇل، ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار. ئالدى بىلەن مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلىۋالاي. مېنىڭ مەن ئېقىپ كەلگەن دەريا بويىغا بېرىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ شەرتكە دەرھال كۆنۈپتۇ. ھەم مەلىكە مېھرىئايىنى بىرقانچە كېنىزەك بىلەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ دەريا بويىغا ئۇزىتىپتۇ. مەلىكە دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن دەرياغا قاراپ ئەل-يۇرتىنى سېغىنىپتۇ ھەم كۆڭلىدە «مەن ئەسلىدە بىر كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ، دادامنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ خەلقنى ئازاب-كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن تۇرسام، ئەمدى پادىشاھقا خوتۇن بولسام قانداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا دەريادا بىر يوغان بېلىق ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانىكەن، مەلىكە بېلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىللە بارغان كېنىزەكلەر چۇقىرىشىپ يۈگۈرگەن پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ، مەلىكە مېھرىئاينىڭ دەردىدە تاج-تەختىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ، مەلىكىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ دەريانىڭ بويىدا بىر بېلىقچى بولۇپ، بالىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى بېلىقچى بوۋاي ئەتىگەنىدىلا دەرياغا تور تاشلىغانىكەن، يوغان بىر بېلىق تورغا ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بېلىقچى بوۋاي خۇشال بولۇپ، بېلىقنىڭ قورسىقىنى يارسا، ئىچىدىن ھېلىقى ساھىبجامال مەلىكە چىقىپتۇ. قارىسا قىزنىڭ جېنى بار ئىكەن. بېلىقچى بوۋاي مەلىكىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ياخشى بېقىپتۇ. قىز كۈندىن-كۈنگە ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. بوۋاي ھەر كۈنى ئوغلى بىلەن بىللە دەرياغا تور تاشلاش ئۈچۈن كېتىدىكەن. مەلىكە بولسا، بوۋاي بىلەن ئوغلى كەلگۈچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ مەززىلىك تاماقلار بىلەن ئۇلارنى خۇشال-

خۇرام كۈتۈۋالىدىكەن. ئەمما مەلىكە ھەرگىز زۇۋان سۈرمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ بېلىقچى بوۋاي مەلىكىنى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بىر كۈنى مەلىكە مېھرىشاي تۇيۇقسىزلا: «ئەي بوۋا، ئوغلىڭىزغا دېسىڭىز، مېنى ئۆز ئەمرىگە ئالسا» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ھەيران بولۇپ، «ئەي قىزىم، مەن قول ئىلكىمدە يوق كەمبەغەل بېلىقچىمەن. سىزنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگۈدەك بىساتىم يوق. بۇنىڭغا قانداق قىلىمىز؟» دەپتۇ. مەلىكە بوۋاينىڭ غەم-قايغۇسىنى يوقىتىش ئۈچۈن دەرھال «بوۋا ئۇنداق دېمەڭ، سىلەر نېمە كىيسەڭلار مەنمۇ شۇنى كىيىمەن، سىلەر نېمىنى يېسەڭلار مەنمۇ شۇنى يەيمەن» دەپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن بوۋاي، ئوغلى بىلە مەلىكىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ، ئاددىي-ساددا توي قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ناھايىتى خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مېھرىشاي قۇلىقىدىكى ھالقىسىنىڭ بىر پېيىنى بوۋايغا بېرىپ: «مۇشۇ ھالقىنى شەھەرگە ئەكىرىپ، سېتىپ كېلىڭ» دەپتۇ. بوۋاي مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە ھالقىنى ئېلىپ شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. بوۋاي شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھېلىقى ھالقىنى يېنىدىن چىقىرىشىغا نۇرغۇن كىشىلەر بوۋاينى ئارىغا ئېلىۋېلىپ «بۇنداق گۆھەر ھالقا پەقەت پادىشاھنىڭ سارايلىرىدىلا لايىق ئىكەن» دەپ ھالقىنى ماختىشىپ سودا تالىشىشقا باشلاپتۇ. دەسلەپ 10 تىللا دەپتۇ، كېيىن 100 تىللا دەپتۇ. ئاخىرى 1000 تىللاغا چىقىپتۇ. بوۋاي مىڭ تەسلىكتە ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ، 1000 تىللانى قويىنغا سېلىپ خۇشال-خۇرام ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. مەلىكە، بوۋايدىن بىھاۋالنى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ. بۇ ھالقىنى مەلىكە مېھرىشاينىڭ دادىسى ئۆز خەزىنىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەردىن كۆز قويىدۇرۇپ ياسىتىپ بەرگەنىكەن، بۇنداق گۆھەردىن دۇنيادا ئىككىنچىسى يوق ئىكەن. ئەنە شۇ 1000 تىللاغا تامچى، ياغاچچى، نەققاش ۋە تۆمۈرچى ئۇستىلارنى چاقىرتىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا، خۇددى دادىسىنىڭ تەختىگە ئوخشاش راۋاق سالدۇرۇپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ رەسىمىنى راۋاقنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلاپ قويۇپتۇ. ئاردىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مەلىكىنىڭ ئىشىق-پىراقىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ھېلىقى پادىشاھ، مەلىكىنى ئىزلەپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا دەرۋازىدا مەلىكە مېھرىشاينىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، دەرۋازىۋەنگە يېلىنىشقا باشلاپتۇ: «بۇ مەلىكە مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ كەتكەن. مەن ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ئىزدەپ تاپتىم. مېنى كىرگۈزۈۋەتسەڭلار» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن دەرۋازىۋەن: «سەن كىم؟ بىز سېنى تونۇمايمىز» دەپ كىرىشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. بىراق پادىشاھ كەتكىلى زادىلا ئۇنىماي دەرۋازىۋەنلەرگە ھەيۋە قىلىپ قىلمىچ ئوينىتقىلى باشلاپتۇ. مەلىكە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىشاھ كىرىپلا مۇغەمبەرلىك بىلەن مەلىكىگە «يۈزۈڭنى ئاچ! سەن مېنىڭ» دەپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپتۇ. لېكىن مەلىكىنىڭ ئادەملىرى چاققانلىق بىلەن پادىشاھنى

باغلاپ، پۇت - قولىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى مەلىكە يەنە بىر قۇلىقىدىكى ھالقىسىنى ساتتۇرۇپ گۈزەل مەنزىرىلىك بىر شەھەر سالدۇرۇپتۇ ھەم بۇ شەھەرگە «شەھىرى ئاۋات» دەپ نام قويۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باشقا بىر يىراق مەملىكەتنىڭ پادىشاھى سەيلە - ساياھەت قىلىپ بۇ گۈزەل شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ شەھەرنى كۆرۈپ: «بۇ نېمىدېگەن ئۆكتەملىك، مېنىڭ شەھىرىمگە ئوخشاش شەھەر سالدۇرغان زادى كىم؟...» دەپ خاپا بوپتۇ. ئۇ دەرۋازىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ مەلىكىگە ئاشىقى بىقارار بوپتۇ ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ. ئەمما، مەلىكە بۇ پادىشاھنىڭ يامان نىيىتىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، پادىشاھنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپلا: «مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتسىڭىز...» دەپ داۋراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە دەرھال: «مېنىڭ ئېرىم بار. سىزنىڭ تەلىپىڭىز شەرىئەتكە دۇرۇس كەلمەيدۇ»، دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «مەن بىر پادىشاھ تۇرۇقلۇق سېنى ئەمرىمگە ئالالمايمەنمۇ» دېگىنىچە قىلىچىنى يالىڭاچلاپتۇ. مەلىكە مۇلايىملىق بىلەن پادىشاھتىن: «شاھىم سىلىنىڭ نەچچە خوتۇنلىرى باركىن؟» دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ كۆرەڭلىك بىلەن: «100 خوتۇنۇم بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، مەلىكە: «تەقسىر، سىلىنىڭ يۈز خوتۇنلىرى تۇرۇقلۇق شۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە مېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكىگە ئېتىلىپتۇ. بىراق مەلىكىنىڭ خىزمەتچىلىرى پادىشاھنىڭ پۇت قوللىرىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەل - جامائەت مەلىكىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى «پادىشاھ» قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

مەلىكە تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشۇن توپلاپ دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. مەلىكىنىڭ قوشۇنى دادىسىنىڭ شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن دادىسى ئۆزىگە قارشى قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلار قايسى پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقىلى قوشۇن چىقىرىپتۇ. لېكىن ئۇلار مەلىكىنىڭ قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بوپتۇ. شەھەردە پادىشاھقا يار - يۆلەك بولغۇدەك بىرەر ئادەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دادىسىنىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئېرىنى دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئاندىن كېيىن ھېلىقى زىندانغا تاشلانغان ئىككى پادىشاھنىڭ شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىپتۇ، ئاخىر مەلىكە ئۆزى «شەھىرى ئاۋات» قا، ئېرى ئۈچ شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ، ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل پاراۋان، مەملىكەت قۇدرەت تېپىپتۇ. خەلقلەر بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەھەممەت ھۇشۇر، رەتلىگۈچى: تۇرسۇن مۇللامەت

# تەدبىرلىك سوتچى

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر باي ئۆتـ-
كەنىكەن. ئۇنىڭغا ئىككى ئاغىنىسى دائىم
يار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار
مەسلىھەتلىشىپ يىراق بىر شەھەرگە
سەپەرگە چىقماقچى بولۇپتۇ ۋە ئۈچ كۈن
تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار
بىر نەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن
بۇلارغا ھاردۇق يېتىپ دەم ئالماقچى
بولۇپتۇ-دە، بىر يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ.
باي يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

— ئاغىنە، — دەپتۇ ئىككىزرەك بىرى
يېنىدىكى ھەمراھىغا، — بىز باينى ئۆل-
تۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى
بۆلاپ كېتەيلى.

— نېمە؟ — دەپتۇ ھەمراھى تورنى-
دىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئۇ بىزگە نېمە
قىلغان، نېمىشقا شۇنداق قىلىمىز؟

— نېمىشقا دەمسەن؟ باي سېنى
ھېچقانداق قىلمىغان بىلەن سېنىڭ
ئىنىڭنى خورلاۋاتىدۇ. مېنىمۇ ھېچقانداق
قىلمىغان بىلەن باينىڭ بالىسى ھەمىشە
مېنىڭ بالىلىرىمنى بوزەك قىلىدۇ، — دەپ-
تۇ ئىككىزرەكى.

— سېنىڭ ئۆلتۈرگۈڭ بولسا ئۆزۈڭ
ئۆلتۈر، مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمەن، —
دەپتۇ پاكارراقى.

— مەن ئۆلتۈرىمەن، مەن مانا مۇ-
شۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ
ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە بولغانمەن! — دەپ-
تۇ ئىگىز بويلۇق كىشى.

ئۇلار نۇرغۇن تالاش-تارتىش قىلى-
غاندىن كېيىن ئاخىر باينى ئۆلتۈرمەك-



چى بولۇپتۇ ۋە بايىنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن ئويغىتىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باي بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپتۇ ۋە ئۇلاردىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ، لېكىن ئۇلار دېگىنىدىن يانماپتۇ. باي بۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر ئامان قېلىپ يۇرتقا قايتساڭلار ئۆيۈمگە كىرىڭلار. ئۆيدە هامىلدار ئايالىم قالغانىدى. بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى. شۇڭا بالىغا ئىسىم قويغان بولسۇن ياكى قويمىغان بولسۇن سىلەر بارغاندىن كېيىن ئايالىمغا ئېيتىپ بالىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» قويۇڭلار،— دەپتۇ. باينىڭ ئىككى ئاغىنىسى بۇ تەلەپنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بايىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى تەڭ بۆلۈشىۋاپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىل چەت-ياقىلارنى ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار باينىڭ ئۆيىگە كىرىپ باينىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئايالىغا يەتكۈزۈپتۇ. باينىڭ ئايالى ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» دەپ ئۆزگەرتىپتۇ.

بالا هەش-پەش دېگۈچە يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەدرىسكە بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ مەكتەپتىن يېنىپ كەلسە ئانىسى نان يېقىۋاتقانىكەن. ئۇ هويلىسىغا كىرىپلا:

— ئانا ماڭا نان بەر،— دەپ نان سوراپتۇ.

ئانىسى ئۇنىڭغا بىردەم تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتقانىكەن «دەرد» يامانلاپ كېتىپتۇ.

ئانا بالىنىڭ يىراق يەرگە كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— دەرد، توختا، دەرد، توختا!..

دەپ بالىنى قوغلاپ كوچىغا چىقىپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە پادىشاه بۇ جايدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

ۋەزىر پادىشاهنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئالىيلىرى، بىر ئايال «دەرد، دەرد، توختا!» — دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان دەردى بار ئوخشايدۇ،— دەپتۇ.

پادىشاه ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قارىسا راست دېگەندەك، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر ئايال ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن پادىشاه ئاتنىڭ بېشىنى ئايال تەرەپكە بۇراپتۇ-دە، ئايالغا يېقىنراق كەلگەندىن كېيىن:

— نېمە دەردىڭ بار؟ ئېيتقىن،— دەپ سوراپتۇ.

ئايال ئالدىكى ئادەمنىڭ پادىشاه ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە تەزىمدىن كېيىن بولغان ئىشلارنى پادىشاهقا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بالا دېگەننىڭ ئېتىمۇ «دەرد» بولامدۇ؟— دەپ سوراپتۇ پادىشاه ئايالدىن.

ئايال ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شۇنداق ئات قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاه ئوردىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەمما، بايا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئىشلار

ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋاپتۇ. «بىر ئادەم بىكاردىن-بىكار ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟ بالىنىڭ ئىسمى نېمە ئۈچۈن «دەرد» قويۇلۇپ قالدۇ؟ ئايالىنىڭ ماڭا ئېيتمىدىغان دەردلىرى زادى يوقمىدۇ؟» دەپ، ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچبىر قارارغا كېلەلمەپتۇ ۋە پادىشاھ ئاخىر بۇ ئىشنىڭ سىرىنى يەشمەك بولۇپ، ئايالىنىڭ ئۆيىگە بۇ ھەققتە ئېنىقراق بىر ئاساسقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئوردا خادىملىرىدىن ئىككى كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. كەلگەن كىشىلەر ئايالدىن ئەمەلىي ئەھۋالنى سورىغانىكەن، ئايال ئۇلارغا:

— بالىنىڭ ئاتىسى ئىككى ئاغىنىسى بىلەن سەپەرگە چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. كېيىن ئۇ ئىككى ئاغىنىسى كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بالىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» قويدۇم، — دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوردا خادىملىرى باينىڭ ئىككى ئاغىنىسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىغانىكەن، ئايال ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار باينىڭ بۇ ئىككى ئاغىنىسىنى ئوردىغا ئەكىلىپ سوراق قىپتۇ.

— مەن سەگسەدەپ كېلەي دەپ قونالغۇمىزدىن يىرىم چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئورمانلىققا كەتتىم. قايتىپ كەلسەم ئۇلار يوق، — دەپتۇ ئېگىز بويلۇق ئاغىنىسى.

سوتچى پاكار بويلۇق ئاغىنىسىنى سوراق قىپتۇ. ئۇ:

— ئۇلار مېنى يول بويى چەتكە قېقىپ ماڭدى. ئاچچىقىمغا پايلىماي مەن كېتىۋەرگەنىدىم، — دەپمۇ ۋە يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە باينىڭ ئېگىز بويلۇق ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئاللا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

سوتچى بۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنىڭ باش-ئاخىرى ھېچ قولاشمايۋاتقانلىقىنى: ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كېيىنىش بىر يەردىن چىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باينىڭ مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئىككىسىنى بىر يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ باينىڭ ئېگىز بويلۇق ئاغىنىسىگە قاراپ:

— ئورمانلىققا بېرىپ كەلسەڭ، ئۇلار ئىككىسى يوق، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ باينىڭ پاكار بويلۇق ئاغىنىسىنىڭ جان-پېنى چىقىپتۇ ۋە ھاپىلا-شاپىلا:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەنىدىم. ئۇلار ئىككىسى قالغان، — دەپتۇ.

— توختا! — دەپتۇ سوتچى پاكار بويلۇقنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سەن بۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەندە باي ساڭا بىرەر-يېرىم ئېغىز گەپ قىلمىغانمۇ؟

— گەپ قىلمىغان، — دەپتۇ پاكار بويلۇق.

— ئۇنداق بولسا سەندە گۇناھ يوق ئىكەن، — دەپتۇ سوتچى، ئاندىن ئېگىز بويلۇققا قاراپ:

— ساڭىمۇ بىر نەرسە دېمىگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئېگىز بويلۇق گەپ قىلمىغان دېسەم قۇتۇلىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇدە:

— گەپ قىلمىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوتچى ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— بالامنىڭ ئېتىنى «دەرد» قويۇن دېگەن ۋەسىيەتنى كىم قىلغان، كىمگە ئېيتقان؟ — دەپ سوراپتۇ.

پاكار بويلۇقنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، ئېگىز بويلۇققا قاراپتۇ. ئېگىز بويلۇق تىترەشكە باشلاپتۇ ۋە:

— بۇنى... بۇنى...دەپ تىلىنى چايناپتۇ.

— بۇ سۆزنى باي ساڭا، سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئېيتقان، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.

ئېگىز بويلۇق، پاكار بويلۇق ئاغىنىسىنى سىرىمىزنى پاش قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئەمدى ئېيتمىسام بولمىغۇدەك، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— شۇنداق، — دەپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

سوتچى پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ ئۇنى «تەدبىرلىك سوتچى» ئىكەنسىز دەپ ماختاپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئېگىز بويلۇقنى دارغا ئېسىشقا، پاكار بويلۇقنى قاراپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئەسلى باي ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، ئايالىم مەن ئۈچۈن ئەرزىيەت ئېيتىپ بارغاندا «دەرد» دېگەن ئىسىمنىڭ پايدىسى بولۇپ قالار دەپ بالىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» قويۇپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ئاقتۇقاي يېزىسىدىن ياقۇپ تاش (78 ياش)

---

(بېشى 141 - بەتتە)

لە ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپ قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئاندىن بۇ جەسەتلەرنىڭ پۇت-قولىدىن تارتىپ سۆرەپ يىراققا تاشلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ قايتىدىن داستىخان سېلىپ بىر تەخسە ئاشنى ئېلىپ كېلىپ، قىلىچىنى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ:

— ئەي بۇرادەر، كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويدۇم. بۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرەمسەن ياكى گۇناھىنى كەچۈرەمسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، — دەپ ئالدىدىكى ئاشنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

ھېلىقى ئادەم غەزەپتىن ئاچچىقىنى باسالماي قىلىچنى ئېلىپ ئىككىسىنىڭلا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. ئاندىن بىر تەخسە ئاشنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئىككىسى بىرلىكتە تاماقلىنىپتۇ. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ، بۇ شۇم يەلەكتىن زارلاپ پادىشاھلىق لىباسىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۈستىگە جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپتۇ. بېلىگە سەللىسىنى پوتا قىلىپ باغلاپ يېنىغا شەمشەرنى ئېسىپتۇ. قولىغا ھاسىنى ئېلىپ ھېلىقى ئادەم بىلەن قەلەندەر قىياپىتىدە بولۇپ ھېچقانداق ئىنسىجىنىغا بىلىندۈرمەي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەپەندى خەلق لەتىپىلىرى

### سىزگە شاگىرتلىققا بېرەيمۇ؟

بىر كىشى ئوغلىنى تۆمۈرچىگە شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قولى ئەگرى قوشنىسى:

— تۆمۈرچىلىك ئېغىر ئىش، بالا يانچىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاسانراق پۇل تاپىدىغان ھۈنەرگە بەرسەڭلار بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپكە بالىنىڭ دادىسى تەنىلىك كۈلۈپ:

— بەللى، ئانداقتا سىزگىلا شاگىرتلىققا بەرمەيمۇ؟ — دەپتۇ.

### بازارغۇ قىزىدى

بازاردىن يېنىپ چىقىۋاتقان بىر كىشىگە يولدا بىر پاھىشىۋاز ئادەم يولۇقۇپ قاپتۇ-دە، چاقچاق قىپتۇ:

— ھە ئاغىنە، بۈگۈنكى بازار قىزىدىمۇ؟ سەتەڭلەر خېلى كىرىپتىمۇ؟

— بازارغۇ قىزىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بازاردىن قايتقان كىشى، — ئەمما سىزنىڭ قىزىڭىزدىن سەتەڭرەك ھېچكىم كىرمەپتۇ.

### چالما كېسەكنىڭ شەرتى

بىر ئادەمنى بىر توپ كىشى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنى پاھىشە قىلدى دەپ ئەيىبلەپتۇ-دە، جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ھاكىم جاۋابكاردىن بۇ سۆزنىڭ راست-يالغانلىقىنى سوراپتۇ، ئۇ كىشى خىجىللىق بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ، ھاكىم خىزمەتكارلىرىغا يىگىتنى دەرەخكە باغلاشقا بۇيرۇپتۇ-دە، دەۋاگەرلەرگە:

— بۇ پاھىشىۋازنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ھەممىڭلار قولۇڭلارغا بىر تالدىن تاش ئېلىپ، بۇنى چالما-كېسەك قىلىسىلەر. ئەمما شەرت شۇكى، كىم ئۆمرىدە بىرەر قېتىم پاھىشە قىلمىغان ياكى نامەھرەمگە قارىمىغان بولسا، — دەپتۇ.

ھاكىمنىڭ سۆزى تۈگىگۈچە ھېلىقى دەۋاگەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

### سەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايسەن

بىر كىشىنىڭ ئاچچىقى بەكمۇ يامان ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ كىشىنىڭ مۈشۈكى داستىخان يېنىغا كەپتىكەن، ئۇ كىشى:

— پەش دېدىم بىر، پەش دېدىم ئىككى، پەش دېدىم ئۈچ، — دەپلا مۈشۈكنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى «بۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە مېنىمۇ بوغۇزلاپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ ئۇنىڭدىن خېتىنى ئاپتۇ ۋە باشقا بىراۋغا تېگىۋاپتۇ.

ئايالىنىڭ كېيىنكى ئېرى ياۋاش كىشى ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئايالىنىڭ هازازۇللۇقىدىن جىلى بولۇپ ئولتۇرسا داستىخان يېنىغا مىياڭشىپ مۈشۈكى كەپتۇ. هېلىقى كىشى دەررۇ:
— پەش دېدىم بىر...، — دەپتىكەن، ئايال قېتىغا كىرمىگەن هالدا:
— سەن مىس-مىسچۇ، ئۇنى هەرگىزمۇ دورىيالمايسەن، — دەپ مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

## تەڭپۇڭلاشۇن دېدىم

بىر دەۋادا قازى ئۆزىگە نەپ بەرگەن تەرەپكە هەددىپ يان بېسىۋېرىپتۇ. چەتتە قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى قوش مۇشتچىلىك تاشنى ئاپتۇ-دە، قازىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ.
— بۇ نىمە قىلىق؟ — دەپ غەزەپلىنىپتۇ قازى. هېلىقى كىشى:



— قارىسام بىر تەرەپكىلا قىيسىيىپ كېتىپ بارىسىز، ئوڭ-سولىڭىزنى تەڭپۇڭلاشۇن دېدىم، — دەپتۇ.

## ئامىتى بار دەيدۇ

بىر كىشىدىن باشقىلار سورىدى:
— ئوردا ئەمەلدارىنى ئەرەبلەر نىمە دەيدۇ؟
ئۇ كىشى جاۋاب بەردى:
— نىمە دەيتتى، «ئامىتى بار» دەيدۇ.

## ئۆزۈممۇ بىلەلمەي تۇرىمەن

بىر يازغۇچى كەسىپدىشىدىن:
— يېقىندىن بېرى بىسلىغان ئەسەرلىرىڭىزدىن ئۆزىڭىزچە قايسىسى ياخشى چىققاندەك تۇيۇلىدۇ، — دەپتۇ. كەسىپدىشى:
— هەممىسىگىلا تەھرىرنىڭ قولى تەگكەچكە، قايسىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆزۈممۇ ئايرىيالماي تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## مېنىڭ يۈزۈم قالمىدى

بىر شائىر ئاغىنىسىنىڭ دائىم ناخشىنى بۇزۇپ ئېيتىدىغانلىقىغا كايىپ، توغرا ئېيتىشقا سۆيلەيدىكەن. بىر ئاخشىمى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرسا هېلىقى ئاغىنىسى يەنە بۇزۇپ ئېيتقان پېتى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. شائىر ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئاغىنىسىنى توختىتىپتۇ-دە:
— بۇنىڭدىن كېيىن ناخشا ئېيتقۇچى بولما، — دەپتۇ.
— نىمىشقا؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى چۈشەنمەي.
— نىمىشقا بولاتتى، — دەپتۇ شائىر

www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرۈپ، — سەن تالادا ناخشا ئېيتىپ ئۆتسەڭ، ئۆيدە مېنىڭ يۈزۈم قالمايدىكەن.

## بىكاردىن سەكسەن خالتا دېمەيتتىكەن-دە!

بىر كىشى بازاردىكى دورىپۇرۇشتىن دورا ئاپتىكەن، بىر تەڭگىگە ئىككى چىمدىملا دورا يۆگەپ بېرىپتۇ.

— بىر تەڭگىگە كەلگىنى مۇشۇما؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ، — نېمانچە قىممەت بۇ!

— بالام، دورا دېگەن قانچە ئاز بولسا شۇنچە شىپا قىلىدىغان نەرسە، مەن تېخى سىزگە جىق بەردىم، — دەپتۇ قېرى دورىپۇرۇش.



— مۇنداق دېسىلە، دورىنى مۇشۇنداق چىمدىپ بېرىپ ئاۋۇتقاچقا، خالتىلىرى سەكسەنگە يېتىپتىكەن-دە! — دەپ دورا ئالغان كىشى كېتىپ قاپتۇ.

## قايسىنىڭغا تۇرىسىلەر

ئىككى سودىگەر بازاردا سوقۇشۇپ قېلىپ، كاللا-مۇللاق بولۇپ كېتىپتۇ. باشقىلار ئاجراتقانسېرى ئەدىشىپتۇ. شۇ چاغدا توپ ئىچىدە تۇرغان بىر قىزىقچى ئادەم ۋارقىراپتۇ:

— خالايىق قايسىڭ [illegible] دو تىكسەن، قېنى قايسىنىڭغا دو [illegible]؟ قارا تۇماقىمۇ ياكى بۆكچانىمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، دو تىكىشىپ ئوينايدىغان بۇ ئىت تالاشتۇرۇشمىدى؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان كىشىلەر. ھېلىقى قىزىقچى دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىت بولمىسا بۇلار ئاجراتقانسېرى ئۆرەدىشىپ كېتەتتىمۇ؟

## ئېچىق بېشىدا ئېشەك باردەپ ئاڭلاپ

بىر ئادەم ئېچىق بېشىدا بىر ئاقساقال بىلەن سۇ تالىشىپ يولسىزلىق قىلىپتۇ. بوۋاي:

— بالام، مەن قېرىپ قالغان ئادەم، سەن بولساڭ ياش، ئانداق قىلما، سۇنى مەن باشتا ئېچىۋالاي، — دەپتىكەن، ھېلىقى ئادەم بېشەملىك قىلىپ:

— كىم سېنى ساقىلىڭنى بىر باغ بېدىدەك چۇگىلاشتۇرۇپ سۇ ئاچقىلى چىق دېدى، ئۈيۈڭدە ياشراق بىرى يوقمىدى؟ — دەپ بوۋاينى رەنجىتىپتۇ.

— ياشلاردىنمۇ بار ئىدى، — دەپتۇ بوۋاي ئالدىرىماستىن، — بىراق ئېچىق بېشىدا ئاچ قالغان ئېشەك بار دەپ ئاڭلاپ، بۇ بېدىنى ئالايىتەن ئۆزۈم ئەكىلگۈدىدىم.

## نى سوغۇقلارنى دالاندا ئۆتكۈزۈۋەتتىم

بىر باي يىللىقچىسىنىڭ ئېتىغا خۇشتار بولۇپ قېلىپ، ئاتنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا يازىچە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماپتۇ. قورساقتىن قىسىپتۇ، قەرزلىرىنى سۈيلەپ ئۇندۇرۇۋاپتۇ. بىراق

دېھقان باينىڭ زېتىغا تەگكەندەك ھەرقانچە قېينالسىمۇ ئاتنى قولىدىن زادىلا چىقارماپتۇ.

كەچكۈزدە باي يەنە يىللىقچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئاتنى بەرمىسە، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۈستى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئەسكى دالان ئۆيگە چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى پۈرتىپتۇ-دە، يىللىقچىسىدىن:

— ھە، قانداق؟ بۇ يىل قىشنى سارايدا ئۆتكۈزەمسەن ياكى دالاندىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىللىقچى:

— يازدىچە بوپكەتكەن نى قارا سوغۇقلارنى دالاندا ئۆتكۈزۈۋەتتىم، بۇ قىشنىڭ سوغۇقى نېمىدى، بولىدى، دالاندا ئۆتكۈزەي! — دەپتۇ.

## ئۆزى تاشقا ئۆرۈۋالدى

بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئاتقان تېشى يولدا كېلىۋاتقان بۆلەك بىر كىشىنىڭ بېشىغا تېگىپ يېرىۋېتىپتۇ، جېدەل ئۈستىگە كېلىپ قالغانلارنىڭ بىرى تاش ئاتقان ئادەمنى ئەيىبلەپتۇ:

— قاراپ تۇرۇپ نېمىشقا بىگۇناھ بىراۋنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتىڭىز؟

— ھوي بۇرادەر، گەپنى ئۇقۇپ سۆزلەڭ، — دەپتۇ. تاش ئاتقان كىشى، — مەن تاشنى بۇنىڭ بېشىغا ئاتقىنىم يوق، بۇنىڭ ئۆزى مەن ئاتقان تاشقا قارشى كېلىۋېرىپ، ئۆزى بېشىنى يېرىۋالدى.

## ياخشى تىلەك

بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم يول بويىدا ئاتلىنىپ ئولتۇرغان تىلەمچىگە خېلىلا نۇرغۇن سەدىقە بېرىپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بىر دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تىلەمچى شۇ ھامان چىن كۆڭلى بىلەن قولىنى كۆتۈرۈپ، «ئىلاھا، بۇ كىشىنى قىرچاڭغۇ قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىپتۇ. سەدىقە بەرگۈچى ئەجەبلىنىپ:

— ھوي، نېمىشقا بۇنداق دۇئا قىلىسىز، — دەپ سوراپتۇ.

تىلەمچى:

— دۇنيادا تاتىلىنىشتىن زىيادە لەززەت بارلىقىنى ئەسلا كۆرمىدىم، بىلمىدىم، شۇڭا بۇ لەززەتتىن سىزنىمۇ بەھرىمەن بولسۇن دېدىم، — دەپتۇ.

## سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزغا كىم كېپىل؟

ھېچقاچان كىتاب ئوقۇپ باقمايدىغان بىر ئادەم، كىتابنىڭ گېپى بولۇۋاتقان بىر سورۇندا بىر كىتابنى قولىغا ئاپتۇ-دە، يېنىدىكىلەرگە:

— مۇشۇ كىتابنى ئوقۇساڭلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىڭلارغا مەن كېپىل، — دەپ ماختىنىپتۇ.

— ئۆزى سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزغا كىم كېپىل؟ — دەپ سوراپتۇ سورۇندىكىلەردىن بىرى.

## شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم قالمىدى

ئىككى جەمەتتىن بولغان ئىككى ئادەم بىر-بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ:

— ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىزدىن چىققان، — دەپتۇ بىرىنچى كىشى.

— توغرا، ھەممىسى چىقىپ كەتكەنلىكىدىن، ھازىر ئىچىڭلاردا ھېچكىم قالمىدى ئەمەسمۇ! — دەپتۇ ئىككىنچى كىشى.

www.uyghurkitap.com

## مېنىڭ قانۇنۇم مانا مۇشۇ!

بىر كىشىنىڭ مەنئى قىلىنغان ئىشلار بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرى ئۇنىڭغا:

— ھەي بۇرادەر، ئەمدى ئېھتىيات قىلىۋىراق ئوقەت قىلغىن. ھازىر بىرمۇنچە يېڭى قانۇنلار چىقتى، ئاڭلىشىمچە، بىر مۇنچىلار سېنى ئاشۇ قانۇنلار ئاساسىدا جازالاپ بەرسۇن دەپ شىكايەتمۇ قىلىپ يۈرگۈدەك، — دەپ نەسىھەت قىلىپتىكەن، ھېلىقى كىشى بىپەرۋالىق بىلەن:

— خاتىرىڭنى جەم قىل، مەندە ھەر-قانداق قانۇنغا تاقابىل كېلەلەيدىغان بىر قانۇن بار، — دەپ يانچۇقىدىن بىر توپ پۇلنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ؛ ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كۆردۈڭمۇ، مانا مېنىڭ ۋاقتى كەلسە شىكايەتچىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىنى مۇشۇ قانۇن بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

## ئاڭلىدىم، كۆرمىدىم

بىر ناتىق ئۇزۇندىن-ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، بىر مەھكىمە خىزمەتچىلىرىنىڭ قەبىھلىكىدىن شىكايەت قىپتۇ. قايتقان چاغدا بىراۋ ناتىقتىن:

— سىز دېگەن مەھكىمە قايسى مەھكىمە؟ ئېيتىپ بەرسىڭىز ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيمەن، ئۆزۈم كۆرمىدىم، باشقىلاردىن ئاڭلىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كېيىن ئاقارتىۋېتىمەك

بىر ئادەم قوشنىسىنىڭ يېڭى سېلىۋاتقان ئۆيىنى كۆرگىلى كىرىپ:

— ئۆيىڭىز پۈتۈن [illegible]مە؟ — دەپ زوقلىنىپتۇ.

— خۇدا بۇيرۇسا، — دەپتۇ قوشنىسى، — ئەمدى ئاقارتىشلا قالدى. ئاۋۋال ئاقارتىمەن-دە، كېيىن تاملارغا رەسىم سىزدۇرۇۋېتىمەن.

قوشنىسى دەپتۇ:

— ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال رەسىم سىزدۇرۇپ، ئاندىن ئاقارتىۋېتىڭ.

## خوتۇنىدىن لەت بولغان ئەر

بىر ئەر-خوتۇن دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرسا، كوچىدىن بىر ئېشەك ئۆتۈپ قاپتۇ، ئېرى خوتۇنىغا چاقچاق قىلىپ:

— نەزەر سالغۇدەك بولسام، بۇ سېنىڭ بىلەن بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرىدەك كۆرۈنىدىغۇ، — دەپتۇ.

— راست ئېيتىسىز، — دەپتۇ خوتۇن، — مېنىڭمۇ ھېچنېمەڭ يوق، سۇر يېتىمكەنسەن دەپ ئېلىۋىدىڭىز، شۇنىڭدىن بۇيان سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىزنى ئۆز تۇغقىنىمدەك بىلىپ، كۆڭلۈمنى توق تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، تارتىنماڭ، بۇمۇ سىزنىڭ تۇغ-



قىنىڭىز بولسا، ماڭا يېتى يوق.

لەت بولغان ئەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي قاپتۇ.

## ئەڭ خاتىرجەم يەر

بىر رەسسام دالىغا سۈرەت سىزغىلى چىقىپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھ ئەسكەرلىرى ئۇ تۇرغان يەرنىڭ يېنىغىلا كېلىپ، نىشان تىكلەپ، ئوقيا ئاتقىلى تۇرۇپتۇ. رەسسام پەلكۈچ-بوياقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خەۋپسىرەپ بىر چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ شۇ تەرىقىدە يېرىم سائەتچە كۆزەتسە، ئېتىلغان ئوقلارنىڭ بىرىمۇ نىشان تەرەپكە بارماي، ھەر تەرەپكە ئۇچۇپتۇ، شۇ چاغدا رەسسام:

— بولدى، خاتىرجەم يەرنى تاپتىم، — دەپتۇ-دە، دەررۇ نىشان تاختىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، بەھۇزۇر رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

## ئىشلەتمىگەچكە تولىدۇ

مەھەللە دوقمۇشىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەردىن بىرى مەلۇم باينىڭ گېپىنى قىلىپ:

— بۇ ئادەمنىڭ ئەقلى قالتىس كۆپكەن، خۇدايىم بەرگەن ئادەمگە پۇلنىمۇ، ئەقىلنىمۇ قوشلاپ بېرىدىكەن-دە! — دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي باينى ماختىغىلى تۇرۇپتىكەن، سورۇندىكىلەردىن باشقا بىرى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

— بۇرادەر، شۇنىمۇ بىلمەمسىز، خۇدايىم ئەقىلنى ھەممە ئادەمگە تەڭ بەرگەن، بىراق سىزنىڭ ئۇ بېيىڭىز ساپلا خىزمەتكار، مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنىدىن كېيىن، ئەقلى ئاينىپ تولىدۇ-دە!

## خەلقنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن...

پادىشاھ شەھەرنىڭ چېتىگە چوڭ بىر دارىلئاجىزدىن سالدۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر نە-نەلەردىن كېلىپ تاماشا قىلغىلى تۇرۇپتۇ. تاماشا قىلغۇچىلارنىڭ بىر توپى دارىلئاجىزىنىڭ كۆلىمى، كەڭلىكى، ئۆيلىرىنىڭ جىقلىقى ھەققىدە پاراڭ سېلىشىپ، پادىشاھنى ئادالەتلىكتە ماختىغىلى تۇرغانىكەن، شۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلەر، پادىشاھنىڭ زۇلمى پۈتۈن خەلقنى ئۆي-ۋاقا، ئوزۇق-تۈلۈكتىن مەھرۇم قىلىۋەتكەن تۇرسا، دارىلئاجىزدىن سالدۇرۇشتىن باشقا نېمە ئىلاجى بار، — دەپتۇ.

## تونۇسىڭىز بەرمەيتتىڭىز

بىر يىگىت بازاردا باي قىياپىتىدە كىيىنگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بەش تەڭگە پۇل ياردەم قىلسىلا ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سىزنى تونۇمىسام، قانداقلارچە پۇل بېرىمەن، — دەپ ھەيران بوپتۇ باي.

— بەللى، بەرسىڭىز مۇشۇ تونۇماس چېغىڭىزدا بېرىڭ، — دەپتۇ يىگىت دەررۇ، — ئەگەر تونۇسىڭىز جەزمەن بەرمەيسىز.

## ئۆزىڭىزنىلا دوراپتۇ

بىر ئادەم مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئالدىدا، جامائەتكە ماختىنىپ پاراڭ قىپتۇ:

— خۇداغا مىڭ قەتلى شۇكرى، بالىلىرىم خۇددى ئۆزۈمدەكلا زېرەك، ئاقىل، ئەدەبلىك چوڭ بولدى...

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دەپتۇ جامائەت ئىچىدىن بىرى ھېلىقى ئادەمنىڭ پارىڭىنى بۆلۈپ، — بالىلىرىڭىزنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتى خۇددى ئۆزىڭىزنىڭكىدەك بولغىنىغا گۇمانىمىز يوق، قاچان سىزنىڭ ئىشىكىڭىز ئالدىدىن ئۆتسەك، بالىلىرىڭىزنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئەڭ ئىپلاس سۆزلەردە تىللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمىز.

## چىراي ۋە ئەقىل

پادىشاھنىڭ مەلىكىسى شەھەردىكى ئاياللارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويماي زىياپەتكە چاقىرىپتۇ، ئاياللار ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن مەلىكە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، يۈزىدىن چۈمپەردىسىنى ئاپتۇ، ئۇ سەتلا بىر خوتۇن ئىكەن.

زىياپەت تارقىغاندىن كېيىن، كەلگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئۆز چىرايىغا تەمەننا قويۇپ يۈرگەن بىر ئايال مەلىكىگە ئۆزىنىڭ خاس گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ، مەلىكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— مۇھتەرەم خېنىم، خۇدايىم ھەممىمىزنى يارىتىپ، ھۆسن-جامال تارىتقاندا ئۆزلىرى نەدە قالغان ئىدىلە؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئايال مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ. مەلىكىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— بۇ چاغدا خۇدايىم ئىككىمىزنى تەرەپتە ئەقىل تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتاتتى. مەن شۇ ياقتا كېتىپ قالغان ئىكەنمەن، — دەپتۇ.

## بۆرىلەرنىڭ جاۋابى

ئوۋچىنىڭ ئىككى تايغان ئېتى خوجايىنى كۆرسەتكەن بۆرىلەرنى يېرىم كۈنگىچە قوغلاپ، زادىلا يېتەلمەپتۇ، بىر چاغدا تايغانلارنىڭ بىرى:

— ھەي بۆرىلەر، بىزمۇ ئۆلگۈدەك ھاردۇق، سىلەرنىڭمۇ ماغدۇرۇڭلار قالمىدى، توختاڭلار، سىلەردىن سورايدىغان بىر سوئالىمىز بار، — دەپتۇ، بۆرىلەر توختاپ:

— قېنى سورا! — دەپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپتۇ.

— يۈگۈرۈشكە كەلگەندە بىزدىن يۈگۈرۈك ھايۋان يوق ئىدى، ئەجەبا، بۈگۈن سىلەرگە زادىلا يېتەلمىدۇققۇ، بۇ-



نىڭ سىرى نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ با-
يىقى تايغان.

بۇغىلاردىن بىرى كۈلۈپ قويۇپ،
جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، بىز ئۆز
ھاياتىمىزنى، بالىلىرىمىزنى، جېنىمىزنى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈگۈردۇق ھەم
يۈگۈرىمىز، سىلەر بولساڭلار ئوۋچىنىڭ
بەرگەن ئەسكى تەگىنىدىكى يۇندا-چاقنى
ھەم كۆلدە-كۆمەچلىرى ئۈچۈن يۈگۈر-
دۈڭلار ھەم يۈگۈرىسىلەر، سىر ئەنە شۇ
يەردە، — دەپتۇ.

## بۇلبۇل بىلەن تۇتى

تۇتى بۇلبۇلنى كىشىلەرنىڭ بەكمۇ
ماختاپ، ئارزۇلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ
تارلىقى كەپتۇ-دە، بۇلبۇلدىن سوراپتۇ:

— نېمىشقا سەن سەت بولساڭمۇ
خەقلەر سېنى ماختايدۇ، مەن شۇنچە چى-
رايلىق، ھەرقانداق نەرسىنى دوردىيالاي-
مەن، بىراق خوجايىنىم مېنى زادىلا ياق-
تۇرمايدىغۇ؟

بۇلبۇل جاۋاب بېرىپتۇ:

— گەپ سەت-چىرايلىقلىقتا ئەمەس،
ھەممىنى دوردىيالاشتىمۇ ئەمەس، گەپ
ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشتا.

## ئەك قورقماس

بىر سودىگەر خىزمەتكارلىرى بىلەن
سەپەرگە چىقىپ، بىر ئورمانلىق يېنىدا
چېدىر تىكىپ تۈنەپ قاپتۇ. كېچىدە تۇ-
لا رغىزا يېيىشىۋاتسا چېدىر ئالدىدا ۋە-
ھىمىلىك چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ،
سودىگەر چېدىرنىڭ بۇلۇڭىغا ئۆزىنى ئې-
تىپتۇ-دە، بىر تەرەپتىن:

— قايسىڭ جايىڭدىن مىدىرلىمىساڭ
مۇكاپات بېرىمەن، — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇ-
رۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن چىرقىراش
ئاۋازى بېسىلىپتۇ. سودىگەر ئۆزىنى بىر-
ئاز تۇختىتىۋېلىپ، ئۆپچۆرىسىگە قارىغۇ-
دەك بولسا، خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەممىسىلا
دېگۈدەك بۇلۇڭ-بۇلۇڭلارغا مۆكۈنۈۋالغان،
پەقەت بىر خىزمەتكارلا جايىدىن مىدىر-
لىماي ئولتۇرغانىكەن.



— يارايسەن، خىزمەتكارلىرىمنىڭ
ئىچىدىكى ئەك قورقماس باتۇرى سەن
ئىكەنسەن، ئېيت، مۇكاپات ئۈچۈن نېمە
تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپتۇ سودىگەر ھې-
لىقى خىزمەتكارغا.

— تەقسىر، ماڭا پەقەت يەڭگۈشلىۋا-
لىدىغانغا بىرلا تامبال بولسا بولاتتى، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خىزمەتكار.

## خوتۇنىدىن قورقمايدىغان ئادەم بارمۇ؟

خوتۇنىدىن بەكمۇ قورقىدىغان پا-
دىشاھ، ئۆز ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈن
«دۇنيادا خوتۇنىدىن قورقمايدىغان ئادەم
يوق» دېگەن بەھس ئۈستىدە ۋەزىر بى-

لەن تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇلار پۈتۈن شەھەردىكى ئەركەكلەرنى يىغىپتۇ-دە:

— قايسىڭلار خوتۇنۇڭلاردىن قورقساڭلار، مۇشۇ دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈڭلار! — دەپ جاكارلاپ، ئۆزلىرى بىر چەتتە بايقاپ تۇرۇپتۇ. ئۆتۈش كەچكىچە داۋاملىشىپتۇ. ئاخىر بىرلا ئادەم دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتمەي، جايىدا تۇرۇۋېرىپتۇ.

— قانداق شاھىم، خوتۇنىدىن قورقمايدىغان بىرەر كىشى بولسىمۇ بارمىكەن؟ — دەپتۇ خۇشال بولغان ۋەزىر.

— ئالدىرىما، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ھېلىقى ئادەمنى ئالدىغا چاقىرتىپ سوراپتۇ، — سەن نېمىشقا دەرۋازىدىن ئۆتمىدىڭ؟ قارىغاندا خوتۇنۇڭدىن قورقمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — مەنمۇ بايىلا ئۆتەتتىم، بىراق خوتۇنۇم «كۆپ ئادەملەر كېتىۋاتقان تەرەپكە ماڭما» دېگەچكە جايىمدا تۇرۇپ قالدىم.

## ھېلىمۇ يېرىلىپ كەتمەپتۇ

بىر يازغۇچى ئايالىغا:

— بۈگۈن بېشىمنىڭ خىزمىتى بەكمۇ جىق بولدى، — دەپ ھال ئۇقۇپتۇ.

— بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنال ئۈچۈن ماقالە يازغانسىز تايىنلىق؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— ياق دەپتۇ يازغۇچى، — بازارغا چىقىپ، ۋەقەلىك ئىزلىدىم. بىرەر سائەت ئىچىدە بىرەر يۈزچە ۋەقەنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. شۇنىڭ قايسىسىنى يېزىپ، قايسىسىنى قويۇشۇمنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم.

ئايالى چۆچۈپ:

— يائاللا، بىرەر سائەتتە شۇنچە ۋەقەنى كۆرۈپ-ئاڭلاپ، ھېلىمۇ بېشىڭىز يېرىلىپلا كەتمەپتۇ، — دەپتۇ.

## راھەت ئۇيقۇ

ئۇيقۇسى قاچىدىغان بىر ئادەم تېۋىپتىن:

— راھەت ئۇخلاش ئۈچۈن قانداق ياتسا بولىدۇ؟ — دەپ مەسلىھەت سورىغانىكەن. تېۋىپ:

— قايسى يېتىشىڭىزدا راھەترەك ئۇخلىسىڭىز، شۇ يېتىشتا ئۇخلاڭ، — دەپتۇ.

— مەن ھەر تۈرلۈك يېتىپ باقتىم، ئەمما ھېچبىر راھەتلىنىپ ئۇخلىيالمىدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم يەنە تەرسالىق بىلەن. تېۋىپ:



— ئۇنداق بولسا، گۆرگە كىرگۈچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، تازا راھەت ئۇيقۇنى شۇ يەردە ئۇخلايسىز، — دەپتۇ.

رەتلىگۈچى: تېيىپجان ھادى، ماخمۇت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com

# ئاتا بوۋىلار نەسىھەتلىرىدىن

## سالاملىشىش قائىدىسى

تونۇش ياكى نا تونۇش ئىككى كىشى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزئارا سالاملىشىشلىرى ئىنتايىن زۆرۈر. تونۇشلار ئۇچراشقاندا پەقەت سالاملىشىپلا قالماي، بىر - بىرىنىڭ هال ئەھۋالىنى سوراشلىرى لازىم.

بىر كىشى ئىككىنچى كىشىگە سالام بەرسە، ئۇنى دەرهال ئىلىك ئېلىپ، سالامنىڭ جاۋابىنى بەرگەي. سالامنى تولۇق «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، دەپ ئېيتقاي. «ئەسسالام ئەلەيكە» دېيىش توغرا ئەمەس. «سالام ئەلەيكوم» ياكى «سالام» ياكى «ئەلەيكەس سالام» ياكى «سالام بەردۇق» دېيىشكە بولمايدۇ. سالامنىڭ جاۋابى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» بولۇپ، بۇنى «ئەلەيكۇم سالام»، «ئەلەيكەس سالام» ياكى پەقەت «ئەلەيكۇم»، دەپلا قويۇش توغرا ئەمەستۇر. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «سىزگە تىنچ - ئامانلىق بولسۇن»، دېمەكتۇر. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» بولسا «سىزگىمۇ تىنچ - ئامانلىق بولسۇن» دېگەن سۆزدۇر.

سالاملاشقاندا باشنى ئەگمەستىن، ئىككى قولنى كۆكرەككە قويۇپ سالام بېرىش تەۋسىيە قىلىندۇ. نۇرغۇن ئادەمگە ئۇچرىشىپ قالغان كىشى ئۇلارنىڭ هەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم سالام بېرىپ يۈرمەي، هەممىگە قاراپ بىرلا سالام بەرسە شۇ كۇپايە قىلىدۇ. ياش جەهەتتە كىچىك كىشى يېشى چوڭغا، مېڭىپ كېتىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە سالام بېرىشى لازىم. كەمسىتىپ، كۆزگە ئىلمىغاندەك، هىجىيىپ سالام بېرىش ئەدەبسىزلىك. سالام سەممىي بولسۇن. سالام ئالغان كىشى بېشىنى قىمىرلىتىپلا قويماسلىق كېرەك. سالامنىڭ جاۋابىنى هۆرمەت بىلەن تەلتۆكۈس ئاڭلىتىپ دېيىش كېرەك. ئەگەر بىر كىشى تونۇشىنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىش ئىلاجىنى قىلالمىسا، شۇ جايدا تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سالام ئىشارىسىنى بەرسە بولىدۇ.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، قولىنىڭ ئۇچىنىلا بېرىپ سالاملىشىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. بۇنداق قىلىش سالام بەرگەن كىشىنى كەمسىتكەنلىك، ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. ئۇزاقتىچە بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن كىشىلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشلىرى كېرەك.

## كوچا - كويدا ئۆزنى تۇتۇش

كوچىدا ئەدەب بىلەن يۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

كىيىملىرىگە مەينەت نەرسىلەرنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئاغزىنى ئېچىپ، كۆرۈنگەنلا نەرسىگە ھاڭۋېقىپ يۈرۈش ياخشى ئەمەس. بازاردا ۋە ئادەملەر كۆپ يىغىلغان جايلاردا ئېھتىيات بىلەن مېڭىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بىپەرۋالىق بىلەن چامداپ باشقىلارنىڭ پۇتلىرىنى دەسسىۋېلىش ياكى باشقىلارنى ئىتتىرىپ، سوقۇۋېتىش، شۇنىڭغا ئوخشاش نالايىق ھەرىكەتلەر بىلەن باشقىلارغا ئازار بېرىش ياخشى ئەمەس. ئەگەر ئىككى ئەر كىشى ياكى ئىككى ئايال ئۆز-ئارا سۆزلىشىپ تۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈش تەربىيىسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر يولدا قېرى بوۋاي-مومايلار كېتىۋاتقان بولسا، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ كەينىدە مېڭىش لازىم. ئىشى ئالدىراش بولۇپ قالسا، ئۇلاردىن چەتنەپ، يانداپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.

ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان يول ئۈستىدە سۆزلىشىپ تۇرۇۋېلىپ، يولۇچىلارغا دەخلى قىلىش توغرا ئەمەس، چەترەك جايدا تۇرۇپ سۆزلىشىش لازىم. يول ئۈستىدە پۇتلىشىپ تۇرغان تاش، تىكەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرگەندە، ئۇلارنى چەترەك يەرگە ئېلىپ تاشلىسا، باشقا يولۇچىلارغا پايدىلىق ئىش قىلغان بولىدۇ. كۆرۈنگەنلا يەرگە تۈكۈرۈش، مىشقىرىش ۋە مەينەت نەرسىلەرنى تاشلاش تەربىيىسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. كوچىدا ياشانغان كىشىلەر، ئاجىز ئادەملەر ياكى كىچىك بالىلار ئۇچراپ قالسا، ئۇلارغا ياردەملىشىش كېرەك. ئۇلارنىڭ يۈكلىرى بولسا، دەرھال قولىدىن ئېلىپ ياردەم بەرگەن كىشى ناھايىتى ئالىيجانابلىق قىلغان بولىدۇ. يول ياقىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان كىشى ئەدەب-قائىدىگە رىئايە قىلىشى لازىم. يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خوتۇن-قىزلارغا چېقىلىش، مەسخىرە قىلىش ئەدەبسىزلىكتۇر. بىرەر كىشى يېنىغا كېلىپ ئولتۇرسا ئەدەب دائىرىسىدە چىرايلىق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇش كېرەك. ئىغۋا، پىتنە-پاساتلاردىن تىلىنى يىغىش لازىم. بىرەر كىشىنىڭ تېيىلىپ ياكى پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك.

ھەممە ئادەمگە سەن ياخشى قىلىق قىل، تىلىڭنى خوش، چىرايىڭنى ئىللىق قىل. نېچۈك سۆز بولسا سەن ياخشى ئىشىتكىن قۇلاقىڭغا قىلىپ ھالقا بېكىتكىن.

## رۇخسەت سوراش ئەدەپلىرى

بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە بىرەر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىشنى خالىسىڭىز، ئىشىكتىن كىرگۈچە ئىشىكنى چېكىپ ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت ئېلىڭ. ئۈن-تىنسىز ھېچقانداق شەپە چىقارماي ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىش ئەدەبسىزلىك ۋە تەربىيىسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاۋۋال ئىشىكنى ئاستىراق چېكىڭ، ئۆيدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىسا، بىر ئازدىن كېيىن يەنە چېكىڭ. ئەنە شۇنداق ئۈچ قېتىم چېكىلگەندىن كېيىنمۇ ئۆيدىن جاۋاب بولمىسا، ئۆيدە ئادەم يوقلۇقى ياكى ئۆي ئىگىسى ھېچكىمنى قوبۇل قىلىشنى

خالىمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەھۋالدا ھەدەپ ئىشىكنى تاراقلىتىۋەرمەي، ئارقىڭىزغا قايتىڭ.

ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئىشىكنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ «سىز كىم؟» دەپ سورىسا، «مەن» دەپلا جاۋاب بەرمەي، ئۆز ئىسمىڭىزنى تولۇق ئېيتىشىڭىز كېرەك. ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن نېمە ئىش توغرىلىق كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇنىڭغا دەڭ. چىرايىڭىز ئوچۇق، سۆزىڭىز مۇلايىم بولسۇن.

ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشىشنى تەكلىپ قىلسا، ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇڭ. ئىشىڭىز بەك ئالدىراش بولسا، ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەكلىپى ئۈچۈن رەھمىتىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئۆي ئىگىسى ماقۇل كۆرسە، شۇ يەردىلا مەقسىتىڭىزنى دەڭ. كېرەكلىك جاۋابلارنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن خوشلىشىپ قايتىڭ.

## مېھماندارچىلىق ئەدەبلىرى

ئەگەر ئۆيىڭىزگە بىرەر ئادەمنى تەكلىپ قىلغان بولسىڭىز ياكى چاقىرمىغان بولسىڭىزمۇ، كۆڭلى تارتىپ، سىز بىلەن بىر ئاز سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆيىڭىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەن بولسا، سىز ئۇنى خۇش خۇي قارشى ئېلىپ، ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىڭ. سالام بېرىپ كۆرۈشۈڭ، يوقلاپ كەلگىنى ئۈچۈن مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇڭ. ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، دەرھال داستىخان سېلىپ، تاماق كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىڭ. ناننى يېتەرلىك قىلىپ ئۇشتۇڭ، كۆپ ئۇشتۇپ قويسىڭىز، نان ئىسراپ بولىدۇ، ئىسراپخورلۇقتىن ساقلىنىڭ. مېھمانغا: «قېنى مەزەلەرگە بېقىڭ» دەپ تەكلىپ قىلىڭ ۋە ئاۋۋال ئۆزىڭىز باشلاپ بېرىڭ. مېھماندىن ئاۋۋال قولىڭىزنى تائامدىن تارتىۋالماڭ، ئاز-ئازدىن بولسىمۇ، بىرلىكتە يېگەچ تۇرۇڭ. بولمىسا مېھمان خىجىل بولۇپ قېلىپ تاماقتىن قولىنى تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مېھماننى «قېنى ئېلىڭ، يەڭ» دەپ ھەددىدىن زىيادە قىستاۋەرمەڭ، ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلسىڭىز كۇپايە قىلىدۇ. داستىخانغا قويۇلغان تاماق ئاز بولسا، ئۆزىڭىز ئاز-ئاز ئېلىپ، كۆپىنى مېھمانغا يېگۈزۈڭ. مېھمان تويۇپ، تائامدىن قول تارتقاندىن كېيىن، دەرھال قولىغا سۇ قۇيۇپ، پاكىز لۆڭگە بېرىڭ. مېھمان بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ سۆزلەڭ. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى كۆتۈرەلمىگۈدەك سۆزلەر ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن. بولمىسا بەزى سۆزىڭىز ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. مېھمان ئالدىدا ئائىلە ئەزالىرىڭىز بىرەرىنى دۈشكەللەپ، قاتتىق سۆزلەرنى قىلماڭ، مېھماننىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل ئويلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. مېھمان كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرسا، ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلەپ خوشلىشىڭ، يەنە كېلىپ تۇرۇشىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۆتۈنۈڭ.

ئەگەر سىز كۆپ كىشىنى مېھمانغا چاقىرسىڭىزمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىدا ئېيتىلغان مېھماندارچىلىق ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىڭ، قولىڭىزدىن كېلىشىچە ئۇلارنى خۇش قىلىشقا تىرىشىڭ.

## مېھماننىڭ ئىززىتى

ئەگەر سىزنى ھۆرمەتلەپ توي، زىياپەت، مەرىكىلەرگە چاقىرسا، چوقۇم بېرىڭ. بىرەر زۆرۈر ئىشقا تۇتۇلۇپ قېلىپ، بېرىشقا مۇمكىن بولماي قالسا، ئۆزەر ئېيتىپ كەچۈرۈم سوراڭ ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەت قىلىپ چاقىرغانلىقى ئۈچۈن رەھمىتىڭىزنى ئېيتىڭ.

تەكلىپ قىلىنمىغان بىرەر كىشىنى توي، زىياپەتكە ھەرگىز بىللە ئېلىپ بارماڭ. توي، زىياپەتكە بېرىشتىن ئاۋۋال ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىڭ. ئۇ يەردە ئاچكۆزلۈك قىلىپ، تاماقنى ھەدەپ يەۋېرىش ئەيىب سانىلىدۇ. ساھىبخان داستىخانغا نېمە كەلتۈرسە ئۇنى ئېتىراز بىلدۈرمەي يەڭ، داستىخانغا قويۇلغان نازۇنېمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ساھىبخاننىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، بۇنداق قىلىش ئۇيات ئىش.

مېھمانلاردىن ئاشقان تاماقلارنى تەۋەررۈك دەپ زورلاپ بىر-بىرىگە يېدۈرۈش بولمىغان قىلىق، بۇنداق ئىشتىن ساقلىنىش كېرەك. زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئەزىمىلىك قىلىپ، سۆزلىشىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ساھىبخانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆيىگە قايتىشقا ئىجازەت سوراش كېرەك.

## سۆھبەتلىشىش ئەدەبلىرى

توي، زىياپەت، مەرىكە قاتارلىق سورۇنلارغا بېرىپ، سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ئادەملەر ئارىسىغا كىرسىڭىز، تۆۋەندىكى سۆھبەت ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىڭ.

ئولتۇرغانلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن بەدىنىڭىزنى ۋە كىيىملىرىڭىزنى پاكىز ۋە رەتلىك تۇتۇڭ. ئاغزىڭىزدىن سامساق ياكى خام پىياز پۇراپ تۇرمىسۇن. سۆھبەتداشلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارغا سالام بېرىپ كۆرۈشۈڭ. بىرلا قېتىم بېرىلگەن سالام شۇ جايدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە تېگىل بولىدۇ. ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ ئولتۇرماڭ. ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا رۇخسەتسىز كىرىپ ئولتۇرۇۋالماڭ. سىزدىن يۇقىرىراق ئولتۇرغان ئادەم سىرتقا چىقماقچى بولۇپ قالسا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يول بېرىڭ. ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ قېتىپ ئولتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىڭ. يانپاشلاپ ياكى پۇت-قوللارنى خالىغانچە سوزۇپ ئولتۇرۇش ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلىشىشنى خالىسىڭىز، ئەپلەشمەيدىغان قىلىقلاردىن ساقلىنىڭ. چوڭ-كىچىكلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ياش ۋە دەرىجىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىڭ. قاپىقىڭىزنى تۈرۈپ، خىڭگىلداپ سۆزلىمەڭ. مۇئامىلىڭىز خۇش خۇي، چىرايىڭىز ئىللىق، سۆزىڭىز شېرىن ۋە مۇلايىم بولسۇن.

مۇبادا چۈشكۈرمەكچى بولۇپ قالسىڭىز، ئېغىز-بۇرنىڭىزنى قول ياغلىقىڭىز بىلەن تۇتۇپ، ئاستىراق چۈشكۈرۈڭ. ئولتۇرغان كىشىنى ئىشقا بۇيرۇماڭ. باشقىلاردىن يېشىڭىز كىچىكرەك بولسا، غىزا كەلتۈرۈلگەندە دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، خىزمەت قىلىشقا تۇتۇنۇڭ، ساھىبخانغا

ياردەملىشىڭ. لېكىن قىلغان خىزمىتىڭىزنى مىننەت قىلماڭ.

سۆھبەت ۋاقتىدا، مۈگدەپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. سۆزلىگەندە باشقىلارغا سۆز بەرمەي، ئۆزىڭىزنى بىلەرمەن كۆرسىتىپ، ھەدەپ سۆزلەۋەرمەڭ. بىرەيلەن سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئارىسىغا سۆز قىستۇرماڭ. ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، زۆرۈر بولسا، سۆھبەتداشلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاستا ۋە مۇلايىم قىلىپ سۆزلەڭ. ھەددىدىن زىيادە كۆپ سۆزلەپ، ئەزمىلىك قىلىپ تۇرماڭ، سۆزىڭىز قىسقا، مەنىلىك بولسۇن. بولمىسا، مېھمانلار زېرىكىپ قالىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭ، غەيۋەت سۆزلەرگىمۇ قۇلاق سالماڭ. سۆزلەۋاتقان چېغىڭىزدا باشقىلارنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭىز بىلەن جونۇپ ئىزرىپ سۆزلىمەڭ. سۆھبەتداشلىرىڭىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە تەگمەڭ. ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتماڭ. بىر كىشىنىڭ سۆزلىگەن سۆزىگە نارازىلىق بىلدۈرمەكچى ياكى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە سۆز قىلماقچى بولسىڭىز ئەدەب-ئەخلاق دائىرىسىدە سۆزلەڭ.

ھەممە نەرسىگە قاقاقلاپ كۈلۈۋەرمەڭ. سۆھبەتداشلارنى زاڭلىق قىلماڭ. ئۇلارنى لەقەملىرى بىلەن چاقىرماڭ. بولمىسا، ئاخىردا كۆڭۈلسىزلىك چىقىشى مۇمكىن. باشقىلارنىڭ قېشىدا يېنىڭىزدىكى كىشى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلەشمەڭ. بۇنداق قىلسىڭىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

### يېمەك-ئىچمەك ھەققىدە

تاماقنى ۋاقتى-ۋاقتىدا، ئۆلچەملىك يېيىشكە ئادەتلىنىڭ. زورلاپ بەك كۆپ يەۋالسىڭىز، ھەزىم قىلالماي ئاۋارە بولۇپ قالىسىز، ھەتتا ساقسىز بولۇپمۇ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

بېلىقنى، ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىنى، تۇخۇمنى، گۆشنى سۈت بىلەن يېمەڭ. شۇ قاتاردا سۇرگۆش بىلەن يېڭى گۆشنىمۇ قوشۇپ يېيىشكە بولمايدۇ. سېسىغان ۋە ئېچىپ قالغان تاماقنى يېيىشتىن ساقلىنىڭ. بىرەر سورۇندا ئولتۇرغىنىڭىزدا تاماق يېيىشكە توغرا كېلىپ قالسا، پىشقەدەم كىشىلەر تاماققا قول ئۇزاتمىغۇچە سىز ئالدىراپ قول ئۇزاتماڭ. تاماقنى ئۆز ئالدىڭىزدىن ئېلىپ يەڭ. ناننى ئىككى قولىڭىز بىلەن سۇندۇرۇپ، قولىڭىزغا تاماقتىن يۇققان مايىنى ھەرگىز نانغا سۈركىمەڭ. تاماقنى ئالدىراپ-سالدىراپ يېمەڭ. تاماقنى ئوبدان چايناپ، ئاستا يۇتۇڭ. ئاغزىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە يوغان ئېچىپ ۋە شالاپلىتىپ تاماق يېيىشتىن ساقلىنىڭ.

ئاغزىڭىزدا چايناۋاتقان تائامنى يۇتۇپ بولماي تۇرۇپ تاماققا قول ئۇزاتماڭ. ئاغزىڭىزغا تەگكەن تائامنى، چىشلىگەن گۆشىڭىزنى يېيەلمىگەن تاماقنا قوشۇپ قويماڭ. قولىڭىزنى تاۋاق ياكى چىنىگە سىلكىمەڭ. داستىخاندا تىزا، تاپچىقسۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسا، قولىڭىزدىكى يەۋاتقان نەرسىنى ئۇلارغا تەگكۈزۈپ، چىلاپ يېمەڭ. قوشۇق بىلەن ئۇلاردىن خالىغىنىڭىزچە ئېلىپ، تاماقىڭىزغا سېلىپ يەڭ. قولىڭىزغا قوشۇق ئېلىپ تاماق يېمەكچى بولسىڭىز، قوشۇققا تاماقنى بەكمۇ جىق تولدۇرۇپ ئالماي، يېرىمراق ئېلىڭ. ئېلىۋاتقان سۇيۇق يا-

كى قويۇق تاماق داستىخان ياكى كىيىملىرىڭىزگە تۆكۈلۈپ-چېچىلىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ. قوشۇقتىكى تاماقنىڭ يېرىمىنى يەپ، يېرىمىنى تاۋاققا قايتۇرۇپ تۆكمەڭ، ئاغزىڭىزغا سىغقۇدەك ئېلىڭ. ئاغزىڭىزنى تاماق ئۇسۇلغان قاچىغا زادى يېقىن ئەكەلمەڭ. قوشۇقنى تاماق بىلەن قوشۇپ ئاغزىڭىزنىڭ ئىچىگە تىقماڭ.

داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن مېۋىلەرنى يېمەكچى بولسىڭىز يېگەن مېۋىلىرىڭىزنىڭ شاكال ۋە ئۇچكىلىرىنى يېيىلمىگەن مېۋىلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىماي، بىر بوش قاچا ئىچىگە تاشلاڭ.

## ئەر-ئاياللىق ئەدەبلىرى

ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئائىلە ئۈچۈن بەخت-سائادەت كەلتۈرىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن راھەت ۋە پاراغەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئاتا بىلەن ئانا تەرتىپلىك، ئەدەبلىك، بىر-بىرىگە خۇش مۇئامىلىك بولسا، بالىلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىپ، شۇنداق تەربىيىدە ئۆسىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، تەرتىپسىز، ئۇرۇشقاق ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇپ يېتىشىدۇ. ئەر ۋە ئايال بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

بەزىدە ئائىلىدە ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈستىدە كېلىشەلمەسلىك ئەھۋاللىرى بولۇپ قالىدۇ. ئاتا-بوۋىلىرىمىز: «ئۇرۇش-جېدەل كۆپ بولىدىغان ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ، ئەر ۋە ئايالنىڭ جېدىلى داكا ياغلىق قۇرۇغىچىلا بولسۇن»، دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان. «تاما-تاما كۆل بولۇر» دېگەندەك، ئۇششاق-چۈشەك ئىشلار بارا-بارا چوڭىيىپ، كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئىستىقبالىنى ياخشى چۈشىنەلىگەن ئەر-ئايال ئەنە شۇنداق كىچىك، ئەھمىيەتسىز مەسىلىلەر ئۈستىدە چىققان جېدەللەرگە يول قويماسلىقى كېرەك.

ئەر مۇنۇنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك: ئايال ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بىر زات. ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆرمەسلىك، تەقدىرلىمەسلىك ئىنساپ ۋە مۇرۇۋۋەتتىن كۆز يۇمغانلىق. ئايالنىڭ تۇغۇت مەزگىلىدە چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلۇق. بالىنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ئايال ئۈچۈن يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دېمەكتۇر. ئامان-ئېسەن كۆزى يورۇپ، بوۋاقنى قۇچىقىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى بېقىپ تاكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بولغۇچە ئايال كىشى ئاز ئازاب چېكەمدۇ؟ ھۆرمەتلىك ئانىنى ھەرقانچە ھۆرمەتلىسەك، يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر دانىشمەن: «جەننەت ئانىنىڭ ئايىغى ئاستىدۇر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

تەربىيە كۆرگەن، ئەدەبلىك ئەركەك ئۆز ئايالىنى دائىم ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدۇ. ئايالى ۋە بالىلىرىغا ئوچۇق چىراي ۋە شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىنىشتە تەڭلىكتە قالدۇرمايدۇ، تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. تاپقىنىنى بىھۇدە يەرلەرگە سەرپ قىلماي، پەقەت ئائىلىسى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئوتۇن يېرىش، سۇ ئەكىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىراق

ئۆي ئىشلىرىدا ئايالىغا ياردەم بېرىدۇ. تەربىيە كۆرگەن، ئەدەبلىك ئەر كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتقاندا كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرمەستىن، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىدۇ. ئايالىنىڭ ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن باردى-كەلدى مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئايالىنىڭ بىرەر ئىشتىن نارازى بولسا، ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى مۇلايىملىق بىلەن بىلدۈرۈپ، نەسىھەت قىلىدۇ. ئەگەر ئانىسى بىلەن ئايالى يەنى قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا كېلىشەلمەسلىك بولسا، ھەر ئىككىسىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ.

ئەمدى ئائىلىدە ئايالنىڭ ۋەزىپىسىگە كەلسەك، ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال مۇنۇ ئىشلارغا رىئايە قىلسا، ئۆزى، ئېرى، بالىلىرىنىڭ راھەتتە ئۆتۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئەر دائىم ئۆزى، ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ پاراغەتتە ياشاش يوللىرىنى ئىزدەيدۇ، ئائىلىسىنىڭ مەئىشەت جەھەتتىن قىسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھاردىم-تالدىم دېمەي ئالدىراش ئىشلەيدۇ، بۇ يولدا ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئېرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەققىي كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززىتىنى قىلغان ئايال ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ.

ئەقىللىق، نومۇسچان ئايال ئېرىنىڭ خۇشلۇقىنىمۇ قايغۇسىنىمۇ ئورتاق بولىدۇ. ئېرى ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغاندا ئۇنى شېرىن سۆز، خۇش مۇئامىلە بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ، ئىشتىن قايتقاندىمۇ يەنە شۇنداق گۈزەل مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئېرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ۋاقتى-ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، پاكىز تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدۇ، تاماقنى دەل ۋاقتىدا تەييارلاپ، ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ خۇشال-خۇرام غىزالىنىدۇ. تاماق ۋاقتىدا قاپىقىنى تۈرۈپ، بالىلىرىنى ئۇرۇپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ.

«ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك، ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق ئايال ئېرىنىڭ تاپقىنىنى تېجەپ ئىشلىتىدۇ. بەتخەجلىك قىلمايدۇ، قانائەتلىك بولىدۇ. بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆپ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئېرىنىڭ مەسلىھەتىسىز بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلمايدۇ. ئەرزىمەس نەرسىلەرنى باھانە قىلىپ، ھە دېسىلا ئېرى بىلەن جېدەللەشمەيدۇ. ئېرىدىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى شۇ ئىشتىن قايتۇرىدۇ. ئېرىگە دائىم مۇھەببەت ۋە سادىقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېرىنىڭ ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئېرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنى ياكى دوستلىرى كەلسە، ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالىدۇ.

مانا شۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان ئۆي خوجايىنى — ئايال ئېھتىرام ۋە ئالقىشقا ئېرىشىدۇ!

## ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنت بۇرچى

ئاتىنىڭ بالىلىرىغا مۇھەببىتى چەكسىز، چۈنكى ئۇ بالىلىرىنى ئۆز سۈرىتىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا دەپ بىلىدۇ. ئەسلىدە ئاتىنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرى توغرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

بالا ئاتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. مىجەز-خۇلق، چىراي قاتارلىق جەھەتلەردە بالا ئاتىغا ئوخشىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا ئۆز بالىسىنىڭ تەربىيىسىگە بەكمۇ دىققەت قىلىدۇ. ئۆزى ياقتۇرىدىغان پەزىلەتلەرنى بالىسىغا سىڭدۈرۈشكە، بالىسىنى ئۆزىدىنمۇ مۇكەممەل قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇ مەقسەتتە ھەرقانداق مۇشەققەتكە چىدىيالايدۇ. بالىسى توغرىلىق باشقىلاردىن: «تەربىيىلىگەن ئاتاڭغا رەھمەت»، دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا، خوش بولىدۇ، پەرزەنتى ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشنى خالايدۇ. نەۋرە-چەۋرىلەر كۆرۈپ، نەسلىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بالىنىڭ ھاياتىغا سەۋەب بولىدىغان بىرىنچى قۇۋۋەت — ئانا جىسمىدىكى قاندۇر. بۇۋاق شۇ قان بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ھاياتىنى ساقلايدۇ. بالا بىرىنچى سۆزنى ئانىدىن ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلنى «ئاتا تىلى» دېمەستىن «ئانا تىلى» دېيىشتىكى ھېكمەتمۇ ئەنە شۇنىڭدىدۇر. دېمەك، بالىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشتە ئاتىغا قارىغاندا ئانا كۆپرەك ھەسسە قوشىدۇ. ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتى ئاتىنىڭكىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، كىچىك بالىلار ئاتىدىن كۆرە ئانىسىغا ئامراق بولىدۇ. ئانا بالىسى ئۈچۈن ھەتتا ئۆزىنى پىدا قىلىشقىمۇ تەيياردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دانىشمەنلەر «ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە كۆپرەك»، دېگەن. ئەي سۆيۈملۈك ئوغۇل، قىزلىرىمىز! سىزنىڭ دۇنياغا تۆرىلىشىڭىزگە سەۋەبچى بولغان، تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىڭ، ئىززەت-ھۆرمەتلىرىنى قىلىڭ. ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، رازىلىقىنى ئېلىڭ، ئاچچىق-زەردە سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتىشتىن ساقلىنىڭ. ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى تىل ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىزھار قىلىڭ. نەسىھەتلىرىنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىپ، ئەمەلدە كۆرسىتىڭ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن دائىم خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ، ھېچ نەرسىگە تەلمۈرتۈپ قويماڭ. ئۇلار سىلەرگە ھېچقاچان يامانلىق تىلىمەيدۇ. سىلەرنىڭ بەخت-سائادەتلىك بولۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئەھمىيەت قىلىڭلار. سىز ئاتا-ئانىڭىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولسىڭىز، كېيىن ئۆز بالاڭىزدىن شۇنداق مۇئامىلىگە ئىگە بولىسىز. چۈنكى ئۇلار سىزدىن ئۈلگە ئالىدۇ. بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. بەزىدە ئاتا-ئانىڭىز ئوقۇشماسلىقتىن تەربىيىدە ئەدەبكە خىلاپ ھالدا تەتۈر سۆزلەپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈڭ. قاتتىق مۇئامىلە قىلماڭ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك دىللىرىنى ئاغرىتماڭ. ئاتا-ئانىڭىزنىڭ مەسلىھەتى ۋە رازىلىقىنى ئالماي ئىش قىلماڭ.

بىر دانىشمەننىڭ شاگىرتى ئۇستازىدىن:

— ئاتا-ئانام ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئەمدى قانداق قىلسام ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلغان بولىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتا-ئاناڭنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇندا، ئۇلارنىڭ ئەل-ئاغىنە، دوستلىرىنى ھۆرمەت قىل، ئاكا-ئۇكا، ئۇرۇق-تۇغقان

لىرىڭنى سۆي، قولۇڭدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم قىل، ياخشىلىق قىل. ئۆز-ئۆزۈڭ قائىدە-يوسۇن، ئەدەب دائىرىسىدىن چەتنىمە! — دېدى دانىشمەن.

پەرزەنت ۋايىغا يېتىپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگۈچە، ئاتا-ئانىڭنىڭ قولىدا ئامانەتتۇر. كىچىك بالا گۆھەرگە ئوخشاش ئاپئاق، مۇمغا ئوخشاش يۇمشاق بولۇپ، ھەرقانداق شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا ئۆز بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارغا ئۇيغۇن ھالدا تەربىيىلەشلىرى كېرەك.

بىرى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقراتتىن:

— سىز چوڭلاردىن كۆرە ياشلارنىڭ تەربىيىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىسىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

سوقرات ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ياشلار دەرەخنىڭ ياش نوتىسىغا ئوخشىشىدۇ. ئۇنى قاياققا تولىساڭ شۇياققا ئېگىلىدۇ. مېنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىمنى خۇددى تاشقا ئويغاندەك كۆڭۈللىرىگە مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىمەن.

بالىلارغا ئەدەب-ئەخلاق، تەرتىپ-قائىدىلەرنى ئۆگىتىشتە ئۇلارنى ئۇرۇش، ئەيىبلەپ سۆكۈش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنى ماختاڭ، ئەركىلىتىڭ. ئۇلاردىن بىرەر يامان ئىش كۆرۈلسە، ئۇنداق ئىشقا ئۆزىڭىزنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، نەسىھەت قىلىڭ. قىلغان ئىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئەيىبىنى ئېچىپ بالىنى ئىزا تارتقۇزماڭ. نەسىھەتنى خالىي جايدا قىلىڭ. بالا ئاتا-ئانىدىن ئۈلگە ئالىدۇ. قائىدە-يوسۇنلۇق ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇپ ئۆسىدۇ. ئائىلىدىكى جېدەللەر بالىلارنىڭ روھىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئائىلە ئەزالىرى جېدەلدىن ساقلىنىپ، تىنىچ، ئىناق ئۆتۈشى كېرەك.

بالىلىرىڭىز ۋايىغا يەتكەندە ئوغۇلنى ئۆيلەش، قىزنى تۇرمۇشقا چىقىرىش كېرەك. بۇ ئىنتايىن ئېغىر ۋە جىددىي مەسىلىدۇر. بۇنىڭدا غايەت ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەك. ياشلار ئەقلىدىن كۆرە ھېسسىياتقا كۆپرەك بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلىرىڭىز يېڭى ھاياتقا قەدەم قويغاندا ئۇلارغا ئۆزىڭىز باشلامچىلىق قىلىڭ، بۇ ئىشنى يالغۇز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە، ئۆز ئىستەكلىرىگىلا تاشلاپ قويماڭ.

## تەلىم ۋە تەربىيە ھەققىدە

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ ياردىمىگە موھتاجدۇر. مۇئەللىم مەنىۋى ئاتا-ئانىدۇر. بۇ مۆھتەرەم ئاتا-ئانا، مەنىۋى پەرزەنتلىرى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل، پىكىر-ئىدراكلىرىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۇلارنى ئەدەب-ئەخلاق جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. مەنىۋى پەرزەنتلىرىنى مۇكەممەل بىر ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

سەرپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمىتى تەقدىر ۋە ئالقىشقا ئىگىدۇر.

بىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن:

— كىمنى كۆپرەك ياخشى كۆرىسىز، ئاتىڭىزنىمۇ ياكى ئۇستازىڭىزنىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىسكەندەر ئۇنىڭغا:

— ئاتامنىمۇ، ئۇستازىمنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىمەن. ئاتام مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىمگە، ئۆسۈشۈمگە سەۋەبچى بولغان بولسا، ئۇستازىم پەزىلەتلىك بولۇپ يېتىلىشىمگە سەۋەبچى بولدى. شۇڭا بۇ ھەر ئىككى تەربىيەچىمگە بىر خىل قارايمەن. بۇ ئىككى مۆھتەرەم زاتقا تەڭ مۇھەببەت بىلەن ئىھتىرام بىلدۈرىمەن، — دېدى.

ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە ياكى ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشلىرى، ئوقۇغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشلىرى لازىم؟ ھەممىدىن ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئەدەب-ئەخلاقتا ئوقۇغۇچىلارغا نەمۇنە بولۇشى لازىم. تەلىم-تەربىيىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى بويىچە ئوقۇتقۇچى ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆزلۈك، چىقىشقاق، مۇلايىم، كەمتەر بولۇشى شەرت. ئوقۇغۇچىلارغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىش تەلىم-تەربىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا توغرا ئەمەس. ئوقۇتقۇچىلاردىن تەلىم-تەربىيىنىڭ يېنىكىدىن ئېغىرىغا، ئوچۇقتىن مەجھۇلغا، يەنى ئوچۇق كۆرۈنمەس تەرىپىگە، يېقىندىن يىراققا دېگەن قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ دەرس بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئۇلارنى چۈشىنىشى لازىم.

ھەقىقىي ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىم ۋە دانالار يېتىشىپ چىقىدۇ.

## ئاتا نەسىھىتى

بىر دانىشمەن ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

— بالام، خەلقنىڭ ئۆزۈڭگە غەمخورلۇق قىلىشىنى خالىساڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭ خەلققە غەمخور بول. ئۆز ئەمگىكىڭنىڭ زايە بولماسلىقىنى تىلىسەڭ، خەلقنىڭ ئەمگىكىنى زايە قىلما. ئابرويلۇق بولۇشنى ئىزدىسەڭ، كەمتەر بول. باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشنى خالىمىساڭ، يۈرۈش-تۇرۇشۇڭنى تۈزەت. قەدىر-قىممىتىم ئاشسۇن دېسەڭ، باشقىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىل. كۆپچىلىكنىڭ ئۆزۈڭگە دوست بولۇشىنى ئىزدىسەڭ، ئادەملەرگە قولۇڭ ۋە تىلىڭ بىلەن ئازار بەرمە. ئىززەت-ھۆرمەت ئىگىسى بولۇشنى خالىساڭ، مۇمكىن قەدەر مېلىڭنى نامراتلاردىن ئايىما. مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۆزۈڭگە يارىمىغان بىر ئىشنى باشقىلارغا راۋا كۆرمە. دىلىڭ رەنجىپ، سەپرايىڭ ئۆرلەشنى خالىمىساڭ، جاھىل، رەزىل كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ يۈرمە. غەمسىز بولاي دېسەڭ، ھەسەتخور بولما. قايغۇ-ئەلەمدىن يىراق بولۇشنى ئىزدىسەڭ، قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەن نەرسە ئۈچۈن ھەسرەت چەكمە. ئەل-ئاغىنەڭنىڭ كۆپىيىشىنى خالىساڭ، خۇش خۇي، شېرىن سۆزلۈك بول، ھېچكىمگە ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ساقلىما. سىرىڭنىڭ ئاشكارىلىنىپ

قېلىشىنى خالىمىسالىڭ، سىرىڭنى دوستۇڭ-
خىمۇ ئېيتما.

## سەۋر قىلىش ھەققىدە

سەۋر — ئۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان
ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بې-
رىش، ئاڭلىغان بولمىغۇر سۆزلەرگە، بېشىغا
كەلگەن قايغۇ - ھەسرەتكە تاقەتسىزلىك
قىلماي، چىدامىلىق بولۇشتۇر. سەۋرچان-
لىق يولىنى تۇتقان ئادەم مۇراد - مەق-
سىتىگە يەتمەي قالمايدۇ. قايغۇ - ھەس-
رەت قىلىتىقىغا ئىلىنىپ قالىغان كۆڭۈل
سەۋر قولىدا ئازادلىققا ئېرىشىدۇ. سەۋر
بەخت - سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

بېيىت:

كىشىنىڭ غەم ئاراگەر بولسا سەبرى،
ئۇنىڭ بولغاي ئاخىر مەقسەد نەسىبى.
سەۋر ھەققىدىكى سۆز زېرىكىشلىك-
تەك تۇيۇلسىمۇ، ئاخىرىدا مۇراد - مەقسەت-
نى ھاسىل قىلىپ، شادلىق بەخش ئەتكۈ-
چى يولداشتۇر. سەۋر جۇدالىق تۈنىدەك
قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىر
ۋىسال تېڭىدۇر. بېيىت:

ئەگەر ھىجراندا چەكسە زەخمەتۇ رەنج،
نەسىب بولغاي نىھايەت بىھساب گەنج.

بىر بىچارە يىگىتنىڭ كۆڭۈل قۇ-
شى بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بو-
لۇپ قالدى، ئەمما يىگىت تۆھمەت بى-
لەن زىندانغا تاشلاندى. ئۇ زىندانىنىڭ
ھەر خىل ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ،
كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سىرىنى زادى ئاش-
كارىلىمىدى. بىر كۈنى مىرشاپلار ئۇنى
زىنداندىن سۆرىگىنىچە خەلق توپلانغان
مەيدانغا ئېلىپ چىقتى ۋە يەرگە دۈم
ياتقۇزۇپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باش-
لىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىل قانغا
بويالدى. ئەمما بۇ بىچارە يىگىت بىر
قېتىممۇ «ۋايجان» دېمىدى، ئىڭرارمۇ
قىلمىدى. مىرشاپلار ئۇنى شۇنچە ئۇرۇپ-
مۇ ئىڭرار قىلدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر
ئۈمىدسىزلىنىپ يىگىتنى قويۇۋەتتى.

زالىم، رەھىمسىز مىرشاپلار كەتكەن-
دىن كېيىن، جاپاكەش يىگىت ئاغزىدىن
پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن بىر دانە
كۈمۈش تەڭگىنى چىقاردى. كىشىلەر
ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. يى-
گىت ئۇلارغا:

— مىرشاپلار مېنى ئازابلاۋاتقان
ۋاقىتتا مېنىڭ مەشۇقۇم مەيداننىڭ بىر
چېتىدە مېنىڭ ئەھۋالىمغا سەپسېلىپ قا-
راپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن خىجىل بو-
لۇپ، ئازاب - ئوقۇبەتكە چىدالماي ئاھ -
ۋاھ دەپ زارلىنىشنى خالىمىدىم. سەۋر
قىلىپ ئازابقا چىدىدىم. قاتتىق ئا-
زابلانغىنىمدا مۇشۇ تەڭگىنى كۈچەپ
چىشلىدىم، شۇنىڭ بىلەن تەڭگە چىشلى-
رىم ئارىسىدا پارچىلىنىپ كەتتى. ھەممە
ئازابقا چىداپ، سىرىمنى ساقلىدىم...—
دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ چاغدا قىز كىشىلەر توپىدىن
ئايرىلىپ چىقىپ ئاشىقىنىڭ يېنىغا كەلدى
ۋە ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ تىزىغا ئالدى.
مۇلايىم سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ يارىلىرىغا
مېھىر - شەپقەت مەلھىمىنى قويدى. زە-
ئىپلەشكەن تېنىگە يېڭىدىن جان كىرگۈز-
دى. ئاشىق سەۋر - تاقەت قىلىپ، ئۆز
مەشۇقىنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىپ، ئويلاپ-
مۇ باقمىغان پاراغەتكە يېتىشتى.

(ئاخىرى 35 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چاغاتايچە لۇغەت

## ت

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

**تا** [تا] (پ) 1) تا، تاكى:

تا سەفەر قىلماققە ئەزم، ئەي ماھىتابان، ئەيلەدىڭ،
ئىلچىلىككە ئىلچىنى گوياكى زىندان ئەيلەدىڭ.

— قەلەندەر.

2) -غىچە، -گىچە:

كىمسە گەر ئىشكىڭنى ياستانماقدىن ئولمىشتۇر مەلۇل،
ھەجرىلە تا رۇزى مەھشەر قىلمە ھىرماندىن خەلاس.

— ئەرشى.

**تائات** [طاعات] (ئە) [بىرلىكى: تائەت] «تائەت» كە قاراڭ.

**تائەبەد** [تاابد] (پ + ئە) ئەبەدىي، مەڭگۈ:

تا ئەبەد مەردۇدۇ مەلئۇن ئەيلەبان،
ئىبرەتۇ ئافاقۇ گەردۇن ئەيلەبان.

— نەۋائى.

**تائەت** [طاعت] (ئە) [كۆپلۈكى: تائات] ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش؛ تائەت ئىبادەت، دىنىي بۇيرۇقلارنى بەجىرىش:

زاھىدلەرىكى، تائەتۇ تەقۋاسىدۇر رىيا،
كەلسە قولىغە ھەرنە ئاڭا بولسە مۇددەئا.

— سەبۇرى.

**تاب 1** [تاب] (پ) 1) تاقەت، چىدام؛ كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، قۇدرەت:

تاب كەلتۇرمەس نەزەر ھۇسنى جەھان ئاراسىغە،
ياشۇرۇن كۆپ پەردە كەينىدىن قارالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

يۈرەدۇرمەن چىمەندە زارى يىغلاپ،
كۆڭۈلدە سەبر يوق، جىسمىمدەدۇر تاب.

— خىرقەتى.

تابۇ تەۋان — قۇۋۋەت، دەرمان؛

تابۇ تەۋانالىغ — قادىرلىق، قۇدرەتلىك؛

2 › ئېشىلىش، تولۇنۇش، بۆكۈلۈش:

قۇش بالاسى ئاشيان ئۆزرە يىلان كۆرگەچ كەبى،
خاتىرى شەيداۋۇ زۇلفى تابىدىن غەۋغانى كۆر.
— ئەرشى.

تاب ئاچالماق — تارقالماق (ئېشىلگەن نەرسە ھەققىدە)؛

تاب بەرمەك — 1 › يىپ ئەشمەك؛ بۆكمەك؛

‹ 2 › كۆچمە م: يەڭمەك؛

تاب تاپماق — چىپىسلاشماق، چىرماشماق؛

تاب ئۇزماق — چىرمالماق، تولغانماق، بۇرالماق؛

رىشتە تاب — ئېشىلگەن، ئېشىپ پىشۇرۇلغان يىپ، «رىشتە» گە قاراڭ؛

‹ 3 › نۇر، تاۋلىنىش؛ ئىسسىقلىق، ھارارەت، ئىسسىما:

تاپىپ ئايتەك يۈزى كۈن تابىدىن تاب،
تۇتۇپ كۆزلەرى ياش ئورنىدە خۇناب.
— لۇتفى.

ھەر يۈرەكنىڭ ئىشق ئوتىنىڭ سوزىشىدىن تابى بار،
سىخ بىلە پىشقان كەبابدەك سىچقىراپ خۇنابى بار.
— گۇمنام.

تاب سالماق — ئىسسىتماق، قىزىتماق؛

جەھانتاب — ئالەمنى يورۇتقۇچى، غايەت قىزدۇرغۇچى.

تاب II [تاب] (پ) تەڭ:

كافىر ئەھلى تاب كېلەلمەسلەر ئانىڭ بىر تىغىغا،
قاتىلۇ جەللاد ئاتالغان نۇرى ئىسانىم كېلۇر.
— موللا بىلال.

تابان I [تابان] تاپان، پاشنا.

تابان II [تابان] (پ) نۇر، يورۇق، يارقىن، پارلاق، يالتىراق؛ شولا:

قايسى بەزم ئولمىش مۇنەۋۋەر بەرقەدىڭدەك شەمئىدىن،
قايسى شەمئىنىڭ شۇئلەسى رۇخسارى تابانىڭچە بار؟
— گۇمنام.

تەخت ئۈزە چىقىپ، ئەي جان، بىزگە ھۆكم سۇلتان قىل،
تىيرە تۈن ئاراسىدا گۇل يۈزۈڭنى تابان قىل.
— موللا بىلال.

بەرقى تابان — پارلاق چاقماق، يالتىراق چاقماق؛

تابان ئەختەر — يورۇق يۇلتۇز؛

خۇرشىدى تابان — قۇياش نۇرى، قۇياشنىڭ شولىسى؛

لەبلەرىڭغە باردۇرۇر لەئلى بەدەخشان ئېھتىياج.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارەزىڭنى كۆرگەلى خۇرشىدى تابان ئېھتىياج.
— قەلەندەر.

ماھى تابان — ئاي نۇرى؛
مېھرى تابان — «خۇرشىدى تابان» غا قاراڭ؛
يۈزمۇ بۇ يا مېھرى تابان يا يادى بەيزامۇدۇر،
يا كۆڭۈللەر كۆزگۈسى يا بىر گۇاى ھەمراھىدۇر.
— ئەرشى.

**تابە** [تابه] (پ) تاۋا، لېس (نان، قۇيماق قاتارلىقلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە)

**تابەدان** [تابدان] (پ) تۈڭلۈك، ئىشىك رۆجىكى.

**تابەقەنىدەئلۇ** [ طابق لنعل] (ئە) ماس كەلدى، ماسلاشتى.

**تابەكەي** [تابكى] (پ) قاچانغىچە؛
كائىناتنى بى مەدارىنىڭ ئىچىدە تابەكەي،
بەرقى يەڭلىغ ئۆتكەرۇرمەن ھەيف ئۆمرۈمنى ئەبەس.
— زەلىلى.

**تابەندە** [تابنده] (پ) تاۋلانغۇچى، پارلىغۇچى، نۇر تارقاتقۇچى؛
گويا يۈزىدىن ئاچتى سەنەم گوشەئى بۇرقەئ،
تابەندە بولغۇن كېچە ئەجايىب قەمەر ئىشق.
— زەلىلى.

**تابدار** [تابدار] (پ) 1› چىدامىلىق، سەۋرچان؛ 2› پۇختا، چىڭ، مۇستەھكەم؛ 3› پارلاق، يالتىراق؛ 4› دولقۇنسىمان، ئورالغان، يۆگەلگەن، چىرماشقان، 5› بۇدۇر، بۇژغۇن؛
بىنەفشە تابدارۇ بەرگى سۇنبۇل ھەم پەرىشاندۇر،
كۆتۈرمەي گۈل يۈزىدىن پەردەئى بادى سەبا ئاخىر.
— زەلىلى.

**تابسىز** [تاسيز] چىدامسىز، تاقەتسىز:
جىسمى گۈلگۈن، كۆڭلەكى گۈل ئۈزرە گۈل،
كۆرمەگىدىن تابسىز يۈزمىڭ كۆڭۈل.
— نەۋائى.

**تابناك** [ تابناك] (پ) نۇرلۇق، پارلاق؛ مۇنەۋۋەر.

**تابۇت** [طابوت] (ئە) تاۋۇت، جىنازا:
كى تابۇتلارنىڭ ئالىپ مىخلارىن،
نە مىخلارنى ئالدىم تۆمۈر سىخلارىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تابۇتپوش** [ابوت نوش] (پ) تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلىدىغان يوپۇق.

**تابۇغ** [تابوغ] ئىبادەت قىلماق، باش ئەگمەك، تىۋىنماق.

**تابۇق** [تابوق] 1) بويسۇنۇش، ئىتائەت؛ 2) ھۇزۇر؛ خىزمەت:

نىسار ئەفشان قىلىپ دۇررى جەۋاھىر،
تابۇقدا قىلدىلار ئىخلاس زاھىر.

— لۇتفى.

**تابۇق ئەتمەك** — «تابۇق ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تابۇق ئەيلەمەك** — تەزىم قىلماق، يۈكۈنمەك؛
**تابۇق تىلماق** — «تابۇق ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تابۇلغە** [تابولغە] دوبۇلغا.

**تابۇلغۇ** [تابولغو] «تابۇلغە» گە قاراڭ.

**تابىئ** [تابع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەبەئە، تەۋابىئ، تابىئىن] باشقىلارغا ئە-
گەشكۈچى، بويسۇنغۇچى؛ تەۋە، تەۋەلىكى:

شاھىكى بولسە تابىئىدە نەچچە كىشىۋەرى،
تەييار بولسە نەزدىدە يۈز لەكچە لەشكەرى.

— سەبۇرى.

**تابىئ بولماق** — ئەگەشمەك، بويسۇنماق؛
**تابىئى شەرئى نەبى** — پەيغەمبەر شەرىئىتىگە تەۋە.

**تابىستان** [تابستان] (پ) ياز.

**تابىستانى** [تابستانى] (پ) يازلىق، يازغا تېگىشلىك؛ يازدىكى.

**تابىش** [تابش] (پ) 1) نۇر، پارلاقلىق، يالتىراقلىق؛ 2) تەپتى، ھارارىتى؛
3) ئىسسىقلىق، ھارارەت؛ 4) كۆچمە م: كۈچ، مادار، قۇۋۋەت:

قىزارتۇر ئوت يېقىن بولغان كىشىنى،
قۇيارمۇ سالمايىن ئوت تابىشىنى.

— خىرقەتى.

**تاپاك** [طاپاك] تېپىرلاش، بىزەۋتە بولۇش.

**تاپان** [تاپان] «تابان I» گە قاراڭ.

**تاپۇ** [تاپو] ئىتائەت، سەجدە قىلىش، باش ئېگىش؛ ئەگىشىش.

**تاپىرجىمەك** [تاپىرجيماك] ھەرىكەتلەنمەك، قىمىرلىماق، تېپىرلىماق.

**تاپىنماق** [تاپينمق] تىۋىنماق، باش قويماق، سەجدە قىلماق.

**تاتار** [تاتار] «مۇشك» كە قاراڭ؛
**مۇشكى تاتار** — تازا ۋە ئەڭ خۇشبۇي ئىپار.

**تاتلاماق** [تاتلاماق] 1) تاتىلىماق؛ 2) ئاغدۇرماق (يەرنى)، ئارىلاشتۇرماق.

**تاتماچ** [تاتماچ] «تۇتماچ» قا قاراڭ.

**تاتماق** [تاتماق] تېتىماق، تېتىپ باقماق:

ئوخشاماس كەئسفە شەمسى كەيفىكى فەيزى مەسىھ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لامەكان سەيىر ئۇلغۇسى بۇ نەشئەدىن تاتغان گەدا.
— ئەرشى.

ئاران قويدى ئىسە تاتماغە قۇرسەت،
تاتار ـ تاتماسىدىن يىغدى سۇفرەنى نەت.
— لۇتفى.

تاتۇ [تاتو] تاي، تايچاق؛ قەشقەر ئىتى.

تاتۇرماق [تاتورماق] 1) تارتقۇزماق، تارتقۇزۇپ قويماق؛ 2) تېتىتماق.

تاج [تاج] (پ) شاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق بەلگىسى بولغان، قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن باش كىيىم:
كۆرۈپ ئانچە ياخشى سپاھۇ جۇنۇد،
باشىغە بىلىپ تاج دۇررى شۇھۇد.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاجى دەۋلەت ـ دۆلەت تاجىنىڭ ئىگىسى:
تاجى ـ دەۋلەت، تېغى نۇسرەت بىرلە بولغايسەن مۇدام،
كۆز قاراقىدەك سەرىرى ئىززەت ئۈزرە پايدار.
— تەجەللى.

تاجانماق [تاجانماق] 1) باش تارتماق، قايتۇرماق، رەت قىلماق؛ 2) غۇرۇرلانماق، كىبىرلەنمەك.

تاجدار [تاجدار] (ئە+پ) «تاجۋەر» گە قاراڭ:
قىلىپ تاجىمىز ھەممىنى تاجدار،
كى دۇرلەر بىلەن ئەيلەدۇك گۇشۋار.
— غەرىبى.

تاجدەھ [تاج دە] (ئە+پ) تاج بەرگۈچى؛ كۆچمە م: زور ۋە قۇدرەتلىك پادىشاھ

تاجىخورۇس [تاج خروس] (ئە+پ) تاجىگۈل.

تاجىر [تاجر] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇججار] سودىگەر، تىجارەتچى:
ئاتام تاجىر ئىردى بەغايەت غەنى،
مۇسافىرلىق ئىردى ئۇلارنىڭ فەنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاجۋەر [تاجور] (ئە+پ) تاج كىيگەن، پادىشاھ، تاجدار.

تار [تار] (پ) 1) يىپ؛ ئارقان؛ تالا؛ 2) تار (سازنىڭ تارى):
ھەقىقەت ئەھلى تەئرىف ئەتمەيىن فەھم ئەيلەگەي بىردەك،
مۇغەننى ئەرغەنۇن تارىنى نەچچە زىر ـ بەم چەكتى.
— ئەرشى.

3) چاچ، كىرپىك تالاسى:
ھۇما گەر ئۇستىخانىم كۆرسە كىرپىك تارى دەپ باقماس،

قاچان ئالەمدە مۇلداغ ئېردى جىسمى ناتەۋان پەيدا،
— ئەرشى.

4) شام پىلىكى؛ 5) ئۇزۇش؛ 6) قاراڭغۇ؛ 7) ھەسەت، ئىچى تار-
لىق؛ بەسلەشمەك؛ 8) تار («كەك» نىڭ قارشىسى)؛
ئىككى غۇنچەڭ ئېرمەس ئەي گۈلچېھرە تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرۇ تار، كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.
— نەۋائى.
زۇلمۇ ستەمنى زۇلفۇڭغۇ كافىر كۆزۈڭگە ئۈگرەتىپ،
بۇ كەڭ جەھاننى سەن ماڭا بىر تار زىندان ئەيلەمە.
— سەككاكى.

9) تور؛
دەردىدىن چىقار جانىم، ھىجىر ئارا يىقىلدىم كىم،
ئەنكەبۇتنىڭ تارى چىرماشىپ ئاياغىمغە.
— مەھزۇن.

تارموي — چاچ تالاسى:
گاھى سۇفىلاردەك ئەيلەسەم ھەق،
ھەر تار مويۇم دېمىش ئەنەلھەق.
— موللا سالىھ.

تارۇ پۇد — ئۇرۇش، ئارقاق:
لەشكەرى شەيتان ھۇجۇم ئەتكەندە كۆپ بەردى شىكەست،
تارۇ پۇدى خىرقە دۇشمەنگە سىپاھىگەدۇر سېنىڭ.
— زەلىلى.

تارى ھەيات — تىرىكلىك يىپى، جان، نەپەس: تىرىكچىلىك:
ئۈزۈپ شەمئ ئوتىغا گاھى قاناتىن،
ئۈزەي دەپ دۇنيادىن تارى ھەياتىن.
— خىرقەتى.

شەبى تار — قاراڭغۇ كېچە:
مۇھەببەت تارى — مۇھەببەت رىشتىسى، مۇھەببەت يىپى:
جەھاندا بىر مېنىڭدەك يانە زارۇ بىنەۋا يوقتۇر،
مۇھەببەت تارىغە دائىم ئەسىرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.
— ئەرشى.

مىكرى تارى — قىلتاق يىپى (مەكرى قىلتىقىنىڭ يىپى):
مىكرى تارىدىن يۈزىگە سالىبان تۇرلۇك تۇگۈن،
ئۆزىگە ئازادەلەر قەيدىنى مۇئتاد ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

تاراج [تاراج] (پ) 1) بۇلان، تالان-تاراج:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرشى، يارنىڭ نەقدى ئىماننى تاراج ئەيلەدى،
نېگە بەس ئول شوخ زالىم نامۇسۇلمان بولماسا.
— ئەرشى.

2) كۆچمە م: ئىشغال، ئىشغال قىلماق:
كۆڭۈل ئىقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غاپىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.
— زەلىلى.

**تاراج** قىلماق — بۇلىماق، تالان-تاراج قىلماق.

**تاراغ** [تاراغ] تاغاق

**تارام** [تارام] پارچە، بۆلەك، ھەسسە

**تارەك** [تارك] باشلىق تۆپە قىسمى، باش:
تاجى تارەك — باش ئۈستىگە قويۇلغان تاج.

**تارەم I** [طارم] 1) ئۈستى گۈمبەزلىك ئېگىز ئۆي، گۈمبەز؛ قۇببە؛ 2) كۆچمە م: كۆك، ئاسمان؛
تارەمى ئەئلا — كۆچمە م: كۆك، ئاسمان؛
تارەمى مىنۇ — كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.

**تارەم II** [طارم] «تارەم I» گە قاراڭ.

**تارتار I** [تارتار] يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، كۆككە كۆتۈرۈلۈش، يۈكسىلىش:
شۇئلە تارتار بۇ كېچە ئاھىم فەلەككە، يا مەگەر،
شەمئى نەزرى ئېلتەدۇر ئىيسا پەيەمبەر سارى بىل.
— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

**تار-تار II** [تار تار] (پ) تالا-تالا، تارقاق:
ىىراۋ قىلدى نەسساجلىق ئىختىيار،
يازىپ ئەبرەشىم ئەيلەدى تار-تار.
— غەرىبى.

**تارى** [طارى] (ئە) تۇساتتىن كۆرۈنۈش، كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولۇش؛
تارى بولماق — تۇساتتىن پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك؛
تارى قىلماق — كۆرسەتمەك، پەيدا قىلماق.

**تارىق** [تاريق] تىرىق (دان)؛
تارىق-تارىق — كۆچمە م: ئۇششاق.

**تارىقماق** [تاريقماق] زېرىكمەك، سىقىلماق:
مەن قۇشى دۇرمەن چەمەندىن چىقماغان،
دەشتۇ ۋادى سەيرىدىن تارىقماغان.
— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

**تارىماق** [تاريماق] چاچماق، سەپمەك؛ دارىماق؛ پەيدا بولماق:
فىسق تۇخمىن نەفس ئارا ئۈلگىم تارىر،

سۇۋ ئارا ھەر غۇتەكىم، ئۇردى ئاردر.
— نەۋائى.

تارىپ تۇخمى كىننى بولۇپ يانە غەش،
مېنى ئۈلتۈرەرگە قىلىپدۇر كەڭەش.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تازە** [تازه] (پ) يېڭى:
ئول ئاي ھايات چەشمەسىدىن تازە جان قىلۇر،
ھەرلەھزە قاشى ياسى ماڭا قەسدى جان قىلۇر.
— گۇمنام.

چىرايلىق، يېقىملىق:
ئەگەر رەقىبەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەر چەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۈل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.
— ئەرشى.

پاك، پاكىزە، ساپ، تازا؛ ئازادە:
يۈزۈڭنى قىلۇر تازە كۆزۈم ياشىيۇ ئاھىم،
گۈل تازە بولۇر تاپسە بەلى ئابۇ ھەۋانى.
— سەككاكى.

**تازە تاپماق** — روھلانماق، جانلانماق:
تازە تاپىپ تەندە دىلۇ جان، ھەيات،
يول يۈرۈدۈك تا تەرەپى قۇم رەبات.
— زەلىلى.

**تازە جانلىق** — يېڭىدىن جانلانغان؛ روھلىنىپ كەتكەن؛
**تازە دەملىق** — يېقىملىق سۆزلۈك.

**تازەلىغ** [تازەليغ] يېڭىلىق، ياشناپ تۇرغانلىق.

**تازي** [تازى] (پ) 1) ئەرەب ئەرەبىي، ئەرەبچە، ئەرەب خەلقىگە ۋەئەرەب، جىنسىغا ئائىت؛ 2) ئەرەبىي ئات، ئەرەب ئارغىمىقى، چاپقۇر ئات تۇلپار؛ 3) ئوۋ ئىتى.

**تازيانە** [تازيانه] (پ) قامچا:
ھەر شۇئلەكى ئاھىم ئوتىدىن زەبانەدۇر،
ئەھلى جۇنۇنغە شۇئلە ئەمەس تازيانەدۇر.
— زەلىلى.

**تازيانە چەكمەك** — قامچا ئۇرماق، قامچىلىماق.

**تاس I** [تاس] داس، جام،
ھەۋادىس راھىغە ئەل نۇشى ئۈچۈن،
فەلەكنى تاس ئەيلەپ، مېھرىنى كاس.
**تاسى نىگۇن** — كۆمتۈرۈلگەن داس؛ كۆچمە م: ئاسمان، كۆك؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەلەك تاسى ــ كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.

**تاس II** [طاس] «تاس I» گە قاراڭ.

**تاسباز** [طاس باز] (پ) ئەيىرەگۋاز، كىچىك جاملارنى ئىشلىتىپ ئويۇن كۆر-
سەتكۈچى سېھىرگەر.

**تاسكەش** [طاس كش] (پ) 1) قولغا سۇ قويغۇچى، ئاپتۇۋچى؛ 2) ھاممال.

**تاش** [تاش] 1) تاش؛ 2) سەككىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە؛ 3)
تاشقىرى، تاشقى:

تاۋۇشكىم ئۆي تاشىدىن كەلسە دەرمەن: باغرى تاشىمدۇر،
ئىشىكدىن سايە كىرگەچ ساغىنۇرمەنكىم، قۇياشىمدۇر.
— نەۋائى.

**تاغتماق** [تاغبتماق] يەلپۈتمەك، يېلىدۇرماق:

سەبا زۇلفۇڭنى تاغىتتى مەگەر ھالى خەيالىمدە،
يازىلدى ئەژدەھا بولدى، ئورالدى ئەھرىمەن بولدى.
— سەككاكى.

ئەي ھۇسن گەنجى، بۇ زەئىف كۆڭلۈمنى ۋەيران ئەيلەمە،
يۈز ئۆزە زۇلفۇڭ تاغىتىپ، ئۆمرۇم پەرىشان ئەيلەمە.
— سەككاكى.

**تاغي** [طاغي] (ئە) ھەددىدىن ئاشقۇچى؛ ئىسيانچى، قوزغىلاڭچى؛ بويسۇن-
تۇلمىغۇچى.

**تاق I** [طاق] (ئە) ئىشىك ۋە بىنالارنىڭ ئۈستىدىكى، ئېگىز قىلىپ يېرىم
دائىرە شەكلىدە ئىشلەنگەن جاي؛ گۈمبەز:

تائەت بىلە تا بولماسا ئىيسايى مۇجەررەد،
قويماس قەددىمىن كۆنگرەئى تاقى زەبەرجەد.
— زەلىلى.

مىھراب، ئەگچىلەرنىڭ نۆۋىسىدىكى قايرىلما قىسىم:

مۇئەززىن كەئبە تاقى ئۈزرە گۈلبانگى سەمەد ئۇردى،
بەرەھمەن دەير ئايۋانىدا ئاھەڭگى سەنەم چەكتى.
— نەۋائى.

كۆچمە م قاش ئەگمىسى:

ئوقتەك بويۇمىز ئەگىلدى ياتەك،
ئول فىتنەلىك ئىككى تاقىڭىزدىن.
— لۇتفى.

تاقى ئەبرۇ — قاش ئەگمىسى؛ ئەگمە قاش:

يوق ئېردى سەجدە گاھىم ئىچرە تاقى ئەبرۇيۇڭ،
قاشىڭ كۆرۈنسە نەمازىم بارى قەزا قىلايىن.
— گۇمنام.

تاقى ئەفلاك — ئاسمان يۈكسەكلىكى؛
كۆك تاقى — كۆك (ئاسمان) گۈمبىزى، ئاسمان (ئاسماننىڭ گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

**تاق II** [طاق] 1) تاق، يالغۇز، يەككە، يېگانە، بىردىنبىر؛ 2) ئەرسىز ياكى خوتۇنسىز كىشى تۇل ياكى بويتاق):
قىش كۈنىدە ئالما، چىلان تاقىدۇر،
مېۋە مەھەللىدە چىرە تاقىدۇر.
— زەلىلى.
قاچان بولغاي سېنىڭدەك يارى بىھراق،
ياراتىپدۇر سېنى ھەق ھۈسن ئارا تاق.
— خىرقەتى.

تاقى ئافاق — دۇنيادا يەككە - يېگانە.

**تاقاشماق** [تاقاشماق] تەڭلەشمەك، بەسلەشمەك:
قاچان كۈن چىقسا ئاي، ئەختەر ئۆزىنى ئاشكار ئەتمەس،
ئانىڭدەك دىلبەردىم بىرلە قايۇ خۇبلار تاقاشىبدۇر.
— گۇمنام.

**تاقاۋۇتقە** [تاقاووتقه] تاقا، ئات تاقىسى.

**تاقەت** [طاقت] (ئە) كۈچ، قۇۋۋەت، چىدام، بەرداش، سەۋر:
كۆرمەسەم بىردەم ئانى ئارامۇ تاقەت يوق ماڭا،
نەۋبەتى قىلسام جانىم باشقە ئىسار ئالدىدا.
— نەۋبەتى.

**تاقچە I** [تاقچە] 1) ئۆي تەكچىسى؛ 2) ئۇۋا؛ كاتەك.

**تاقچە II** [طاقچە] «تاقچە 1» گە قاراڭ.

**تاقىيە فۇرۇش** [تاقيەفروش] (پ) دوپپىچى.

**تاڭ** [تانگ] 1) ئەتىگەن، سەھەر، سەھەر ۋاقتى:
ئەي ۋاي، قاچان شامى فىراقىڭ تاڭى ئاتقاي،
كىم بولدى ماڭا ئۈشبۇ يارۇق دۇنيا قاراڭغۇ.
— ئەتائى.

2) ئەجەبلىنىش، ھەيران قىلىش:
ھەرنەچچە زەخمىم ئارا بولغانسارى ئۇريان سۆڭەك،
تاڭ قالۇر ئالەم ئېلى جىسمىمدە بۇ كۆلكۇ دۇرۇپ.
— ئەرشى.

تاڭ يېلى — تاڭ شامىلى، سەھەر شامىلى:
كۆر نەزاكەت گۈل كەبى تاڭ يېلىدىن گۈلبەرگىمەم،
مەيلى رەفتار ئەيلەسە زاھىر قىلۇر يۈزدە ئەرەق.
— ئەرشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**تاڭلا** [تانكلا] ئەتە، ئەتىسى:

چىقار تاڭلا شاھى بۇتى قاشىغە،
خەبەر ھەم بىرۇرلەر قارى ـ ياشىغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تاڭلاغى** [تانكلاغى] ئەتىكى، ئەتىگە (ئەتىكى كۈنگە) تېگىشلىك.

**تاڭلالىق** [تانكلالىق] ئەتىلىك، ئەتىگە (ئەتىكى كۈنگە) تېگىشلىك.

**تاڭلاماق** [تانكلاماق] 1 ﴿ ئاڭلىماق، قۇلاق سالماق، ئۇقماق؛ 2 ﴿ ئەجەبلەنمەك، ھەيران قالماق، تاڭ قالماق.

**تاڭىرغاماغ** [تانكيرغاماغ] تېڭىرقىماق:

ئىلىكدىن ئۇچقىنىب بالىقنى سالدى،
تاڭىرغاب بارماغىن تىشلەدى قالدى.
— لۇتفى.

**تاڭىزغاماق** [تانكيزغاماق] ئەجەبلەنمەك، تاڭ قالماق.

**تالاز** [تالاز] بوران، قۇيۇن.

**تالغاماق** [تالغاماق] تاللىماق، ئاجراتماق، پەرق قىلماق.

**تالغۇم** [تالغوم] دولقۇن، مەۋج، قاينام.

**تالۇن** [تالون] تولۇن، تولغان:

سەمەندى نەقش پايىن يەر ئۈزە كۆرگەچ بەدەل قىلمان،
تالۇن ئاي شۇئلەلىغ چولپان ۋە يا كۆكدە قۇياش ئولسۇن.
— ئەرشى.

**تالىھ** [طالح] (ئە) يامان، ياۋۇز.

**تالىئ** [طالع] (ئە) 1 ﴿ كۆتۈرۈلگۈچى، چىققۇچى، كۆرۈنگۈچى (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز ھەققىدە):

فەلەكدىن مىھرى ئەنۋار بولدى تالىئ،
قاراڭغۇلۇقنى كۆزدىن قىلدى راجىئ.
— لۇتفى.

2 ﴿ بەخت، ئىقبال، قىسمەت؛ تەلەي:

بەختى قاچقان بولماسام ھەم تالىئىم شۇم بولماسا،
بولغاي ئىردىمۇ بۇ كۈن رويى ئانارىمدىن جۇدا.
— موللا بىلال.

سەرنەۋىشتىم ئىردىمۇ يا تالىئىمنىڭ دونلۇغى،
بۇ ھەمە مەھرويلاردىن بىر دەۋايى تاپمادىم.
— ئەرشى.

**تالىئ** بولماق ـ چىقماق، كۆرۈنمەك.

**تالىب** [طالب] (ئە) تەلەپ قىلغۇچى، ئىزلىگۈچى؛ خالىغۇچى، ئاختۇرغۇچى؛ تالىپ:

ئىلاھا خىرقەتىمنى ئەيلە تالىپ،
ۋىسال ئىستەرگە قىل ئىشقىمنى غالىپ.
— خىرقەتى.

**تالىپ بولماق** — ئىستىمەك، خالىماق؛
**تالىبى ئىلىم** — ئوقۇغۇچى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى.

**تالىقماق** [تالىقماق] تالچىقماق (ئۈزۈلۈپ قالماق)، ئاغرىماق، كېسەل بولماق.

**تام** [تام] (ئە) 1› تولا، تولۇق، پۈتۈن؛ 2› كەمچىلىكسىز.

**تامات** [طامات] (ئە) بىھۇدە، ئۇتۇرۇقسىز سۆزلەر، لاپ.

**تاماشالماق** [تاماشالماق] تەمشەلمەك، ئۇرۇنماق؛
بى ۋاپادۇر، ئەي قەلەندەر، بۇ جەھان، تاماشالماغىل،
قالغۇسىدۇر نىچە قىلساڭ باغىيۇ ئەيۋان سەرا.
— قەلەندەر.

**تامغا** [تمغا] تامغا، مۆھۈر، نىشانە، بەلگە.

**تامغاچى** [تمغاجى] 1› تامغا باسقۇچى، مۆھۈردار؛ 2› ئاتقا تامغا سالغۇچى؛
3› باج ئالغۇچى، باجگىر.

**تامغە** [تمغه] «تامغا» غا قاراڭ.

**تامۇغ** [تاموغ] دوزاخ؛
بولۇر كۇفرى ئەھلى ئېھىشتىدىن يىراق،
تامۇغدا مۇئەببەد چېكەر ئېھتىراق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تامەئ** [طامع] (ئە) تاماگەر، بىراۋدىن بىرەر نەرسە ئۈمىد قىلغۇچى، بىراۋ-
نىڭ نەرسىسىگە كۆز تىككۈچى.

**تامەئە** [طامعه] (ئە) «تامەئ» قا قاراڭ.

**تامىزماق** [تامىزماق] تېمىتماق، تامغۇزماق؛
ئۆرۈپ جانىغە نەيزە گۇل تىكەندىن،
تامىزىپ قەترە-قەترە قان بەدەندىن.
— خىرقەتى.

**تانۇغ** [تانوغ] گۇۋاھ، شاھىد؛ بەلگە، نىشانە، ئىسپات، دەلىل؛
**يالغان تانۇغ** — يالغان گۇۋاھ.

**تانۇغلۇغ** [تانوغ لوغ] گۇۋاھلىق؛ بەلگىلىك.

**تانۇق** [تانوق] «تانۇغ» قا قاراڭ.

**تانۇقلاماق** [تانوقلاماق] مۇۋاپىق كۆرمەك، ئېتىراپ قىلماق؛ ئىشەنمەك.

**تانۇماق** [تانوماق] تونۇماق، بىلمەك، ئۇقماق؛
قىلۇر ئېردىم ئانداغ ئاڭا ئىزتىراب،
تانۇي دەپ بۇ جانىڭ يۈزىگە قاراب.
— ئا. نىزارى، ن. نىيائى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**تائىماق** [تائىماق] «تائۇماق» قا قاراڭ.

**تائۇن** [طاعون] (ئە) ۋابا:

تائۇن مەرەزى — ۋابا كېسىلى.

**تاۋاچى** [تواچى] پادىشاھنىڭ بۇيرۇق ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى تېگىشلىك يەرلەرگە يەتكۈزگۈچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئەمەلدار.

**تاۋشالماق** [تاوشالماق] ئېزىلمەك، يانجىلماق، زەئىپلەشمەك، كېسەل بولماق؛ دەردلىك:

تاقەتىم گەر قالمادى تارتارغە مىھنەت تاغىنى،
نە ئەجەب بۇ يۈكنى گەر ئەفلاك چەكسە تاۋشالۇر.
— نەۋائى.

**تاۋۇس** [طاوس] توز:

كى تاۋۇس پەرىدىن قىلىپ يەلپۈگۈچ،
نە پەردىن كى زەردىن قىلىپ يەلپۈگۈچ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاۋۇس پەيكەر — توز شەكىللىك، گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك.

**تاۋۇشقان** [تاوشقان] توشقان.

**تاۋۇشماق** [تاوشماق] 1) توشماق، كامالەتكە يەتمەك؛ ئاخىرىغا يەتمەك؛ 2) سەكرىمەك، يۈگۈرمەك، تېز ماڭماق.

**تاۋۇق** [تاووق] توخۇ:

مۇرغ، تاۋۇقتەك ئېرۇرمەن چۈن سىنىك ئىشقىڭدا كىم،
بۇ غەرەزدىن تەلپىنۇرمەن ئاي يۈزۈڭدەدان كۆرۈپ.
— موللا بىلال.

**تائىب** [تائب] (ئە) تۆۋە قىلغۇچى، تۆۋە قىلغان:

تائىپ بولماق — تۆۋە قىلماق.

**تائىر** [طائر] (ئە) «تايىر» غا قاراڭ.

**تائىفە** [طائفه] قەبىلە؛ كىشىلەر توپى، گۇرۇھ:

خۇبانى جەھان تەلبە كۆرۈبان قاچادۇرلار،
ئادەم ئەمەس ئول تائىفە گوياكى پەرىزاد.
— زەلىلى.

**تاياغ** [تاياغ] تاياق، كالتەك؛ چىۋىق.

**تاياغلاماق** [تاياغلاماق] ئۇرماق، تاياق سالماق.

**تاياق** [تاياق/تاياق] «تاياغ» قا قاراڭ:

ئۇرۇپ ئېردىم ئانىڭ باشىغە تاياق،
جەھەننەمگە قويدى بۇ كەمپىر ئاياق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تايىب** [تائب] (ئە) «تائىب» قا قاراڭ.

**تايىر** [طاير] (ئە) 1) قۇش؛ 2) ئۇچقۇچى؛

**تايىرى دەۋلەت** — دۆلەت قۇشى؛

**تايىرى قۇدس** — كۆچمە م: روھ، جان؛

**ئوق تايىرى** — كۆچمە م: ئېتىلغان ۋە ھاۋادا كېتىۋاتقان ئوق.

**تايىي** [طابى] (ئە) تاي ناملىق قەبىلىگە مەنسۇپ.

**تە** [ت] ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بەشىنچى ھەرپى ۋە ئۇنىڭ ئاتىلىشى:

«تە» تۇلان ئايدەك يۈزۈڭگە بەندەمەن، شاھى جەھان،
تاقەتىم يوق تەلمۈرۈپ، ئارزۇم قانارىم سەنمۇ سەن؟
— موللا سالىھ.

**تەئادۇل** [تعادل] (ئە) بىر-بىرىگە تەڭ كېلىش، باراۋەرلىك، تەڭلىك؛

**تەئادۇل ئەتمەك** — باراۋەر قىلماق، تەڭ قىلماق.

**تەئادىي** [تعادى] (ئە) ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك.

**تەئارۇز** [تعارض] (ئە) ئۆزئارا قارشىلىشىش، زىددىيەت، قارشىلىق.

**تەئاشۇق** [تعاشق] (ئە) بىر-بىرىگە مۇھەببەت باغلىماق، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرمەك.

**تەئاقۇب** [تعاقب] (ئە) ئىز بېسىپ كېلىش، كەينىگە كىرىش، بىر-بىرىنى ئازارەت (تەقىب) قىلىش سۈكدىشىش.

**تەئالەللاھ** [تعالى الله] تەڭرى، بىرلا ئاللا:

ئۇلۇغ زاتىدۇرۇر بىچۇن، بى مىسل،
تەئالەللاھ، ئاندىن بارچە ئەسغەر،
— ئەرشى.

**تەئام** [طعام] (ئە) يېمەكلىك، تاماق:

تەئامىنى ئالدىم يېدىم ئەندەكى،
كېتىپ ئەقلۇ ھۇشۇم ھەمە تەندەكى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئەب** [تعب] (ئە) مۇشەققەت، قىيىنچىلىق:

مەن ئولسام فەرەھلىك بىلە رۇز-شەب،
ساڭا يەتسە مۇنداقكى رەنجۇ تەئەب.
— ئا. نىزارى.

يۈرۈپ سال ئارا چۈن قىرىق رۇز-شەب،
بۇ مۇددەتدە يەتمەي ئاڭا ھېچ تەئەب.
— ئا. نىزارى.

**تەئەب تارتماق** — قىينالماق.

**تەئەبناك** [تعبناك] (ئە+پ) 1) مۇشەققەتتە قالغان، قىينالغان؛ 2) مۇشەققەتلىك، قىيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**تەئەججۇب** [تعجب] (ئە) ھەيران قىلىش، ئەجەبلىنىش:

ئايا بۇلبۇلكى، زار ئەيلەك بۇ تويكى بولدى شاھانە،
تەئەججۇب ئەيلەگىمىز ئىشق ئىچرە قىلغان كار بارد ھە.
— ئا. نىزارى.

**تەئەججۇب ئەنگىز** [تعجب انگیز] (ئە + پ) كىشىنى ھەيران قالدۇرماق، ئەجەبلەندۈرىدىغان.

**تەئەددۇب** [تعدب] (ئە) ئەدەبلىك، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق:

كى مەكتەپكە بەردى ئانى ئىلىم ئۈچۈن،
تەئەددۇب، تەۋازۇئ بىلە ھىلىم ئۈچۈن.
— ئا. نىزارى.

**تەئەددۇد** [تعدد] (ئە) ساناق؛ سانىلىش، سانى كۆپىيىش؛ كۆپەيتىش.

**تەئەددى** [تعدی] (ئە) زۇلۇم قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش؛ ھەددىدىن ئېشىش.

**تەئەددى پىشە** [تعدی پیشه] (ئە + پ) زۇلۇم قىلغۇچى، تاجاۋۇز قىلغۇچى.

**تەئەررۇز** [تەرض] (ئە) 1〉 تېگىش، تاقىلىش؛ 2〉 قارشىلىق كۆرسىتىش؛ تەئەررۇز قىلماق — ‹1› تەگمەك، تاقالماق؛ ‹2› قارشىلىق قىلماق.

**تەئەززۇم** [تعظم] (ئە) ئۇلۇغلىنىش، كىبىرلىنىش، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش.

**تەئەسسۇف** [تأسف] (ئە) ئېچىنىش، ئەفسۇسلىنىش؛ كۆيۈنۈش:

كۆرۈپ رەڭگى رۇيۇم تەئەسسۇف قىلىپ،
ئالىپ باردى ئۆيگە تەكەللۇف قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەسسۇف يېمەك — ئېچىنماق، ئەپسۇسلانماق.

**تەئەششۇق** [تعشق] (ئە) ئاشىق بولۇش، ئاشىقلىق، سۆيۈش:

تەئەششۇق قىلىپ ساقىئى دىلفىگار،
كەرەم ئەيلە ساغەر قىلاي جان نىسار.
— ئا نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئەققۇل** [تعقل] (ئە) ئەقلىگە كەلتۈرۈش، ئەقىل يۈرگۈزۈش:
تەئەققۇل ئەيلەمەك — ئەقلىگە كەلتۈرمەك، ئەقىل يۈرگۈزمەك؛
تەئەققۇل قىلماق — «تەئەققۇل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەئەللۇق** [تعلق] (ئە) 1〉 ئالاقە، باغلىنىش، مۇناسىۋەت؛ تەۋە، ئىگىلىك، تېگىشلىك:

فەرەڭگە تەئەللۇق، ھەۋاسى بەلەند،
بار ئېردىكى شاھى بەسى ئەرجۇمەند.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2〉 مال - دۇنيا، بايلىق:

قىلىپ يولدا ئانچە تەمەللۇقلارنى،

ئالىپ كەلدى بارچە تەئەللۇقلاردىن.
— ئا. نىزارى، ن. زدىيائى.

**تەئەللۇل** [تعلل] (ئە) 1) ئىللەتلىنىش، كېسەل بولۇش، يۇقۇملىنىش؛ 2) باھا-نە قىلىش، سەۋەب كۆرسىتىش؛
**تەئەللۇل قىلماق** — باھانە قىلماق.

**تەئەللۇم** [تعلم] (ئە) ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش.

**تەئەممۇل** [تأمل] (ئە) چوڭقۇر ئويلاش، دىققەت بىلەن پىكىر قىلىش، مۇلا-ھىزە يۈرگۈزۈش:

گۈلۈستان ئىرەمنى تەئەممۇل قىلىپ،
يۈرۈپ سۇ ئىچىدە تەۋەككۇل قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زدىيائى.

**تەئەممۇلسىز** [تأمل سىز] ئويلانماستىن، مۇلاھىزىسىز.

**تەئەننى** [تانى] (ئە) ئاستىلىق، سۇساۋۇق، بىرەر ئىشتا تېز بولماي، سۇس، ئاستا ۋە ئېغىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش:

تەئەننىلەر ئەتتى يەنە لاجەرەم،
كى رۇمغە ئەزىيمەت قىلىپ بىشەكەم.
— ئا. نىزارى، ن. زدىيائى.

**تەئەھھۇد** [تعهد] (ئە) ئەھد قىلىش، زىممىسىگە ئېلىش، سۆز بېرىش؛
**تەئەھھۇد ئەتمەك** — ئەھد قىلماق، سۆز بەرمەك؛
**تەئەھھۇد قىلماق** — «تەئەھھۇد ئەتمەك» كە قاراڭ.

**تەئەھھۇل** [تأهل] ئۆيلىنىش، خوتۇن ئېلىش.

**تەئەييۇن** [تعين] (ئە) بەلگىلىك بولۇش، كۆزگە كۆرۈنۈش؛ ئېنىقلىنىش؛ ئاشكارا بولۇش؛ شۆھرەتلىنىش:
**ئەدەمى تەئەييۇن** — «ئەدەم» گە قاراڭ.

**تەئەييۇنات** [تعينات] (ئە) [بىرلىكى: تەئەييۇن] بارلىق، مەۋجۇدات، دۇنيادا بار نەرسىلەر؛ «تەئەييۇن» غا قاراڭ.

**تەب** [تب] (پ) ئىسسىتما، بەزگەك:

ئەزابىڭدىن ئېتىپ خەۋف، ساھىبى تەبدەك كى تىترەرمەن،
بۇ ۋەجھىدىن بولۇپتۇركىم، چىرايىم ھەم سامان يەڭلىغ.
— موللا بىلال.

**ساھىبى تەب** — بەزگەك، كېسەلمەن.

**تەبار** [تبار] (پ) قېرىنداش، ئەۋلاد؛ نەسل، نەسەب؛
**خېش تەبار** — قېرىنداش، ئۇرۇق.

**تەبان** [تبان] تۆلەم، تاۋان، ئىشتىراپ.

**تەباھ** [تباه] (پ) خاراب، بۇزۇق، ۋەيران؛

www.uyghurkitap.com

ئەمەسدۇر ئۇستۇخانى خەر ئىتنىڭ ئاستىدا سۆدرەلگەن،
غەمنىڭ رەنجى بىلە ئۆلگەن مېنىڭ جىسمى تەباھىمدۇر.
— گۇمنام.

تەباھ بولماق — خاراب بولماق، بۇزۇلماق:
تەباھ روزغار — تۇرمۇشى بۇزۇلغان.
فېئلى تەباھ — بۇزۇق ئىش، قىلىق:
كىردىگارا، لۇتۇف ئېتىپ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،
كۆپ يازۇقلار ئەيلەگەن فېئلى تەباھىمنى كەرەم.
— ئەرشى.

تەبايىئ [طبايع] (ئە) [بىرلىكى: تەبىئەت] «تەبىئەت» كە قاراڭ:
چۈن كۇدۇراتى تەبايىئدىن نىچۇك بولغاي خەلاس،
ئەۋلىيا ئەشكىدە تا سۆزى گۇدازى بولماسا.
— زەلىلى.

تەبئە [تبع] (ئە) تەۋە كىشىلەر، قاراشلىق كىشىلەر.

تەبەر I [تبر] (پ) پالتا:
ياساپ ئوغرىغە بەلكى تىغۇ تەبەر،
سىپىنىڭ خەنجەرىڭ بىرلە تامنى تېشەر.
— غەرىبى.

تەبەر II [طبر] (پ) «تەبەر I» گە قاراڭ.

تەبەر چىنگكى [تبرچنگی] (پ) ئاي پالتا.

تەبەرخۇن I [طبرخون] (پ) 1) چىلان، چىلان دەرىخى؛ 2) كۆچمە م: قىزىل رەڭلىك.

تەبەرخۇن II [تبرخون] (پ) «تەبەرخۇن I» گە قاراڭ.

تەبەررا [تبرا] (ئە) چەتلىشىش، يۈز ئۆرۈش، ئۆزىنى قاچۇرۇش:
تەبەررا ئەيلەمەك — چەتلەشمەك، يۈز ئۆرۈمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق.

تەبەررى [تبری] (ئە) «تەبەررا» غا قاراڭ.

تەبەسسۇم [تبسم] (ئە) مىيىقىدا كۈلۈش:
ئول پەرىزادىم ماڭا باقىپ تەبەسسۇم ئەيلەدى،
ئىلتىفات ئەتتى قۇلغە، ئەي رەقىبلەر سىز ئۆلۈڭ!
— قەلەندەر.

تەبەق [طبق] (ئە) 1) تاۋاق، ئاياق:
بۇ يەڭلىغ تەبەقدە غىزالار يىمدۇك،
ياراتقان خۇداغە سەنالار دىدۇك.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قات، قەۋەت:
ئەشك دۇررىن تىزغالى جىسم ئۆزرە كۆزلەر ھىكمەتى،

گويىيا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۈزە يەتتى تەبەق.
— ئەرشى.

**تەبەقات** [طبقات] (ئە) [بىرلىكى: تەبەقە] قاتلاملار، قەۋەتلەر، دەرىجىلەر.

**تەبەقچى** [طبقچى] تاۋاق (تاماق) توشۇغۇچى.

**تەبەھ** [تبه] (پ) «تەباھ» قا قاراڭ.

**تەبەھكار** [تبه‌كار] (پ) جىنايەتچى، گۇناھكار، يولدىن ئازغان، يامان ئىشلارنى قىلغۇچى:

دېدى: تاجىر ئېرەمەس بۇ تەيياردۇر،
قەۋافىل ئىچىدە تەبەھكاردۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىبيائى.

ئەگەرچە بۇ بەندەڭ گۇنەھكاردۇر،
يۇتتۇرگەن يولىنى، تەبەھكاردۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىبيائى.

**تەبباخ** [طباخ] (ئە) ئاشپەز، يېمەكلىك پىشۇرغۇچى.

**تەبخ** [طبخ] (ئە) پىشۇرۇش، يېمەكلىك پىشۇرۇش.

**تەبخالە** [تبخاله] (پ) ئۇچۇق.

**تەبخي** [طبخى] (ئە) پىشۇرغۇچى، يېمەكلىك پىشۇرغۇچى، «تەبباخ»قا قاراڭ.

**تەبدىل** [تبديل] (ئە) ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش:

ھۆسنى گۇل يەڭلىغ قىزارماي زەھر ھىجران سالقىنى،
زەئفىرانغە تەبدىل ئەيلەب كاھىشى جانىمۇ ئىكەن.
— گۇمنام.

**تەبرىز** [تبريز] (پ) ئىراندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى:

بىر شىر مەرتنى بار دەپ ئىشىتتىم،
تەبرىز ئىچىدە ئىسمى خۇدا داد.
— موللا بىلال.

**تەبل** [طبل] (ئە) كانتا ناغرا، دۇمباق:

گەرچە ئەل ساڭا قاقار مېھرۇ مۇھەببەت تەبلىنى،
گۈلشەنىڭدە يوقتۇرۇر ئەسرار مەندەك بۇلبۇلۇڭ.
— قەلەندەر.

**تەبلەك** [طبلك] (ئە + پ) كىچىك ناغرا

**تەبۇغ** [تبوغ] «تابۇق» قا قاراڭ:

كۆز ياشى يىغلايۇ تۆشەيىن دەر ئاياغىڭە،
بىلمان نەدۇر تەبۇغدە، بۇ سائىل سەۋالىنى.
— سەككاكى.

**تەبۇق** [تبوق] «تابۇق» قا قاراڭ.

**تەبئ** [طبع] (ئە) تەبىئەت، مىجەز، خاراكتېر، تالانت:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرفە سۈنئى ئىلاھىدۇر كۆك چاي،
تەبئىنىڭ جىلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.
— ئەرشى.

مەندە تەبئى شائىرى يوقتۇر نىشانى ئاشىقى،
ھەرنە فەيزى تاپمىشىم مەن مەھرەمى ئەسرارىدىن.
— ئەرشى.

بىتتەبئ — ئۆز خاھىشى بىلەن؛
تەبئ ئەھلى — شائىر، سەنئەت ئەھلى؛ زەكىي كىشىلەر؛

ئۆرۈج ئەيلەر فەلەككە زارلىقىدىن يىغلاغان ياشىم،
تەماشا قىلغالى تەبئ ئەھلىگە پەۋۋارىدۇر كۆڭلۈم.
— مەھزۇن.

تەبئى ئاجىز — خاراكتېرى بوش؛
تەبئى سەلىم — ساق تەبىئەت، ساپ خاراكتېر؛
تەبئى مۇلايىم — بىرەر، نەرسىنى تېز ئۆگىنىدىغان، زېھنى راۋان؛
تەبئى نامەۋزۇن — كېلىشمىگەن خاراكتېر، شېئىر ئېيتىشقا لاياقەتسىز؛
شوخ تەبئى — شوخ تەبىئەتلىك؛

بىلىك ئارماندا مەندە نېچۈككىم قالمادى دەرمان،
كى سەندەك شوخ تەبئى شوخ جەۋلانىدىن ئايرىلغاچ.
— ئەرشى.

**تەبئىپەرەست** [طبع پرست] (ئە + پ) شېئىرغا بېرىلگەن، شائىر.

**تەبىئەت** [طبیعت] (ئە) خاراكتېر، خۇلق، پەيل، ئەتۋار، مىجەز.

**تەبىب** [طبیب] (ئە) تېۋىپ، دوختۇر؛

يۈرۈپ سوردۇم تەبىبلەردىن: «نەدۇر بۇ دەردىمە دەرمان؟»
تەبىب ئايتۇركى: «ئەي نادان، بۇ دەردى بىداۋا دەرلەر».
— زەلىلى.

**تەبىيرى** [تبیری] (پ) دۇمباق، ناغرا؛

تەبىيرى بىشەئى مەيدان دىۋانى سۇخەندۇرمەن،
كۆڭۈلدىن ماسەۋا قەتئ ئەتكەلى تىغى دۇدەم تەنھا.
— زەلىلى.

**تەپ** [تب] «تەب» كە قاراڭ.

**تەپانچە I** [تپانچه] (پ) شاپىلاق، تەستەك.

**تەپانچە II** [طبانچه] (پ) «تەپانچە I» گە قاراڭ.

**تەتار** [تتار] «تاتار» غا قاراڭ.

**تەتەببۇئ** [تتبع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەتەببۇئات] بىرەر نەرسىنىڭ ئارقىسىغا (ئىزىدا) چۈشۈش، ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، ئىزلاش؛ تەتقىق قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش؛

تەتەببۇئ ئەيلەمەك ـ ئەگەشمەك، ئىزىدىن بارماق، تەكشۈرمەك؛
تەتەببۇئ قىلماق ـ «تەتەببۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
خاجە سەلمانىنىڭ قەسىدەسىغە تەتەببۇئ قىلىبدۇر.
ـ نەۋائى.

**تەتەممە** [تتمه] (ئە) ئاخىرلىشىش، تۈگەللىنىش، تۈگەش.

**تەتبىق** [تطبيق] (ئە) سېلىشتۇرۇش؛ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛
تەتبىق قىلماق ـ سېلىشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق.

**تەتمىيم** [تتميم] (ئە) «تەتەممە» گە قاراڭ.

**تەتۋىل** [تطويل] (ئە) سوزۇش، ئۇزارتىش.

**تەتىممە** [تتمه] (ئە) داۋامى، قالغان قىسمى.

**تەجاھۇل** [تجاهل] (ئە) خۇپسەنلىك قىلىش، بىلمەسلىككە سېلىش.

**تەجاۋۇز** [تجاوز] (ئە) ئۆتۈش، چېگرادىن ئۆتۈش؛ تاجاۋۇز؛
تەجاۋۇز ئەيلەمەك ـ ئۆتمەك، چېگرادىن ئۆتمەك، تاجاۋۇز قىلماق.

**تەجەددۇد** [تجدد] (ئە) يېڭىلىنىش.

**تەجەررۇد** [تجرد] (ئە) ئالاقىسىزلىق، چەتلىنىش، ھەممە نەرسىدىن كېچىشە يالغۇزلۇق.

**تەجەررۇئ** [تجرع] (ئە) غورتۇلداپ ئىچىش.

**تەجەززى** [تجزى] (ئە) ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈش؛
جۇزئى تەجەززى پەزىر ـ پارچىلىنىشچان، بۆلۈنىدىغان بۆلەك.

**تەجەللى** [تجلى] (ئە) كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش؛
پەرتەۋى ھۆسنى تەجەللى يا يەدى بەيزا ئېرۈر،
كەئبەئى كويىنى كۆركىم لامەكان ئىماسى بار.

**تەجەللىيات** [تجليات] (ئە) [بىرلىكى: تەجەللى] كۆرۈنۈشلەر، جىلۋىلىنىشلەر.

**تەجەممۇل** [تجمل] (ئە) بېزەك، زىننەت، پەرداز:
سۇلەيمان ھەشمەتى، دارا تەجەممۇل شاھى ئالەم سەن،
زەھى شەمشىرى ئەدلىڭ مەۋجىنى ئابى رەۋان دەرلەر.
ـ زەلىلى.
تەجەممۇل ئەھلى ـ دۆلەتمەنلەر، زېبۇ زىننەتلىك كىشىلەر.

**تەجدىد** [تجديد] (ئە) يېڭىلاش، يېڭىدىن پەيدا قىلىش.

**تەجرىد** [تجريد] (ئە) ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالى بولۇش، چەتلىشىش، ئاجراش، يەككىلىك تەنھالىق:
يەتكۈرۈر بىللاھ مەقامى فەقرىگە تەجرىدلىك،
بولماغىل ھۇرانى جەننەت بىرلە ھەرگىز ئىزدىۋاج.
ـ زەلىلى.
تەجرىد ئەھلى ـ ئارتۇقچە نەرسىلەردىن ئۆزىنى خالى قىلغان كىشىلەر:

www.uyghurkitap.com

قەبۇلدۇ، نە يەتتى بەسكى سور دەپ،
ئانك رەددىدە تەجرىد ئەھلى بىھەد.

— ئەرشى.

تەجنىس [تجنيس] (ئە) 1) ئەدەبىياتتا ئومونىملار (شەكىلداش سۆزلەر) ئار-قىلىق سۆز ئويۇنى قىلىش، تۇيۇق؛
تەجنىسى تام — تولۇق تەجنىس: ئومونىملارنى شېئىر قاپىيەلىرىدە ئىشلىتىش؛
2) مۇزىكىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە مۇرەككەپ كۈيلەردىن بىرى.

تەجھىز [تجهيز] (ئە) 1) جاھازلاش؛ 2) تەييارلاش، مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن تەييارلاش.

تەجھىل [تجهيل] (ئە) نادان، جاھىل دەپ ھۆكۈم قىلىش؛ نادانلىقتا تەن بېرىش.

تەجۋىز [تجويز] (ئە) ماقۇل كۆرۈش، راۋا كۆرۈش، ئىجازەت؛
تەجۋىز ئەتمەك — راۋا كۆرمەك، لايىق تاپماق.

تەجۋىف [تجويف] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىنى كاۋاك قىلىش؛
تەجۋىف سالماق — كاۋاك قىلماق.

تەخەششۇئ [تخشع] (ئە) كەمتەر، كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق؛ ئەدەبلىك، تاۋا-زۇلۇق؛ تەكەللۇپ؛

ياساۋۇل ئايدى ئولدەم تەزەررۇئ بىلە،
قىلىپ كۆپ تەمەللۇق، تەخەششۇئ بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەخەلخۇل [تخلخل] (ئە) بۆلۈنۈش، بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش، بىر-بىرىدىن جۇدا بولۇش؛
تەخەلخۇلپەزىر — ئاجرالغان، ئاجرىلىدىغان؛
تەخەلخۇل تاپماق — بۆلۈنمەك، ئاجرالماق، جۇدا بولماق.

تەخەللۇت [تخلط] (ئە) 1) ئارىلاشتۇرۇش، بىرىكتۈرۈش؛ 2) ئۆچىرىشىش، يېقىنلىشىش.

تەخەللۇج [تخلج] (ئە) 1) قورقماق، چۆچۈمەك؛ تەمتىرىمەك، ھودۇقماق؛ 2) ھەيران قالماق، ئاڭ قالماق.

تەخەللۇس [تخلص] (ئە) 1) خالاس بولۇش، قۇتۇلۇش؛ 2) تەخەللۇس (ئۆز ئىسمىدىن باشقا ئىككىنچى بىر نامنى قوللىنىش).

تەخەللۇف [تخلف] (ئە) 1) خىلاپلىق قىلىش؛ 2) ئىختىلاپ، ناموۋاپىقلىق، توغرا كەلمەسلىك؛ 3) ئارقىدا قېلىش.

تەخەللۇق [تخلق] (ئە) 1) مىجەز، خۇلق؛ 2) سالاپەت، سىپايە؛ كەمتەر.

تەخەممۇل [تحمل] (ئە) 1) ئىناقسىزلىق، كېلىشەلمەسلىك، چىقىشالماسلىق.

تەخەييۇل [تخيل] (ئە) خىيالغا كەلتۈرۈش، خىيال قىلىش؛

تەخەييۇل تاماق ــ خىيال قىلماق، خىيالغا كەلتۈرمەك.

**تەخت** [تخت] (پ) پادىشاھنىڭ مۇراسىملاردا ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ئورۇندۇقى، تەخت:

كى تۇججار بەچچە جەنسىن تەختكە،
سەزاۋەر بولدى ئۇلۇغ بەختكە.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەختە** [تخته] تاختا، دوسكا؛ پارچە:

ۋەقتىلىك ئولسۇن خۇشكى مەيدەك، تۆھپە قىلغان بىزۇرەق،
بىر قارا چايى مۇئەنبەر تەختەسىدۇر خۇشگۇۋار.

ــ تەجەللى.

تەختە كەمپۇت ــ كەمپۇت پارچىسى؛

تەختەيى رەھل ــ رەھمال (پالچى) لارنىڭ مەخسۇس تاختىسى (پالچىلار پال ئاچقاندا ئۇنىڭدىكى چېكىت ۋە سىزىقلارغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ).

**تەختەسەڭ** [تخته سنگ] (پ) 1) تاشتاختا، تاختا تاش؛ 2) قىرغاق.

**تەخت پا** [تختپا] (پ) 1) تەختنىڭ پۇتى؛ 2) تەختنىڭ تاستى:

ئانىڭ تەخت پايىن يۈزۈمگە سۈرۈپ،
يۈزۈم يوقنى بەلكى كۆزۈمگە سۈرۈپ.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەختگاھ** [تختگاه] (پ) تەخت قۇرۇلغان جاي، پايتەخت، پادىشاھ ياشايدىغان شەھەر، پادىشاھ سارىيى.

**تەختگىر** [تخت گیر] (پ) 1) تەخت ئالغۇچى؛ 2) كۆچمەم: كۈچلۈك پادىشاھ؛ مۇستەقىل پادىشاھ.

**تەخسىس** [تخصیص] (ئە) مەخسۇسلاش؛ تەيىنلەش، بەلگىلەش؛ بېكىتىش:

كىشىكىم قىيامەتنى تەخسىس ئېتەر،
ئۆزىن كۇفر ئىلىگە تەشخىس ئېتەر.

ــ ئا. نىزارى.

بەتەخسىس ــ خۇسۇسەن.

**تەخفىف** [تخفیف] (ئە) 1) يەڭگىللىشىش؛ ئاجىزلىشىش؛ 2) ئازىيىش، كېمىيىش:

تەخفىف ئەيلەمەك ــ يەڭگىللەتمەك.

**تەخلىس** [تخلیص] 1) خالاس قىلىش، قۇتقۇزۇش؛ 2) تازىلاش؛

تەخلىس بەرمەك ــ قۇتقۇزماق؛ تازىلىماق.

**تەخلىج** [تخلیج] (ئە) سىلىش؛ سالدۇرۇۋېلىش (كېمىنى).

**تەخمىر** [تخمیر] (ئە) كىرىشتۈرۈش، ئارىلاشتۇرۇش، خېمىر قىلىش؛

www.uyghurkitap.com

تەخمىن ئەيلەمەك ــ كىرىشتۇرمەك؛ خىمىن قىلماق.

**تەخمىنشۇناس** [تخمين شناس] (ئە + پ) تەخمىن قىلغۇچى؛ ھېسابلاپ چىققۇچى؛

نەزمۇ نەسرىم كاتىبى تەخمىنشۇناس،
يازسا يۈز مىلك بەيت ئەگەر ئەردى قىياس.
ــ نەۋائى.

**تەخۋىف** [تخويف] (ئە) قورقىتىش؛ تەھدىد؛
تەخۋىف ئەتمەك ــ قورقۇتماق.

**تەدارۈك** [تدارك] (ئە) 1 › ئورۇنسىز (خاتا) كەتكەن نەرسىنى ئورنىغا كەلتۈرۈش، تولۇقلاش؛ 2 › ئىلاج، چارە.

**تەدبىر** [تدبير] (ئە) تەدبىر، چارە، ئۇسۇل، ئامال؛ پىلان، لايىھە؛

بۇ تەدبىرنى ئايتىپ مەنى ئامەغە،
داغى چۇلغاغايكىم ياقى جامەغە.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەدرىج** [تدريج] (ئە) ئاستا ـ ئاستا، ئاستىلىق، تەدرىجىي.

**تەدقىق** [تدقيق] (ئە) پارچىلاپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش.

**تەدۋىر** [تدوير] (ئە) 1 › قورشىماق، مۇھاسىرە قىلماق، ئورىماق؛ 2 › ئايلانماق، پىرقىرىماق، ئايلاندۇرماق، پىرقىراتماق.

**تەدۋىن** [تدوين] (ئە) 1 › تۈپلەش، جەملەش؛ 2 › شېئىر ۋە باشقا ئەسەرلەرنى تۈپلەپ، تەرتىپلەپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈش، دىۋان تۈزۈش؛
تەدۋىن قىلماق ــ تۈپلەپ تەرتىپلىمەك، تۈپلىمە ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**تەر** [تر] (پ) 1 › ھۆل؛ نەم، تەر؛

تۈرۈپ ئېردىم ئاندا ئاقىپ تەرلەدىم،
بۇ ھالەتنى كۆردى بۇرادەرلەرىم.
ــ ئا. نىزارى.

2 › يېڭى، ساپ، تازا؛ 3 › ئۇچار قاناتلار؛
تەر ئەيلەمەك ــ 1 › ھۆل قىلماق، ھۆللىمەك؛ 2 › ئۇيالدۇرماق؛ ئۇيالدۇرۇپ تەرلەتمەك؛
تەردامەن ــ كۆچمە م: گۇناھكار، يارىماس ئىشلارنى قىلغۇچى؛
تەرۇ تازە ــ ياشنىغان، يېڭىلانغان، گۈللىگەن؛

تەرۇ تازە بولدۇم بەغايەت سەمەن،
كى ئامادە ئەيلەپ قويارغە كەمەن.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەرۇ تازە ئەيلەمەك ــ ياشناتماق، گۈللەتمەك.

**تەرازۇ** [ترازو] (پ) 1 › ئۆلچەم، ئۆلچەش ئەسۋابى؛ 2 › ھەق، ھەققانى، توغرا؛

يۈزۈڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ كۈندىن،
«كىشىنىڭ كۆزىدۇر ئارى تارازۇ».

— لۇتفى.

**تەرازى** [تراضى] (ئە) بىر - بىرىدىن رازى بولۇش، شاد بولۇش، خۇشاللىنىش؛
**تەرازى قىلماق** — رازىلاشماق.

**تەراش** [تراش] (پ) 1› يونۇغۇچى، تاراشلىغۇچى؛ 2› قىرىندا؛
**خارا تەراش** — تاش يونۇغۇچى.

**تەراكىب** [تراكيب] (ئە) [بىرلىكى: تەركىب] «تەركىب» كە قاراڭ.

**تەراكىمە** [تراكمه] (ئە) [بىرلىكى: تۈركمەن] تۈركمەنلەر.

**تەرانە** [ترانه] (پ) 1› ناخشا؛ ئاھاڭ؛ مۇقام:
مۇغەننى ئەيلەگەچ مۇنداق تەرانە،
چەمەن چەكتى شەرابى ئاشىقانە.

— زەلىلى.

2› سۆزلىمەك:
دېدىمكى: بۇ قىزغە فەسانە قىلاي،
كۆڭۈل خاھىشىنى تەرانە قىلاي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3› سايرىماق:
تەرانە بىرلە كېلىپ گۈلغە ھەر سەھەر بۇلبۇل،
فىراق خارىنىڭ ئازارىنى بەيان قىلادۇر.

— مەھزۇن.

4› ئەرۇز ئىلمىدا رۇبائىي ۋەزنىنىڭ نامى؛
**تەرانە تۈزمەك** — ناخشا ئېيتماق، كۈيلىمەك؛
**تەرانە چەكمەك** — «تەرانە تۈزمەك» كە قاراڭ؛
**تەرانە سۈرمەك** — كۈيلەپ ئوقۇماق؛ سۆزلىمەك.

**تەرانغۇ** [ترانغو] تاغتېرىكمگە ئوخشاش بىر تۈرلۈك ياۋايى دەرەخ.

**تەراۋەت** [طراوت] (ئە) يېڭى، تازا، ساپ، پاكىز؛ ساپلىق، يېڭىلىق؛
بەھارى ئارەزىڭ تاپتى تەراۋەت ئەمدى خەت چىقسۇن،
بە رەڭگى ئەرغۇۋانى ياسۇمەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە.

— زەلىلى.

**تەراۋىش** [تراوش] (پ) سىزىپ چىقىش، تېمىش؛
**تەراۋىش ئەتمەك** — «تەراۋىش ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تەراۋىش ئەيلەمەك** — سىزىپ، تېمىپ چىقماق.

**تەرەب** [طرب] (ئە) خۇرسەن، شاد، خۇشال:
خۇشال، ئول رىندكىم ئۆمر ئەساسى يوقلۇقىن بىلگەچ،

www.uyghurkitap.com

تەرەپ جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم - بەدەم -

— ئەرشى.

تەرەب ئەنگىز — شادلىق كەلتۈرگۈچى؛

تەرەب ساغەرى — شادلىق پىيالىسى، خۇشچاقچاقلىق؛

تەرەب شەمئىن — خۇشاللىق شېمى، چىرىقى:

زەمانە قەسد بىرلە باغلادى بەل،

تەرەب شەمئىن ئۆچۈردى فىتنەلىك ئەل.

— لۇتفى.

**تەرەبخىز** [طرب خيز] (ئە + پ) شادلىق قوزغىغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى.

**تەرەبفەزا** [طرب فزا] (ئە + پ) شادلىقنى ئاشۇرغۇچى، شادلاندۇرغۇچى.

**تەرەبلىق** [طربلق] خۇرسەنلىك، شادلىق، خۇشاللىق.

**تەرەبناك** [طربناك] (ئە + پ) خۇرسەن، خۇرسەنلىك بىلەن:

مەي تۇتۇپ ساقى بۇ كۈن كۆڭلۈم تەرەبناك ئەيلەمىش،

بادە ئىچكەن شوخلاردەك داغى چالاك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

**تەرەددۇد** [تردد] (ئە) بىرەر مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇش، ئىككىلىنىش:

سەفەرنىڭ ئىشىنى تەرەددۇد قىلىپ،

ئىتى ھەم بۇرادەرلەرىنى ئالىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەرەششۇھ** [ترشح] (ئە) 1) سۇيۇقلۇقنىڭ سىزىپ ئېقىشى؛ 2) كۆچمە م: بىرەر يوشۇرۇن نەرسىنىڭ بىلىنىپ قېلىشى؛

تەرەششۇھ قىلماق — 1) سىزماق؛ 2) بىلىنىپ قالماق.

**تەرەففۇئ** [ترفع] (ئە) يۇقىرى كۆتىرىلىش، يۇقىرىلاش، يۈكسىلىش.

**تەرەققۇس** [ترقص] (ئە) ئۇسسۇل؛ تولغىنىش؛ تەۋرىنىش؛ قوزغىلىش، چاچراش:

باقىپ ھەرسە ھەريان تەفەھھۇس قىلىپ،

كېلىپ خەشمى ئانداغ تەرەققۇس قىلىپ.

— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

**تەرەككۇب** [تركب] (ئە) بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسە بىلەن بىرىكىشى؛ بىر نەچچە ماددىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولۇش.

**تەرەنجەبىن** [ترنجبين] (پ) يانتاق شېكىرى، تەرەنجۇبىل.

**تەرەننۇم** [ترنم] (ئە) [كۆپلۈكى: تەرەننۇمات] كۈيلەش، قوشاق قېتىش؛ سايراش؛ يېقىملىق سۆزلەش:

خۇشا، ئول رىندكىم ئۆمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،

تەرەپ جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم - بەدەم چەكتى.

— ئەرشى.

تەرەننۇم ئەيلەمەك ــ كۈيلىمەك؛ سايرىماق؛ چىرايلىق سۆزلىمەك؛
تەرەننۇم تۈزمەك ــ «تەرەننۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەرەننۇمگەر** [ترنم گر] (ئە + پ) چالغۇچى، سازەندە، كۈيلىگۈچى، قوشاقچى.

**تەرەھھۇم** [ترحم] (ئە) رەھىم قىلىش؛ غەمخورلۇق، مەرھەمەت:

ماڭا تەرەھھۇم ئېتىپ بەرمەسە مۇرادىمنى،
قىيامەت ئۇلسا سېنىڭ ياقاڭدا دۇر بىلەكىم.
ــ گۇمنام.

تەرەھھۇم ئەيلەمەك ــ رەھىم قىلماق.

**تەربىئ** [تربيع] (ئە) 1) تۆتكە يەتكۈزۈش، تۆتلۈك قىلىش؛ 2) تۆتكە بۆلۈش؛ 3) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ــ بىر پىلانېتىنىڭ باشقا بىر پىلانېتا بىلەن توقۇنۇشىشى.

**تەرجۇمە** [ترجمه] (ئە) بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا ئاغدۇرۇش، تەرجىمە:

كىم، بۇ دەفتەرغە بېرىپ تەۋفىق ھەق،
تەرجۇمە رەسمى بىلە يازسام ۋەرەق.
ــ نەۋائى.

**تەرجىھ** [ترجيح] (ئە) بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىدىن ئارتۇق كۆرۈش؛
تەرجىھ ئەيلەمەك ــ ئۈستۈن (يۇقىرى) كۆرمەك؛
تەرجىھ تاپماق ــ ئۈستۈن (يۇقىرى) بولماق؛
تەرجىھ قىلماق ــ «تەرجىھ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەرجىئ** [ترجيع] (ئە) قايتۇرۇش، تەكرارلاش.

**تەرخان** [ترخان] 1) سىلىقتىن ۋە ئەيىبلىنىشتىن ئازاد قىلىنغان؛ ئىمتىيازلىق كىشى؛ 2) شۇنداق ئىمتىيازغا ئىگە بولغان مەنسەبدار.

**تەرداماغلىق** [ترداماغلىق] كۆچمە م: ئىپلاسلىق، بۇزۇقلۇق، ئەخلاقسىزلىق.

**تەردامەنلىق** [تردامن لىق] «تەرداماغلىق» قا قاراڭ.

**تەردىد** [ترديد] (ئە) رەت قىلىش، قايتۇرۇش؛ قەتئىي بىر پىكىر قىلماسلىق.

**تەررار** [طرار] (ئە) ئوغرى، يانچۇقچى:

مېنى ئۇچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى ناگەھاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
ــ ئەرشى.

**تەرراھ** [طراح] (ئە) 1) نەقىشلىگۈچى، نەققاش، بىنالارنى بېزىگۈچى؛ 2) ئارخىتېكتور.

**تەرراھلىغ** [طراح لىغ] 1) نەققاشلىق؛ 2) ئارخىتېكتورلۇق.

**تەررە** [تره] (پ) تاماققا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كۆكتات («تەرۋە تازە/ تەرۇ تازە» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ).

**تەررە فۇرۇش** [تره فروش] (پ) كۆكتاتچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**تەرز** [طرز] (ئە) ئۇسۇل، چارە؛ يوسۇن، شەكىل:

ئانى شاھەنشەھ بىلىڭ كۆرگەچ زۇمۇرەد تەخت ئۆزە،
بىر گەدا تەرزىدە گۈلخەن ئىچرەدۇر جويەندەسى.
— ئەرشى.

سەبا ئوشبۇ ساڭا بۇ قۇلنىڭ ئەرزى،
بىلۇرسەن جۇملە ئىشنىڭ ھەرنە تەرزى.
— خىرقەتى.

**تەرس** [ترس] (پ) قورقۇش، قورقۇنچ، خەۋپ، ۋەھىمە.

**تەرسا** [ترسا] (پ) خرىستىئان، نەسرانىي، ئىساۋىي (ئىسا دىنىدىكى):

كۆپ مۇسۇلماندىن قويۇپ تەرسا بولۇرنى قاۋلاساڭ،
سەن بۇ كۇندىن سۇڭرە ھىچ زۇلفۇڭنى زۇننار ئەيلەمە.
— سەككاكى.

**تەرسان** [ترسان] (پ) قورقۇش، ۋەھىمە قىلىش:

ھەر كىشى ھەق قەھرىدىن تەرسان بولۇر،
ئول كىشىدىن بارچە خەلقلەر زان بولۇر.
— خەراباتى.

**تەرسكار** [ترسكار] (پ) پەرھىز تۇتقۇچى، ئۆزىنى ساقلىغۇچى.

**تەرسناك** [ترسناك] (پ) 1) قورقۇنچلۇق؛ 2) قورقۇنچاق.

**تەرسىئ** [ترصيع] (ئە) 1) قىممەت باھا تاشلار بىلەن بىرەر نەرسىنى زىننەتلەش، بېزەش؛ 2) شېئىردا بىرىنچى مىسرا بىلەن ئىككىنچى مىسرا بىر - بىرىگە ئاھاڭداش، ۋەزىنداش ۋە قاپىيىداش قىلىپ كەلتۈرۈش.

**تەرغىب** [ترغيب] (ئە) قىزىقتۇرۇش، ئۈندەش، رىغبەتلەندۇرۇش.

**تەرفىھ** [ترفيه] (ئە) تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق.

**تەرفىھ** [ترفيع] (ئە) يۇقىرى كۆتىرىش، يۈكسەلدۈرۈش؛ مەرتىۋىسىنى ئاشۇرۇش؛

**تەرق** [طرق] (ئە) 1) ئۇرماق، سوقماق؛ 2) ھوجۇم قىلماق، زەربە بەرمەك:

زۇلفى سىلسىلىنى ئول ئاي يۈزىگە نىقاب ئېتەر،
غەمزە قولىغا ئالمايىن نازۇ كەرەشمەدىن تەرق.
— زەلىلى.

**تەرك I** [ترك] ئۇرۇشتا باشقا كىيىلىدىغان مىس ۋە تۆمۈر قېتىشمىلىرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم.

**تەرك II** [ترك] (ئە) تاشلاش، تاشلىۋېتىش؛ ۋاز كېچىش؛ قارىماي قويۇش:

يوقۇ باردىن تەرك قىلماي يار تاپماق يوقدۇرۇر،
تۇرفەدۇركىم بۇ زەماندىن ئىزدەر ئەل خاھ ئۆزگەچە.
— ئەرشى.

جەفا تەركىن تۇتۇپ، ئەي چەرخى زالىم، بىر تەرەھھۇم قىل،
جەھان كۆل بولغىدەك بولدى مېنىڭ ئاھۇ پىغانىمغە.
— ئا. نىزارى.
تەركى ئەدەب — ئەدەب (ئەخلاق) قا زىت قىلىنغان ئىش-ھەرىكەت؛
تەركى خاب — ئۇيقىنى تاشلىماق؛
كىشىكىم تەشنە كۆرسە ئول پەرىنى، جىلۋەگەر يۈرمەس،
نىگە ئەرشى كەبى تا روزى مەھشەر تەركى خاب ئەيلەب.
— ئەرشى.
تەركى دۇنيا — دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، يەككە ھالدا تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش؛
تەركى ھۇش ئەتمەك — «تەركى ھۇش ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
قويۇپ لەبىمنى مەي ئۈزرە تەركى ھۇش ئەتتىم،
تۇشۇپ ئاياغىغە سەرمەست ئەجز پەرۋەر ھەم.
— سەبۇرى.
تەركى ھۇش ئەيلەمەك — ھوشىدىن كەتمەك، ھۇشىنى يوقاتماق.

تەركىب [تركيب] (ئە) بىرىكتۈرۈش؛ بىرىكمە، تەركىب:
ۋۇجۇدى مەجمەئۇل-بەھرەيىن رەھمەتىدىن تاپىپ تەركىب،
بىجىز لۇتفۇ شەفائەت ئىستەسەڭ يوق ھەر قايان ئاندا.
— ئەرشى.

تەرلىك [ترلیک / تیرلیک] ئىچ كۆڭلەك.

تەرھ [طرح] (ئە) 1) تاشلاش، ئېلىپ تاشلاش:
چەككەندە نەققاشى قەزا ئول سەرۋ گۈلرۇخ سۈرەتىن،
گويا بېگەنىمەي تاشلامىش تەرھ ئەيلەپ ئاي-كۈن ھەيئەتىن.
— نەۋائى.
2) قۇرۇلغان بىنا؛ 3) قۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى، قۇرۇلۇش ۋە ئىمارەتلەرنىڭ پىلان-خەرىتىسى، لايىھە:
يوق پەرىلەر ئىچرە جانا سەن كەبى شىرىن دەھەن،
كۆزلەرىڭ تەرھىغە نەچۈك ئوخشاتاي نەرگىسنى مەن.
— گۇمنام.
4) تەرتىپ، تۈزۈم؛
تەرھى ئەجەب — ئاجايىپ بىنا لايىھىسى؛
تەرھى ئەجەب سالماق — ئاجايىپ لايىھە تۈزمەك، ئاجايىپ ئىش قىلماق؛
تەرھى تەئەب — قىيىنچىلىق، مۇشكۇللۇك؛
تەرھى رەقەم قىلماق — لايىھە سىزماق.

www.uyghurkitap.com

تەرۋىج [ترويج] (ئە) راۋاجلاندۇرۇش؛ قىممىتى ۋە ئەتىۋارىنى قاچۇرۇش.

تەرۋىھ [ترويح] (ئە) خۇش بۇي قىلىش؛ راھەتلەندۈرۈش، دەم بېرىش.

تەرىد I [طريد] (ئە) 1) خىتاب؛ نەرە؛ سۈرەن، شاۋقۇن؛ 2) كۆچمە م: قاتتىق ھۇجۇم:

تەرىد ئەتكەچ قويۇنتەك ھەملە قىلدى،
بۆلۈتتەك گۆكرەدى، ئوتتەك چاقىلدى.
— لۇتفى.

تەرىد ئەتمەك — «تەرىد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەرىد ئەيلەمەك — قاتتىق ھۇجۇم قىلماق.

تەرىد II [ثريد] (ئە) توغرام، توغرالغان نان؛
تەرىد قىلماق — توغرىماق، توغراپ يۇمشاتماق (ناننى).

تەرى [طرى] (ئە) 1) يېڭى؛ 2) كۆچمە م: گۈزەل، تازا.

تەرىق [طريق] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇرۇق] 1) يول، ئىز؛ 2) ئۇسۇل، يوسۇن، قائىدە، رەسىم؛ 3) مەسلەك؛ 4) ۋاسىتە، سەۋەب.

بۇ خىلۋەت بەزمىدە مەھجۇر بولماغلىق تەرىقىدە،
بەنى بولغاي ھەمان ئاندا، ۋەلى بولغاي ھەمان ئاندا.
— ئەرشى.

ساھىب تەرىق — مەلۇم بىر مەسلەككە ئىگە كىشى (سوپىيلىقتا)؛
ھەمتەرىق — يولداش، ھەمراھ.

تەرىقەت [طريقت] (ئە) ئۇسۇل، يول، مەسلەك، سوپىيلىق يولى؛
تەرىقەت ئەھلى — سوپىيلار.

تەرياق [ترياق] 1) ئەپيۇن؛ 2) زەھەر قايتۇرۇش دورىسى.

تەرياك [ترياك] «تەرياق» قا قاراڭ:

ئەيلەمىش دەم سەرد ئىتىپ گەر چەرخى مۇستەغنا مېنى،
ساقى ئوتلۇغ مەي ئانىڭ دەفئىگە تەرياك ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

تەزەررۇئ [تضرع] (ئە) يېلىنىش، يالۋۇرۇش:

بۇ دەريا لەبىگە كېلىپ شاھزاد،
تەزەررۇئلار ئەتتى، قىلىپ ھەققە داد.
— ئا. نىزارى.

تەزەررۇئ ئەتمەك — «تەزەررۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەزەررۇئ ئەيلەمەك — يالۋۇرماق، يېلىنماق، ئىلتىجا قىلماق.

تەزەرۇ [تذرو] (ئە) قىرغاۋۇل، ياۋا توخۇ:

بارۇر تەرفى چەمەنگە سەيرئۇچۇن بىر شوخ رەئنايى،
خىرامىدىن سالىپ كىبكۇ تەزەرۇ ئىچرە غەۋغايى.
— زەلىلى.

تەزەلزۇل [تزلزل] (ئە) 1) قىمىرلاش، تىترەش؛ 2) ئەھۋال ئۆزگىرىش؛ 3) ھولۇقۇش؛
تەزەلزۇل تاپماق — قىمىرلىماق؛ تىترىمەك.

فەلەكدە مىھر گۈلشەن ئىچرە گۈللار يافراغىن ناگەھ،
تەزەلزۇل ئىچرە سالدى ئارەزىنى پىچتاب ئەيلەب.

— ئەرشى.

تەزەللۇل [تذلل] (ئە) ئۆزىنى خار تۇتۇش، ئۆزىنى پەس (تۆۋەن) تۇتۇش.
تەزەللۇم [تظلم] (ئە) زۇلۇمدىن شىكايەت قىلىش، زۇلۇمدىن زارلىنىش؛ داد - پىغان؛

بۇ سۆگ ئىچرە ناكەس تەزەللۇم قىلىپ،
ماڭا باقتى ئول شۇم تەكەللۇم قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئەھلى تەزەللۇم — زۇلۇمدىن پەرياد قىلغۇچىلار، مەزلۇملار؛
تەزەللۇم ئەتمەك — «تەزەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

خەلق ھالىغە تەرەھھۇم ئەيلەبان،
دىلبەرىغە كۆپ تەزەللۇم ئەيلەبان.

— نەۋائى.

تەزەللۇم ئەيلەمەك — زۇلۇمدىن شىكايەت قىلماق، داد - پىغان كۆتۈرمەك.
تەزەۋۋۇج [تزوج] (ئە) جۈپ بولۇش، ئۆيلىنىش.
تەزكىر [تذكير] (ئە) خاتىرىگە كەلتۈرۈش، ئەسلەش، زىكر قىلىش.
تەزكىرە [تذكره] (ئە) 1) خاتىرە، ئەسلەش، ئەسكە ئېلىش ئۈچۈن ۋاستە بولغۇچى يازما قەغەزلەر؛ 2) خاتىرىنامە؛ 3) كۆچمەم: شائىرلار، ئالىملارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەسەر نەمۇنىلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام.
تەزمىن [تضمين] (ئە) بىراۋنىڭ مەلۇم بىر شېئىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىنى ئۆز شېئىرى ئىچىگە كىرگۈزۈش؛ نەقىل كەلتۈرۈش.
تەزھىب [تذهيب] (ئە) زەرلەش، ھەل بېرىش، ئالتۇن يالىتىش، ئالتۇن قاپلاش، ئالتۇن بىلەن نەقىشلەش.
تەزۋىج [تزويج] (ئە) ئۆيلەندۈرۈش؛ نىكاھ.
تەزۋىر [تزوير] (ئە) ئالداش؛ ھىيلە، مىكىر؛

بۇ ئالەم زالىدىن تۇتغىل كەنارە،
ئېرۇر تەزۋىرى ئانىڭ بىشۇمارە.

— ئەرشى.

تەزئىف [تضعيف] (ئە) بىرنى ئىككى قىلىش (بىرنى ئىككىگە كۆپەيتىش)، ئىككى باراۋەر قىلىش؛

www.uyghurkitap.com

تەزئىق ئولماق ــ ئىككىگە كۆپەيمەك؛ ئىككى باراۋەر بولماق.

**تەزيىن** [تزيين] (ئە) زىننەتلەش، بېزەش:

قاچان ئولسە ئول ھەم بۇ ئايىن بىلە،
بىرەۋ ئولتۇرۇپ تەخت تەزيىن بىلە.

ــ ئا. نىزارى.

ئاسمان تەزيىن ــ ئاسمانغا ئوخشاش بېزەلگەن، ئاسماندەك بېزەلگەن؛
تەزيىن بەرمەك ــ زىننەتلىمەك، بېزىمەك؛
تەزيىن تاپماق ــ زىننەتلەنمەك، بېزەلمەك.

**تەساموۋ** [تسامع] (ئە) ئۆزىنى ئاڭلىغانغا سېلىش.

**تەسانىف** [تصانيف] (ئە) [بىرلىكى: تەسنىف] «تەسنىف» كە قاراڭ.

**تەساھۇل** [تساهل] (ئە) بىپەرۋالىق، بىخەستەلىك، سەل قارىماق، ئېتىبارسىزلىق:

خەت يازۇرغە بۇ تەساھۇل بائىسى سەندىن نېدۇر،
قىلدى كاغەزنى قارا دەپ خاندىن ئىشىتتىڭمۇ جار.

ــ تەجەللى.

**تەسەددۇق** [تصدق] (ئە) سەدىقە قىلىش، بىرەر نەرسىنى سەدىقە يولى بىلەن باشقىلارغا بېرىش؛
تەسەددۇق قىلماق ــ سەدىقە قىلماق، سەدىقە قىلىپ بەرمەك.

**تەسەررۇف** [تصرف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەسەررۇفات] 1) ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىش، ئىگىلەش؛ 2) شېئىردا ئايرىم سۆزلەرنىڭ گرامماتىك شەكلىنى شائىر ئۆز رايىچە ئۆزگەرتىش:

يۈز تۈمەن ئەرمان زىمىنىسىكىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرۇر،
دەرت ئاڭا ساھىب تەسەررۇف، غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر.

ــ تەجەللى.

**تەسەلسۇل** [تسلسل] (ئە) زەنجىر ھالقىلىرىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىش، ئارقىمۇئارقا تىزىلىش:

سېنىڭ زاتىڭ تەسەۋۋۇردىن مۇنەززە،
ساماۋاتىڭ تەسەلسۇلدىن مۇنەززە.

ــ خەراباتى.

**تەسەللۇف** [تصلف] (ئە) ماختانچاقلىق، ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىش، بىلەرمەنلىك قىلىش.

**تەسەۋۋۇر** [تصور] (ئە) بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ سۈرىتىنى خىيالىغا كەلتۈرۈش، زېھنىدە گەۋدىلەندۈرۈش:

لەبلەرىڭ كەيفىيەتىن ھەردەم تەسەۋۋۇر ئەيلەسەم،
ئىچەرەم خۇنابە ھەسرەت گاھى ھەم گۈلگۈن شەراب.

ــ ئەرشى.

**تەسەۋۋۇف** [تصوف] (ئە) سوپىلىق، سوپىزىم.

**تەسبىھ** [تسبيح] (ئە) تەسۋى:

زاھىدىكىم كۆردى زۈلفۈڭ كۇفرىن ئىماندىن كېچىپ،
بوينىدا تەسبىھنى بىلگە زۇننار ئەيلەدى.
— سەككاكى.

**تەسبىھۇ نەماز** — تائەت-ئىبادەت قىلماق، ناماز ئوقۇماق:

تەكيە گاھى زاھىدان گەر بولسا تەسبىھۇ نەماز،
مۇستەھىققە لۇتفى ئەيلەيدۇر خۇدايى ئاشىقان.
زەلىلى.

**تەسبىھى يۇسىر** — دېڭىزدا ئۆسىدىغان بىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكتىن ئىشلەنگەن تەسۋى.

**تەسخىر** [تسخير] (ئە) 1) ئىستىلا قىلىش (ھەربىي كۈچ بىلەن)، بېسىۋېلىش، قولغا ئېلىش، ئىگىلەش:

كىشۋەرى ئالەمنى شەھلەر ئەل بىلە تەسخىر ئېتەر،
شەھرى دىل ئالماققە دىلبەرنىڭ سىپاھى ئۆزگەدۇر.
— گۇمنام.

2) ئىلىندۇرۇش، رام قىلىش؛ 3) ماقۇل كەلمەك، تەسلىم بولماق؛

**تەسخىر بولماق** — «تەسخىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

مەگەركىم ئول پەرى تەسخىر بولغاي،
زىلەيخا بىرلە يۈسۈف بىر بولغاي.

— ئۆتقى

**تەسخىر ئەيلەمەك** — رام قىلماق، قولغا ئالماق؛ تەسلىم قىلماق، ماقۇل كەلتۈرمەك.

**تەسرىھ** [تصريح] (ئە) ئوچۇق ۋە ئېنىق ئىپادىلەش؛

**تەسرىھ ئەيلەمەك** — ئوچۇق ئىپادىلىمەك، ئېنىق سۆزلىمەك.

**تەسفىيە** [تصفيه] (ئە) ساپلاشتۇرۇش، تازىلاش، روشەنلەشتۈرۈش، تىندۇرۇش؛

**تەسفىيە تاپماق** — ساپلانماق، روشەنلەشمەك.

**تەسكىن** [تسكين] (ئە) توختىتىش؛ توختىتىش، تىنجىتىش؛ ئارام:

ۋائىزا، مەنئ ئەتمەگىل ئىلتىپ پەرى ئەيلەپ جۇنۇن،
يوق بۇ دەۋر ئوتىغە تەسكىن يا كۆڭۈل سەۋداسىغە.
— موللا سالىھ.

**تەسكىن بەرمەك** — ئارام بەرمەك؛

**تەسكىن تاپماق** — توختىماق، ئارام ئالماق، ئارام تاپماق:

بۇ سۆزدىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى تەسكىن،
تىكەنگە رەشكىدىن كىم ئەيلەدى كىن.
— خىرقەتى.

www.uyghurkitap.com

تەگكىن تۇتماق ــ بىر يەردە تۇرماق، تىنچلانماق.

**تەسلىم** [تسليم] (ئە) تاپشۇرۇش؛ بىرەر پىكىرنى قوبۇل قىلىپ كۆنــۈش، بويسۇنۇش؛ تەن بېرىش، قايىل بولۇش؛

ئىرۇر ئالتىنچىنىڭ مەنىسى تەسلىم،
ئەگەر ئالساڭ دىلۇ جان بىرلە تەئلىم.
— خىرقەتى.

**تەسمىيە** [تسميه] (ئە) ئات (ئىسىم) قويۇش، نام قويۇش، ئاتاش؛
تەسمىيە ئەتماق ــ نام قويماق، ئاتىماق.

**تەسنەف** [تصنيف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەسانىف] 1) تۈرلەرگە ئاجرىتىش، كلاسسىفىكاتسىيە؛ 2) بىرەر ئەسەر يارىتىش؛ 3) مۇزىكىدا بىرەر كۈي يارىتىش.

**تەسۋىر** [تصوير] (ئە) سۈرەتلەش، بىرەر نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ياكى خىيالىغا كەلتۈرۈش.

**تەشەببۇھ** [تشبه] (ئە) ئوخشاشلىق، ئوخشاپ قېلىش.

**تەشەددۇد** [تشدد] (ئە) شىددەتلىنىش، قاتتىقلىشىش، قاتتىقلىق پەيدا قىلىش؛ ئېغىرلىشىش.

**تەشبىھ** [تشبيع] (ئە) 1) تولماق، لىق تولماق، قاپلىماق؛ 2) تويماق، تويۇنماق.

**تەشبىھ** [تشبيه] (ئە) 1) ئوخشىتىش، دوراش، تەقلىد قىلىش؛ 2) ئوخشىماق، ئوخشىشىپ كەتمەك، ئوخشاپ كەتمەك؛ 3) خۇددى شۇنداق، شۇنداق؛
تەشبىھ ئەتمەك ــ ئوخشاتماق.

گۈلىدۇركىم قىزىل ساچباغ ئۇچىغا سەرنگۈن ئەيلەپ،
ئۆزىن تەشبىھ يۈزۈڭگە ئەيلەمەكلىك بىرلە ئاسقاندۇر.
— گۇمنام.

**تەشت** [طشت] (پ) لىگەن؛ ئىدىش؛
زەررىن تەشت ــ ئالتۇن لىگەن.

**تەشخىس** [تشخيص] (ئە) تونۇۋېلىش، ئاجرىتىۋېلىش، ئېنىقلاش؛ كېسەللىكنى ئېنىقلاش، دىئاگنوز قويۇش؛

كىشىكىم قىيامەتنى تەخسىس ئېتەر،
ئۆزىن كۇفر ئېلىگە تەشخىس ئېتەر.
— ئا. نىزارى.

**تەشدىد** [تشديد] (ئە) 1) شىددەتلەندۈرۈش، ئېغىرلاشتۇرۇش؛ 2) ئۆزۈك تاۋۇشلارنى ئىككى قېتىم قايتىلاپ (تەكرارلاپ) ئوقۇش؛ ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەكرار ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىدىغان دىئاكرىتىك بەلگە

**تەشرىھ** [تشريح] (ئە) 1 › چۈشەندۈرۈش، ئۇقتۇرۇش، ئىزاھلاش، شەرھلەش؛ تەھلىل قىلىش.

**تەشرىف** [تشريف] (ئە) ئۇلۇغلاندۇرۇش، شەرەپلەندۇرۇش؛ مەرھەمەت قىلىپ كېلىش:

مەگەر تەشرىف ئەتسە، ئەرشىيا، سال پەردەسىدىنكىم،
كۆزۈڭ مەئۋالار ئەيلەپ مەسنەدى شاھانە ئاندىن كۆب.
— ئەرشى.

تەشرىف ئەتمەك — مەرھەمەت قىلىپ كەلمەك؛
تەشرىف كەلتۈرمەك — «تەشرىف ئەتمەك» كە قاراڭ.

**تەشرىفات** [تشريفات] (ئە) پادىشاھ تەرىپىدىن بىرەر كىشىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن بېرىلگەن ئۇستىباش.

**تەشنە** [تشنه] (پ) 1 › ئۇسساماق، ئاغزى قۇرۇماق، چاڭقىماق؛ 2 › تەشنا بولماق؛ ئارزۇ قىلماق، ئىنتىزار بولماق، سېغىنماق:

قويۇپ نانىنى ئالدىم تۇمەن شۈكرى دەپ،
بەسى تەشنە بولدۇم قۇرۇق نانىنى يەپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەشنەلەپ** [تشنه‌لب] (پ) ئۇسساش، تەشنا، چاڭقاش:

ھەركىمىم ئېردى تەشنەلەب نۇش ئەيلەدى،
سۆز دېمەكدىن تىلىنى خامۇش ئەيلەدى.
— نەۋائى.

گۇمنام ئەگەرچە تەشنەلەب يانسا بۇ چەشمە ساردىن،
بولماسا گەر قەترە نەسىب، بارما دېگەنچە بارادۇر.
— گۇمنام.

سېغىنىش ئارزۇ، ئىنتىزارلىق:

مەن شەرابى لەئلىدىن سەرشاردۇرمەن، ئەيى رەقىب،
سەن يۈرۈرسەن تەشنەلەب ئىچمەيى مەيى رۇخسارىدىن.
— ئەرشى.

**تەشنىئ** [تشنيع] (ئە) مالامەت قىلىش؛ ئەيىبلەش.

**تەشھىر** [تشهير] (ئە) شۆھرەتلەندۈرۈش، مەشھۇر قىلىش ھەممىگە بىلدۈرۈش.

**تەشھىز** [تشحيذ] (ئە) ئۆتكۈرلىتىش، بىلەش، چاقلاش؛
تەشھىز خاتىر — خاتىرىسىنى، زېھنىنى ئۆتكۈرلىتىش.

**تەشۋىر** [تشوير] (ئە) 1 › دولقۇن؛ 2 › پالاكەت.

**تەشئىر** [تشعير] (ئە) چاچ، ساقال قويۇش.

**تەغار I** [تغار] چوڭ يۇمىلاق ئىدىش، چوڭقۇر كۆپ.

**تەغار II** [طغار] «تەغار I» گە قاراڭ.

**تەغارە** [تغاره] «تەغار I» گە قاراڭ:

تەرەب ۋەقتىنى، ئەرشى، مۇغتەنەم بىل،
سۇمۇر گەردۇنغە ئۈلچەپ بىر تەغارە.

— ئەرشى.

**تەغارى I** [تغارى] «تەغار I» گە قاراڭ.

كەتۇر، ساقى، تەغارى بەھرى تىمسال،
قەدەھ كىشتىسىن ئول مەي بەھرىغە سال.

— نەۋائى.

**تەغارى II** [طغارى] «تەغارى I» گە قاراڭ.

**تەغافۇل** [تغافل] (ئە) 1 › بىلمەسلىككە سېلىش، كۆرمەسلىككە سېلىش؛ 2 › بىپەرۋالىق، بىخۇدلۇق، بىخەستىلىك:

ئەيلەپ ئىستىغنا ئۇنۇتساڭ مەن گەدانى تاڭ ئەمەس،
كىم تەغافۇل كىشۋەرىدە سەن قاراخان ئەي نىگار.

— تەجەللى.

زەنجىرى تەغافۇل — غاپىللىق زەنجىرى:

چۇ شەب رەڭ ئەژدەھادەك ھەلقە قىلدىڭ چىنى كاكۇل سەن،
ھەمايىلدار ئېتىپ گوياكى زەنجىرى تەغافۇل سەن،

— زەلىلى.

**تەغايى** [طغايى] تاغا (ئانىنىڭ ئاكا ياكى ئۇكىسى).

**تەغەللۇب** [تغلب] (ئە) يەڭمەك، غەلىبە قىلماق؛ بويسۇندۇرماق، بېقىندۇرماق، ئىستىلا قىلماق.

**تەغەننى** [تغنى] (ئە) 1 › كۈيلەش؛ ناخشا، ناخشا ئېيتىش؛ 2 › بېيىش.

**تەغەييۇر** [تغير] (ئە) ئۆزگىرىش، باشقا تۈسكە كىرىش؛ بۇزۇلۇش؛

تەغەييۇر تاپماق — ئۆزگەرمەك.

**تەغرىب** [تغريب] (ئە) سۈرگۈن قىلماق؛ قوغلاپ چىقارماق، ھەيدىمەك.

**تەغلەت** [تغليط] (ئە) تەشۋىشلەنمەك؛ 2 › خاتالاشماق.

**تەغلىز** [تغليظ] (ئە) 1 › قويۇقلاشتۇرماق، زىچلاشتۇرماق؛ 2 › كۈچەيتمەك؛ چوڭقۇرلاشتۇرماق؛ 3 › قوپاللاشتۇرماق، يىرىكلەشتۈرمەك؛ دارىتىملاپ تىللىماق.

**تەغيىر** [تغير] (ئە) ئۆزگەرتىش:

ياراغ ئولدۇركى ئاتلانساق بۇ شەبگىر،
قىلىب باشدىن ئاياغ تونلارنى تەغيىر.

— لۇتفى.

تەغيىر ئەتمەك — ئۆزگەرتمەك؛
تەغيىر تاپماق — ئۆزگەرمەك؛

تەغيىر قىلماق — «تەغيىر ئەتمەك» كە قاراڭ.

**تەف** [تف] (پ) ئىسسىقلىق، بەزگەك.

**تەفاخۇر** [تفاخر] (ئە) پەخىرلىنىش؛

تەفاخۇر قىلماق — پەخىرلەنمەك.

**تەفاسىر** [تفاسير] (ئە) [بىرلىكى: تەفسىر] تەفسىرلەر؛ «تەفسىر» گە قاراڭ.

**تەفاۋۇت** [تفاوت] (ئە) ئايرىماق، پەرق:

كارۇ بارى دەھر ئارا يوقدۇر تەفاۋۇت، ئەي خىرەد،
غەم يىمە كۆپ، غەم غۇبارىدىن ئۆزۈڭ مەسرۇر تۇت.
— ئەرشى.

تەفاۋۇت ئەيلەمەك — ئايرىماق، پەرقلەندۇرمەك.

**تەفەررۇج** [تفرج] (ئە) سەيلە، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش:

تەفەررۇج گاھى سۈنئۈڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن كېچەلەردە گۈنبەزى خۇزرا.
— زەلىلى.

**تەفەررۇس** [تفرس] (ئە) پاراسەت بىلەن بىلىۋېلىش، بايقىۋېلىش.

**تەفەرئۈن** [تفرعن] (ئە) ئادەتتىن تاشقىرى كىبىرلىنىش، تەكەببۇرلىنىش.

**تەفەققۇد** [تفقد] (ئە) 1) يوقالغان نەرسىنى ئاختۇرۇش، سۈرۈشتۈرۈش؛ 2) مېھرىبانلىق، مېھرىبانچىلىق كۆرسىتىش.

**تەفەھھۇس** [تفحص] (ئە) [كۆپلۈكى: تەفەھھۇسات] ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش، ئاختۇرۇش:

باقىپ ھەرسە ھەريان تەفەھھۇس قىلىپ،
كېلىپ خەشمى ئانداغ تەرەققۇس قىلىپ.
— ئا. نىزارى. ن. زىيائى.

تەفەھھۇس ئەيلەمەك — سۈرۈشتۈرمەك، تەكشۈرمەك.

**تەفەھھۇم** [تفهم] (ئە) ئۇقماق، چۈشەنمەك، بىلمەك، ئۆزلەشتۈرمەك؛ چۈشىنىشلىك، ئېنىق.

**تەفەئئۇل** [تفأل] (ئە) 1) تەخمىنلەش؛ پال كۆرۈش، پال ئېچىش؛ 2) ياخشىلىققا ئۇرۇش.

**تەفتىك** [تفتيك] 1) قوي يۇڭى (باھاردا قىرقىلغان پاكىزە يۇڭ)؛ ئىنچىكە قىل؛ تىۋىت.

**تەفرىھ** [تفريح] (ئە) خۇرسەن قىلىش، شادلاندۇرۇش:

قارا ئەنگۇر ئابىدىن ئەتكەن مۇئەنبەر بادەنىڭ،
ئۆزگە بىر تەئسىرۇ خاسى، باشقا بىر تەفرىھى بار.
— تەجەللى.

تەفرىھ ئەتمەك — شادلاندۇرماق.

www.uyghurkitap.com

تەفرىت [تفريط] (ئە) 1) بىرەر ئىشقا سۇسلۇق بىلەن قاراش، تولۇق ھەرىـ كەتتىن ئارقىدا قېلىش، كەمچىلىك سادىر قىلىش؛ 2) نورمالسىز

تەفرىد [تفريد] (ئە) يالغۇزلۇق، يەككىلىك، ئۆزىنى دۇنيادىن چەتتە تۇتۇپ، يالغۇزلۇقتا ياشاش.

تەفرىق [تفريق] (ئە) 1) ئايرىش، بۆلۈش؛ 2) ئايرىلىش، بۆلـۈنـۈش؛ 3) پەرقلىنىش.

تەفرىقە [تفريقه] (ئە) ئايرىلىش؛ پەرىشان بولۇش؛ ئاجرىتىش.

تەفزىھ [تفضيح] ئە) بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ رەسۋا قىلىش، شەرمەندە قىلىش.

تەفزىل [تفضيل] (ئە) ئاشۇرۇش، ئەۋزەل بىلىش.

تەفسان [تفسان] (پ) ناھايىتى قىزىق، ناھايىتى ئىسسىق، تاۋلانغان.

تەفسىدە [تفسده] (پ) قىزىغان، ئىسسىق، قايناق، قىزغىن.

تەفسىر [تفسير] (ئە) [كۆپلۈكى: تەفاسىر] 1) شەرھ، ئىزاھ، بىرەر تېكىستنىڭ مەنىسىنى ئېچىش؛ 2) قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاش ۋە شۇ توغرىدا يېزىلغان كىتاب:

سۇرەئى ئىشقىڭنى تەفسىر ئەتكەلى بار كىمدە تىل،
مەكتەبى خامۇشلۇقتە كىردى ئەربابى بەيان.
— ئەرشى.

تەفسىل [تفصيل] (ئە) بىرەر نەرسىنى ئەتراپلىق، ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىش، كېڭەيتىپ سۆزلەش:

تەفسىل ئەيلەمەك — كېڭەيتىپ سۆزلىمەك.

تەفھىم [تفهيم] (ئە) چۈشەندۈرۈش، ئاڭلىتىش.

تەفۋىز [تفويض] (ئە) تاپشۇرۇش، ئىشنى باشقىلارغا يۈكلەش:

تەفۋىز ئەتمەك — تاپشۇرماق.

تەقابۇل [تقابل] (ئە) 1) ئۇچراشماق، يولۇقماق؛ 2) قارىمۇقارشى؛ 3) سېلىشتۇرماق، تەڭلەشتۈرمەك.

خىتا ئىقلىمى گەرچە مۇرغىزارى ھۆسن دەيدۇرلەر،
خۇتەن رەئنالارىغە، ئەي كۆڭۈل، قىلما تەقابۇل سەن.
— زەلىلى.

تەقازا [تقاضا] (ئە) خالاش، ئىستەش، تەلەپ قىلىش:

تەقازا قىلماق — ئىستىمەك، خالىماق، تەلەپ قىلماق.

تەقەببۇل [تقبل] (ئە) قوبۇل قىلىش:

تەقەببۇل ئەيلەمەك — قوبۇل قىلماق:

تەقەببۇل تىلىماق — «تەقەببۇل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تەقەددۇم [تقدم] (ئە) ئىلگىرىلەش، ئىلگىرىلەش، ئىلگىرى بولۇش:

كۆن تۇرسا دائىم، ئۇلماسا پىنھان، ماڭا قاراپ،
كۆز تىپىرەلىككە قالغۇسى تەقەددۇمۇڭ.

— گۇمنام.

**تەقەررۇب** [تقرب] (ئە) يېقىنلىشىش.

**تەقەييود** [تقيد] (ئە) باغلىنىش.

**تەقبىھ** [تقبيح] (ئە) يامانلىققا تارتىش، يامانلاش.

**تەقتىئ** [تقطيع] (ئە) 1› كېسىش؛ بۆلەكلەرگە بۆلۈش، پارچىلاش؛ 2› شېئىردا مىسرالارنى ئايرىم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ، ۋەزنىنى ئۆلچەش.

**تەقدىر** [تقدير] (ئە) 1› پەرەز، ئېھتىمال، ھال؛ 2› باھالاش؛ 3› پېشانىدىن كۆرۈش.

قاچان ۋابەستە ئۇلغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۆزلۈكدىن،
ماڭا لىكىن ئەسىر ئۇلماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.

— ئەرشى.

**تەقدىس** [تقديس] (ئە) پاك، مۇبارەك ۋە قۇتلۇق ھىسابلاش مۇقەددەس ساناش، ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك دەپ بىلىش.

**تەقدىم** [تقديم] (ئە) 1› بىرەر نەرسىنى بىرسىگە بېرىش؛ 2› بىرسىنى ئىككىنچى بىرسى بىلەن تونۇشتۇرۇش؛
تەقدىمۇ تەئخىر — ئالدى - كېيىن، مۇقەددەم - ئاخىر.

**تەقرىر** [تقرير] (ئە) قارار قىلىش؛ مەقسەتنى (ئاغزاكى) ئاڭلىتىش، بايان قىلىش:

جەفا مەكتۇبىنى ھىجران ئىلىگە شەرھ ئېتە ئالماي،
تىلىم تەقرىر ئېتەرگە ئاجىز ئۇلدى ھەم قەلەم تەنھا.

— زەلىلى.

تەقرىر ئەتمەك — «تەقرىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەقرىر ئەيلەمەك — سۆزلىمەك، تىلغا كەلتۈرمەك:

روىى زەردۇ ئاھى سەردىم كىمگە تەقرىر ئەيلەيىن،
ئۆزدە بۇ سۇرەت ئۇلغاچ رازدارىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

**تەقسىر** [تقصير] (ئە) [كۆپلۈكى: تەقسىرات] كەمچىلىك سادىر قىلىش؛ كەمچىلىك، نۇقسان:

ئەرشىنى مەھجۇردىن ئۆتتى نېچۈن تەقسىرلەر،
ۋەسلىڭە، ئەي شاھى خۇبان، بىر زەمان مەھرەم ئەمەس.

— ئەرشى

تەقسىر ئەتمەك — «تەقسىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەقسىر ئەيلەمەك — كەمچىلىك سادىر قىلماق؛ بىر ئىشنى ئاخىرغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يەتكۈزەلمەسلىك؛

تەقسىر قىلماق — «تەقسىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەقسىرات** [تقصيرات] (ئە) [بىرلىكى: تەقسىر] كەمچىلىكلەر، نۇقسانلار.

**تەقلىل** [تقليل] (ئە) ئازايتىش؛ كېمەيتىش؛

**تەقلىل قىلماق** — ئازايتماق، كېمەيتمەك.

**تەقۋا** [تقوى] (ئە) دىندارلىق، پەرھىزكارلىق؛

**تەقۋا ئەھلى** — تەقۋادار كىشى.

**تەقۋى** [تقوى] (ئە) «تەقۋا» غا قاراڭ:

تەقۋى ئەيلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل، ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخارەلەر يەڭلىغ بارالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

**تەقۋىم** [تقويم] (ئە) 1) توغرىلاش، تىكلەش؛ 2) بىرەر نەرسىنىڭ سۈرىتى،
3) پىلانىتلارنىڭ هال ۋە هەرىكەتلىرىنى كۆرسەتكۈچى يىللىق جەدۋەل، كالېندار، توپلام.

**تەقۋىيە** [تقويه] (ئە) «تەقۋىيەت» كە قاراڭ:

قىلسە كۆز غارەت كۆڭۈلنى، يۈز قىلۇر ئۆرتەرگە جەهدە
زۇلف ئاڭا تەقۋىيە ئەيلەپ جىسمى دالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

**تەقۋىيەت** [تقويت] (ئە) قۇۋۋەتلەش، قۇۋۋەت بېرىش، كۈچەيتىش؛ ياردەم بېرىش.

نەچە كۈن بۇلارنى قىلىپ تەربىيەت،
ساقايدى ياراسى قىلىپ تەقۋىيەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەقى** [تقى] تېخى، تېخىمۇ:

ياراشۇر باغ ئىچىگە غۇنچە بۇ گۈل،
تەقى خۇشلۇق باغىشلار ساقىنى مۇل.

— خىرقەتى.

يەنە، يەنىمۇ:

ئول ئاي مانەندى شىرىندۇركى ئارى مەن ئاڭا پەرھادە
تەقى ئەيلە مېنى ۋامىق، ئول ئاينى هەم قىلىپ ئۇزرا.

— موللا بىلال.

**تەك I** [تك] (پ) يورغىلاش، يۈگۈرۈش، چېپىش:

نە مۈمكىن سەئيى ئىلە كويى سارىغە نەچچە ئۆرسام تەك،
تەمەننا هەلقەسىدۇر ئول قۇياش ئىشكىدە سالىنچەك.

— ئەرشى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)






بسم الله الولی الاقدس



www.uyghurkitap.com





源　泉（布拉克）（维吾尔文）总26期　（پەسىللىك ژۇرنال）　بۇلاق (ئومۇمىي 26 - سان)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزىدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي جۇڭگو كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1003/I
本刊代号：58－108定价：1.90元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەتچى نومۇرى: 58 — 108 باھاسى: 1.90 يۈەن